# قۇرئان- سۈننەتتە ناماز

## بۇيرۇلغان ۋە تەرغىب قىلىنغان نامازلار

ئەنەس ئالىم

Süleymaniye Vakfı
YAYINLARI

# قۇرئان-سۈننەتتە ناماز

## بۇيرۇلغان ۋە تەرغىب قىلىنغان نامازلار

ئەنەس ئالىم

ئىستانبۇل 2013

بسم الله الرحمن الرحيم

سۇلايمانىيە ۋەقفى دىن ۋە فىترەت تەتقىقات مەركىزى

(ئۇيغۇرچە بۆلۈمى)

ئىستانبۇل 2013/1434

# ئاپتوردىن

ئى ئاللاھ! ھەر ئىشنى مۇكەممەل قىلىش ساڭا خاستۇر. سېنىڭ قۇدرىتىڭ نېمىدېگەن ئۇلۇغ! ئىلمىڭ نېمىدېگەن چەكسىز! بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭ نېمىدېگەن سان-ساناقسىز! ساڭا شۈكۈر-سانالار بولسۇن. ئى ئاللاھ! غەزىپىڭ ۋە ئازابىڭدىن ساقلىنىش يولىدا ماڭغان سادىق بەندىلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغىن، بەندەڭ ۋە ئەلچىڭ مۇھەممەدنىڭ شەنىنى ئۇلۇغ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلغىن، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان ماقامى مەھمۇدنى ئاتا قىلغىن. ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىغا، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە بەرىكەت ياغدۇرغىن، ئامىن!

ناماز ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ بىرى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىر تۈرىدۇر. نامازنى ئۆتەش مۇئمىنلىقنىڭ ئالامىتى، مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى، ئىخلاسمەنلىكنىڭ بەلگىسى ۋە تەقۋادارلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر.

نامازنىڭ قەتئىي بۇيرۇلغانلىرىمۇ بار، تەشۋىق قىلىنغانلىرىمۇ بار. ناماز قايسى ناماز بولسا بولسۇن تەكبىر بىلەن باشلىنىپ سالام بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مۇئەييەن ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭ شەرت ۋە شەكىللىرىنى، زىكىر ۋە دۇئالىرىنى قۇرئان-سۈننەتتىن ئۆگىنىپ، تەلەپكە لايىق ئۆتەش ئاساستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز توغرىسىدا يېتەرلىك سەۋىيەدە مەلۇماتلىق بولۇشى لازىمدۇر.

ھەر مۇسۇلماننىڭ قۇرئان-سۈننەتتىن بىۋاستە پايدىلىنالماسلىقى ئۇنى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىلغان كىتابقا موھتاج قىلىدۇ. ئۇنىڭ، كۈندىلىك ھاياتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان ناماز توغرىسىدا قولغا يېقىن، ئىخچام، ئاممىباپ ۋە چۈشىنىشلىك بىر قوللانمىغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ قاتتىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق قوللانمىنىڭ بار بولۇشى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

بۇ ھەقتە ئۇيغۇرچە يېزىلغان بىر كىتابنىڭ يوقلۇقى تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بىر بوشلۇق ئىدى. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب (قۇرئان-سۈننەتتە ناماز) ئەنە شۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يېزىلغان. كىتاب مۇناسىۋەتلىك ئايەت-ھەدىسلەرگە بىۋاستە ئاساسلىنىپ ئۇيغۇرچە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ھەر ياشتىكى ۋە ھەر سەۋىيەدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانغا خىتاب قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق مەلۇماتلارنى سۇنىدۇ.

كىتابنىڭ يېزىلىشى 2013- يىلى تاماملانغان بولسىمۇ «قۇرئان كەرىم ئىزاھلىق تەرجىمىسى»نى نەشرگە تەييارلاش پائالىيىتى بۇ كىتابنىڭ نەشرىنى كېچىكتۈرگەن ئىدى. ئەلھەمدۇ لىللاھ «قۇرئان كەرىم ئىزاھلىق تەرجىمىسى» 2017- يىلى نەشردىن چىقتى. ئاندىن بۇ كىتابنى قايتا قولغا ئېلىپ يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈردۈم ۋە بەزى ئىلاۋىلەرنى قوشتۇم. نەتىجىدە بۇ كىتاب روياپقا چىقتى. رەببىم ئاللاھتىن بۇ كىتابنىڭ پايدىلىق بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئەنەس ئالىم

2018- يىلى، 3- ئاينىڭ 9- كۈنى، ئىستانبۇل.

# كىرىش سۆز

بىزنى بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزىگە قۇلچىلىق قىلىش، تەزىم قىلىش ۋە مۇناجات ئېيتىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن ۋە نەپسىمىزنى تەربىيەلەشنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن، ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى، يىلدا ئىككى قېتىم ھېيت نامىزى ئوقۇشقا بۇيرۇپ خۇشال بولغان چاغلىرىمىزدىمۇ ئۆزىنى ئۇنۇتماسلىقىمىزنىڭ لازىملىقىنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، ھەپتىلىك ۋە يىللىق مۇھىم تەلىماتلاردىن ۋاقىپ بولۇش، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، بىر-بىرىمىز بىلەن دىدارلىشىپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن، ئۆلۈپ قالغان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن دۇئا ۋە ئىستىغپار ئورنىدا بىر تۈرلۈك ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇپ ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىش ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويغان، بىر قىسىم نەپلە نامازلارغا تەرغىب قىلىپ ئۆزىگە يېقىنلىشىشنىڭ ۋە روھىمىزنى پاكلاشنىڭ قائىدىسىنى بىلدۈرۈپ قويغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. ياخشى ئاقىۋەت ئاللاھنىڭ غەزەپ ۋە ئازابىدىن ساقلىنىش يولىدا ماڭغان تەقۋادارلارغا بولسۇن. ئاللاھ تەرىپىدىن قىيامەتكە قەدەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى نەبىي مۇھەممەدنىڭ شەنى ئۇلۇغ، دەرىجىسى ئۈستۈن بولسۇن. ئاللاھ ئۇنىڭ ئائىلە-تەۋەلىرىگە، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكىچە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە بەرىكەت ياغدۇرسۇن.

﴿إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللّٰهِ الإِسْلاَمُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا دىن پەقەتلا ئىسلام﴾[1] بولغانلىقى ئۈچۈن بەش ۋاخ ناماز تۇنجى پەيغەمبەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە پەرز قىلىنغان[2]. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە بارلىق ئۈممەتلەر بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇغان[3]. جۈملىدىن بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇغان ۋە ئوقۇشقا بۇيرۇغان.

پەيغەمبىرىمىز يەنە «رەۋاتىب سۈننەتلەر» دەپ ئاتىلىدىغان نامازلارنى ئوقۇغان، مەسجىدكە كىرىپلا ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇغان، ئىچى پۇشۇپ قالسا ناماز ئوقۇغان، سەپەردىن قايتىشىدا ئۇدۇل مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان ۋە ئۇلارنى ئوقۇشقا تەشۋىق قىلغان.

---

[1] 3- سۈرە ئال ئىمران، 19- ئايەت.

[2] 7- سۈرە ئەئراقنىڭ 31- ئايىتىدە ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ﴾ يەنى ﴿ئى ئادەم ئەۋلادى! ھەر ناماز ئۆتەيدىغان چېغىڭلاردا زىننەتلىنىدىغان كىيىمڭلارنى كىيىڭلار﴾ دېيىلگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئادەم ئەۋلادىنى ھەر سەجدە قىلىدىغان چېغىدا چىرايلىق كىيىنىشكە بۇيرۇغان. بۇ. نامازنىڭ يەر يۈزىگە ئادەمزات پەيدا بولغاندىن تارتىپ پەرز قىلىنغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

[3] جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى كۈن ئىماملىق قىلىپ، بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئەمەلىيەتتە تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھەممەد! مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىدۇر. سېنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىڭ مۇشۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتتۇر». (بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىت 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 166~167؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 1؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 2).

شۇنىڭدەك، كۈن تۇتۇلغاندا كۇسۇف نامىزى، ئاي تۇتۇلغاندا خۇسۇف نامىزى، يامغۇر ياغمىغاندا ئىستىسقا نامىزى ئوقۇغان. ساھابىلىرىغا قۇرئاندىن ئايەت ئۆگەتكەندەك ئىستىخارە قىلىشنى (بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئۇ ئىشنىڭ پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆڭلىگە سېلىشنى ئاللاھتىن تىلەشنى) ئۆگەتكەن. ئىككى ھېيت كۈنىنىڭ ھەر بىرىدە ھېيت نامىزى ئوقۇغان، كېچە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان، ئەتىگىنى چاشگاھ نامىزى ئوقۇغان[1].

پەيغەمبەرلىك ھاياتى بويىچە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن[2] قۇرئانغا ئەمەل قىلغان[3]، قۇرئاننى يەتكۈزگەن[4]، قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرنى ئۆگەتكەن[5] ۋە قۇرئانغا ئەمەل قىلىشتا ئۈلگە بولغان[6] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان ئەنە شۇ نەپلە نامازلار ئەسلىدە قۇرئان كەرىمدە تەشۋىق قىلىنغان.

---

① مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر بۇخارى، سەھىھ، مۇسلىم، سەھىھ، ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تىرمىزى، سۈنەن، نەسەئى، سۈنەن، ئىبنى ماجە، سۈنەن قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملىرىدە زىكىر قىلىنىدۇ.

② «رەببىڭدىن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا ئەگەشكىن» (ئەنئام 106/6، يۇنۇس 109/10، ئەھزاب 2/33)؛

③ «مەن ماڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغىلا ئەگىشىمەن» (ئەنئام 50/6، ئەئراف 203/7، يۇنۇس 15/10، ئەھقاف 9/46).

④ پەيغەمبىرىمىز مائىدە 5/67- ئايىتىدە ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. بۇنى ۋىدا خۇتبىسىنى ئاڭلىغان يۈز مىڭدىن ئارتۇق ساھابىنىڭ گۇۋاھلىقى ئىسپاتلايدۇ.

⑤ بەقەرە 129/2، 151، ئال ئىمران 164/3، ئەھزاب 34/33، جۇمۇئە 2/62.

⑥ «ئاللاھنىڭ رەسۇلى سىلەرگە- ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە- ھەقىقەتەن ياخشى ئۈلگىدۇر»- ئەھزاب 21/33.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرى ئىسلامنىڭ بىر ئەزاسى ھېسابلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنى نامازسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىداقتا نامازنىڭ شەرت، شەكىل ۋە ئەركانلىرىنى بىلىش، شۇنداقلا باشقىلارغا ئۆگىتىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر. تارىختىن بۇيان ئۆتكەن مۇسۇلمانلار بۇ ۋەزىپىنى يېزىش، سۆزلەش ۋە ئاغزاكى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئورۇنداپ كەلگەن.

مەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشىغا بىر ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن «قۇرئان-سۈننەتتە ناماز» دېگەن بۇ كىتابنى تەييارلاپ چىقتىم. كىتابتا ھەر بىر مەسىلىنى مۇناسىۋەتلىك ئايەت - ھەدىس پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتىم. مەزھەپ ئىختىلاپلىرىغا ئورۇن بەرمىدىم، لېكىن ئۆلىمالارنىڭ بەزى ئۇششاق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پەرقلىق كۆز قاراشلىرىنى بەت ئاستىدا زىكىر قىلدىم.

بۇرۇن يازغانلىرىمنى رەتلەپ، قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، دەلىللىرىنى كۆچلەندۈرۈشتە، دەلىل بىلەن مەسىلىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈشتە ۋە ئىملا خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشتە قولۇمدىن كەلگەننى قىلدىم. شۇنداقتىمۇ بۇ كىتابنى تولۇق سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تىرىشچانلىق بىزدىن، مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇر.

ئەنەس ئالىم

ئىستانبۇل 2013/03/19

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى بۆلۈم  ناماز ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە..................17**
**1- نامازنىڭ مەنىسى.............................................19**
**2- نامازنىڭ شەرتلىرى ......................................... 20**
1) ھەدەستىن تاھارەت..................................................20
2) نىجاسەتتىن تاھارەت ................................................24
3) سەترى ئەۋرەت.........................................................25
4) قىبلىگە يۈز كەلتۈرمەك...............................................28
5) ۋاقىت .....................................................................30
6) نىيەت......................................................................31
**3- نامازنىڭ ئەركانلىرى ...................................... 33**
1) ئىفتىتاھ تەكبىرى (باشلاش تەكبىرى)...........................33
2) قىيام.......................................................................38
3) قىرائەت ..................................................................41
① قىرائەتنى بىلمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالى..........................43
② فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماق .......................................47
③ سۈرە زەم (سۈرە قوشماق)........................................50
④ قىرائەتنىڭ ئۈنلۈك ياكى مەخپىي بولۇشى...................51
⑤ ئىمامنىڭ ئارقىسىدىكىلەرنىڭ قىرائىتى ....................54
4) رۇكۇ: .......................................................................57
① رۇكۇنىڭ شەكلى.......................................................59
② رۇكۇدا تەئدىل ئەركان ...............................................60
③ رۇكۇدا تەسبىھ ..........................................................62
④ رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈش............................................63
⑤ قوللارنى كۆتۈرۈش (رەفئىيەد) ...................................65
5) سەجدە .....................................................................69
① سەجدە قىلىش شەكلى ..............................................70
② سەجدىدىكى تەئدىل ئەركان ......................................72

③ سەجدىدىكى تەسبىھ.......................................................73
④ سەجدىدە قۇرئان ئوقۇشنىڭ چەكلىنىشى......................................75
⑤ سەجدىدە دۇئا قىلىش.......................................................76
⑥ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈش....................................................77
6) ئاخىرقى ئولتۇرۇش (قەئدە ئاخىر) ..........................................79
① ئەتتەھىيياتۇ ئوقۇش.......................................................80
② دۇرۇت ئوقۇش.............................................................83
③ دۇئا (رەببەنا) ئوقۇش.....................................................84
7) سالام بېرىش ..............................................................85
**4- نامازنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى......................... 87**
**5- ئاياللارنىڭ نامىزى ......................................91**
**6- نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار......................... 93**
**خۇلاسە.......................................................... 94**
**ئىككىنچى بۆلۈم بەش ۋاخ ناماز........................ 95**
**1- بەش ۋاخ نامازنىڭ تارىخى ............................. 99**
**2- ئاخىرقى ئۈممەتتە بەش ۋاخ ناماز.......................108**
**3- بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى.......................109**
**4- بەش ۋاخ نامازنىڭ ھېكمىتى ............................112**
**5- بەش ۋاخ نامازنىڭ پەزىلىتى ............................112**
**6- بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ...........................113**
1) پېشىننىڭ ۋاقتى.............................................................119
2) نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى ......................................................120
3) نامازشامنىڭ ۋاقتى.........................................................120
4) خۇپتەننىڭ ۋاقتى ..........................................................120
5) بامداتنىڭ ۋاقتى............................................................121
**7- ئەزان.......................................................123**
1) ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇشى ..................................................123
2) ئەزاننىڭ پەزىلىتى..........................................................124

3) مۇئەززىننىڭ ۋەزىپىسى ........................................126
4) ئەزاننى ئاڭلىغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ..................................126
**8. نامازنىڭ رەكئەتلىرى ........................................128**
**9. بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ھۆكمى..................138**
**10. جامائەت .................................................139**
1) جامائەتنىڭ ھۆكمى..................................................139
2) جامائەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەھمىيىتى ..................................141
خۇلاسە ...................................................................144
**ئۈچىنچى بۆلۈم نەپلە نامازلار .................................146**
**1. ۋاقتى بەلگىلەنگەن نەپلە نامازلار ..............................149**
1) چاشگاھ نامىزى.......................................................150
① پەزىلىتى...........................................................150
② ۋاقتى..............................................................151
③ رەكئەت سانى .......................................................152
④ ئوقۇلۇش شەكلى.....................................................152
2) پېشىننىڭ سۈننەتلىرى ................................................153
① تۆت رەكئەت دېگەن رىۋايەت.........................................153
② ئالتە رەكئەت دېگەن رىۋايەت........................................154
③ سەككىز رەكئەت دېگەن رىۋايەت .....................................154
3) نامازدىگەرنىڭ سۈننەتلىرى.............................................155
① ئىلگىرىكى سۈننىتى .................................................155
② كېيىنكى سۈننىتى....................................................155
4) نامازشام ۋە خۇپتەننىڭ سۈننەتلىرى....................................156
5) تەھەججۇد نامىزى....................................................157
6) بامداتنىڭ سۈننىتى...................................................158
**2. ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن نەپلە نامازلار ..............................159**
1) تەھىييەتۇل مەسجىد....................................................159
① «تەھىييەتۇل مەسجىد»نىڭ مەنىسى....................................160
② ئەھمىيىتى...........................................................162

③ ئوقۇش ئۇسۇلى ........................................................ 162
2) ئىستىخارە نامىزى........................................................ 163
① مەنىسى........................................................ 163
② دەلىلى ........................................................ 163
③ ئوقۇش ئۇسۇلى ........................................................ 165
ئەسكەرتىش: ........................................................ 165
3) هاجەت نامىزى........................................................ 166
4) تەۋبە نامىزى........................................................ 168
5) سەپەردىن قايتىش نامىزى ........................................................ 169
**تۆتىنچى بۆلۈم باشقا نامازلار ........................................................ 171**
**1ـ جۈمە نامىزى ........................................................ 173**
1) جۈمە كۈنى........................................................ 174
2) جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلىتى ........................................................ 174
3) جۈمە نامىزى پەرز بولغان كىشىلەر........................................................ 175
4) جۈمە نامىزىغا غۇسۇل قىلىپ چىقىش........................................................ 178
5) جۈمە نامىزىغا خۇشپۇراق نەرسە ئىشلىتىپ چىقىش........................................................ 179
6) جۈمە كۈنىگە مەخسۇس كىيىم كىيىش........................................................ 179
7) جۈمەگە مېڭىش شەكلى........................................................ 179
8) جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى........................................................ 180
9) جۈمەگە ئەزان........................................................ 181
10) خۇتبە ........................................................ 182
① خۇتبە ئەسناسىدا ناماز ئۆتەش........................................................ 184
② خۇتبە ئەسناسىدا گەپ قىلماسلىق ........................................................ 185
③ خۇتبە دۇئاسى ........................................................ 186
④ خەتىپكە يېقىن ئولتۇرۇش ........................................................ 187
11) جۈمە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى........................................................ 187
12) جۈمەدىن كېيىنكى سۈننەت ........................................................ 189
13) جۈمە كۈنىدىكى دۇئا قوبۇل بولىدىغان پەيت ........................................................ 191
**2ـ ئىككى هېيت نامىزى ........................................................ 192**

1) نامازغا بېرىشتىن بۇرۇن قىلىنىدىغان ئىشلار .......................... 195
① روزا ھېيت كۈنىنى بەلگىلەش.............................. 195
② سەدىقە فىترىنى ئادا قىلىش .................................... 196
③ روزا ھېيت نامىزىغا يەپ-ئىچىپ چىقىش.............................. 197
④ قۇربان ھېيت نامىزىغا يەپ-ئىچمەي چىقىش ........................ 197
⑤ ھېيت نامىزىغا غۇسۇل قىلىپ بېرىش............................... 198
⑥ ھېيت نامىزىغا ئائىلە ئەزالىرى بىرلىكتە بېرىش........................ 198
2) ھېيت نامىزى......................................................... 199
① ھۆكمى............................................................ 199
② ئوقۇش ئۇسۇلى.................................................... 201
3) ھېيت نامىزىنىڭ باشقا يەرلىرىنىڭ شەكلى .................................. 205
4) ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىنىدىغان ئىشلار............................ 207
**3ـ تەھەججۇد نامىزى ........................................ 208**
1) ھۆكمى ................................................................ 210
2) ۋاقتى ................................................................. 212
3) رەكئەت سانى......................................................... 217
4) ئوقۇش ئۇسۇلى......................................................... 218
خۇلاسە ................................................................ 220
**4ـ ئىستىسقا نامىزى ........................................ 222**
1) «ئىستىسقا»نىڭ مەنىسى ................................................ 225
2) ئىستىسقا نامىزىنىڭ ۋاقتى ............................................ 225
3) ئىستىسقا نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى...................................... 226
4) رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئوقۇغان ئىستىسقا دۇئالىرى:............................ 229
**5ـ كۇسۇف نامىزى............................................ 229**
**6ـ خۇسۇف نامىزى............................................. 231**
**بەشىنچى بۆلۈم ناماز ئوقۇشقا ئاسانلىقلار ............................ 233**
**1ـ تەيەممۇم رۇخستى ........................................ 236**
**2ـ ئۆدۈل كەلگەن تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش رۇخستى .............. 237**

1) كىسەل كىشى ................................................ 238
2) قورققان كىشى ................................................ 238
**3. نامازنى ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ئوقۇش رۇخستى ............ 240**
**4. نامازلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش رۇخستى ................... 241**
**5. نامازنى قەسر قىلىپ ئوقۇش رۇخستى ........................ 242**
**ئالتىنچى بۆلۈم مېيىت نامىزى ......................................... 245**
**1. «مېيىتقا ناماز ئوقۇش»نىڭ مەنىسى .............................. 248**
**2. مېيىتقا ئالاقىدار ئىشلار ............................................ 253**
1) سەكراتتىن نامازغىچە ................................................ 253
2) ناماز ................................................ 258
① ھۆكمى ................................................ 258
② پەزىلىتى ................................................ 259
③ ئەركانى ................................................ 260
④ شەكلى ................................................ 265
3) نامازدىن دەپنىگىچە ................................................ 268
4) دەپنىدىن كېيىن ................................................ 271
**يەتتىنچى بۆلۈم سوئال-جاۋابلار ....................................... 275**
**بالاغەتكە يېتىش يېشى قانچە؟ ......................................... 277**
**نامازغا قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟ ......................................... 278**
**بىر تاھارەت بىلەن قانچە ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ؟ ................ 279**
**مەككە دەۋرىدە ناماز تاھارەتسىز ئوقۇلغانمۇ؟ ....................... 280**
**مۇقەددىمە-ئاخىر ئوقۇپ سالسا قانداق بولىدۇ؟ ..................... 282**
**قاتناش ۋاستىلىرىدا ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟ ........................ 285**
**تەسبىھ نامىزى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ............................. 287**
**ھامىلدار ئايال قانداق ناماز ئوقۇيدۇ؟ ................................. 289**
**نامازنى قەسر قىلىپ ئوقۇشنىڭ شەرتى بارمۇ؟ ...................... 290**
**قانداق ئىمامغا ئىقتىدا قىلغىلى بولىدۇ؟ .............................. 293**

مەن مۇساپىرمۇ؟ ........................................295
ئاخىرقى سۆز ...............................................300
پايدىلانغان كىتابلار .....................................301

# بىرىنچى بۆلۈم
# ناماز ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

# 1ـ نامازنىڭ مەنىسى

ناماز دەپ تەرجىمە قىلىنغان سالات «**صلاة**» لۇغەتتە ئوت ياقماق، ئوتتا ئىسسىنماق، ئوتتا قىزارماق دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغان سەلىي «**صَلْي**» سۆز تومۇرىدىن (مەسدەرىدىن) تۈرلەنگەن بولۇپ دۇئا قىلماق، ئىبادەت قىلماق، باشقىسى ئۈچۈن بەرىكەت تىلىمەك، ئۇلۇغلىماق، مەغپىرەت تىلىمەك دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[1].

سالات پارسچىدا تەزىم ئۈچۈن ئېگىلمەك، قۇللۇق بىلدۈرمەك، ئىبادەت قىلماق دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغان «ناماز» سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋە بۇ سۆز تۈرك تىلىغا كىرگەن.

«سالات» (ناماز) دېگەن سۆزنىڭ ئاتالغۇ (ئىستىلاھى) مەنىسى بولسا «تەكبىر بىلەن باشلىنىپ سالام بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، مۇئەييەن ھەرىكەت ۋە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بەدەنىي ئىبادەت»دىن ئىبارەتتۇر[2].

---

① ئەبۇلھۈسەيىن ئەھمەد ئىبنى فارىس ئىبنى زەكەرىييا، مەجمۇئۇ مەقايىسۇللۇغە، دارۇلفىكىر، بېيرۇت، ص ل ي ماددىسى، 572ـ بەت؛ راغىب ئىسفەھانى، مۇفرەداتى ئەلفازىل قۇرئان، دارۇلقەلەمـ دارۇششامىييە، دەمەشقـ بېيرۇت 1992، ص ل ي ماددىسى، 490~491؛ مۇھەممەد ئىبنى مۇكەررەم ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇل ئەرەب، دارۇ سەدر، بېيرۇت، 1990، ص ل ي ماددىسى، 14ـ جىلد، 464~468.

② م. كامىل ياشارئوغلۇ «ناماز»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2006 32ـ جىلد، 350ـ بەت.

«قۇرئــان كەرىــم»دە پەرقلىــق شــەكىللىرى بىــلەن 125 قېتىم[1] تەكرارلانغـان سـالات (صــــلاة) كەلىمىسـى دۇئـا، دۇئـا قىلىماق[2]، پاكلىماق[3] دېگەن مەنىلەر بىلەن بىرلىكتە ئومۇمەن «ناماز» مەنىسىدە كەلگەن.

نامــاز مەنىســىدە كەلــگەن ســالات «قۇرئــان كەرىــم»دە كۆپىنچە «ئىقامە» سـۆز تومۇرىـدىن (مەسـدىرىدىن) تـۈرلەنگەن كەلىمىلەر بىلەن بىرلىكتە ﴿أَقِيمُوا الصَّلاةَ﴾، ﴿يُقِيمُــونَ الصَّــلاةَ﴾، ﴿الْمُقِيمِينَ الصَّلاةَ﴾ دېگەندەك شەكىللەردە كېلىدۇ. بىز بۇ كىتابتا ئىستىلاھى مەنىسىدىكى سالات (يەنى ناماز) ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

## 2. نامازنىڭ شەرتلىرى

نامازنىــڭ شــەرتلىرى نامــازنى باشلاشــتىن بــۇرۇن ئــادا قىلىنىدىغان پەرزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن «نامازنىـڭ شـەرتلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### 1) ھەدەستىن تاھارەت

«ھەدەس» لــۇغەتتە «يــېڭىن زامانــدا مەيــدانغا كەلــگەن نەرسە، كېيىن پەيدا بولغان نەرسە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، فىقھ

① مۇھەممەد فۇئـاد ئابـدۇلباقى، ئەلمۇئجەمـۇل مـۇفەھرەس لىئەلفازىـل قۇرئانىل كەرىم، ئىستانبۇل 1982، ص ل ي ماددىسى 412~414.
② 9- سۈرە تەۋبە، 99-، 103- ئايەتلەر.
③ 2- سۈرە بەقەرە، 157- ئايەت.

ئىستىلاھىدا تاھارەتسىزلىك ياكى جۇنۇپلۇق سەۋەبىدىن ئىنساندا پەيدا بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنغان مەنىۋى پاسكىنىلىق ياكى بۇ پاسكىنىلىقنىڭ سەۋەبى دېگەن بولىدۇ[1].
ھەدەستىن تاھارەت بولسا، ئەھۋالغا قاراپ تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش ۋە ياكى تەيەممۇم قىلىش ئارقىلىق بۇ مەنىۋى پاكىزلىقنى ھاسىل قىلىش دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَيْنِ وَإِنْ كُنْتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُوا وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

﴿ئى مۇئمىنلار! نامازغا تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار ئوبدان پاكلىنىڭلار. ئەگەر كېسەل بولساڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى تاھارەت سۇندۇرغان بولساڭلار ۋە ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولساڭلار، ئاندىن سۇ تاپالمىساڭلار، پاكلىنىش نىيىتى بىلەن ئالىقىنىڭلارنى پاك تۇپراققا ئۇرۇپ، ئۇلار بىلەن يۈزۈڭلارنى ۋە

[1] رەھمى ياران، «ھەدەس»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 1997، 15- جىلد، 1- بەت.

قولۇقلارنى سىلاڭلار[1]. ئاللاھ سىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشنى ئىرادە قىلمايدۇ. لېكىن ئاللاھ سىلەرنى پاكلاشنى ۋە سىلەرگە نېمىتىنى تاماملاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شۈكۈر قىلغايسىلەر!﴾[2].

بۇ ئايەتتە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەن چاغدا ئۇ نامازنى ئادا قىلماقچى بولغانلار تاھارەتسىز بولسا تاھارەت ئېلىشقا، جۇنۇپ بولسا غۇسۇل قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. كېسەللىك ياكى يولۇچىلىقتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇ تاپالمىغان ياكى سۇنى ئىشلىتەلمەيدىغانلار تاھارەت ئېلىشنىڭ ياكى غۇسۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىشلىرىغا رۇخسەت بېرىلىدۇ. تاھارەتنىڭ ئورنىغا قىلىنىدىغان تەيەممۇم بىلەن غۇسۇلنىڭ ئورنىغا قىلىنىدىغان تەيەممۇمنىڭ ئوخشا ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، بۇ ئايەتتە تاھارەتنى قانداق ئېلىش چۈشەندۈرۈلىدۇ، تاھارەتنى سۇندۇرىدىغان ئامىللار تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئايەتكە ئاساسەن، تاھارەت ئىككى تۈرلۈك، سۇندۇرىدىغان ئامىللارمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. كىچىك تاھارەت. بۇ، ئايەتنىڭ بېشىدا چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇنى ھاجەتخانىدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئاز دېگەندە بىرىنىڭ يۈز بېرىشى سۇندۇرىدۇ، يەنى ئالدى ياكى ئارقا تەرەپ يوللىرىدىن چىققان ھەر نەرسە تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. بۇ نەرسىلەر ھاجەتخانىنىڭ سىرتىدا چىقسىمۇ ئوخشاشلا تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ.

---

[1] يەنى تاھارەتنىڭ ياكى غۇسۇلنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىڭلار.
[2] 5- سۈرە مائىدە. 6- ئايەت.

كىشى ئۇخلىغان چېغىدا، تۇيماستىن تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەن بولۇش ئېھتىمالىنىڭ دەرىجىسى ئاساس قىلىنىدۇ: شۇڭا يېتىپ ياكى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ ئۇخلاش تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ مۈگدەش تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ.

2- چوڭ تاھارەت. بۇنى ئايەتنىڭ «ئوبدان پاكلىنىڭلار» دېگەن مەندىكى قىسمى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى جۇنۇپلۇق سۇندۇرىدۇ. 2- سۈرە بەقەرەنىڭ 222- ئايىتىنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن ھەيز ۋە نىفاسمۇ چوڭ تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ. بۇ توغرىدا «لازىملىق دىنى ئىلىملەر»دە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى[1].

مۇناسىۋەتلىك ئىككى ھەدىس مۇنداق:

«تاھارەتسىز ئوقۇلغان ھېچقانداق ناماز قوبۇل قىلىنمايدۇ»[2]. «تاھارىتى سۇنغان كىشى قايتا تاھارەت ئالمىغۇچە نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[3].

---

① ئەنەس ئالىم، لازىملىق دىنى ئىلىملەر -1-، 2017 1- نەشرى، 1- باسمىسى، ئىستانبۇل، 19-23 بەتلەر.

② مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 2 (224)؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 1؛ نەسەئى، سۈنەن، تاھارەت 103، زاكات 48؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، تاھارەت 2؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 2/51، 73.

③ بۇخارى، سەھىھ، ھىيەل 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 2 (225)؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 56؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 2/318.

## 2) نىجاسەتتىن تاھارەت

نىجاسەت «ماددىي پاسكىنىلىق» دېگەن بولۇپ نىجاسەتتىن تاھارەت، «ماددىي پاسكىنىلىقنى پاكىزلىماق» دېگەن بولىدۇ. ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى پاكىزلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلار ناماز ئوقۇلىدىغان جاينىڭ، ناماز ئوقۇلىدىغان كىيىمنىڭ ۋە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنىنىڭ پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿...وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَنْ طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾

﴿... بىز ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا: ‹ئۆيۈمنى تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاكىز تۇتۇڭلار› دەپ تاپىلىغان ئىدۇق﴾.[1]

﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَنْ لَا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾

﴿بىز ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىدۇق: ‹ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلما، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ- سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇت›﴾.[2]

مانا بۇ ئايەتلەر ناماز ئوقۇلىدىغان جاينىڭ پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 125- ئايەت.

② 22- سۈرە ھەج، 26- ئايەت.

ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَثِيَابَكَ فَطَهِّـرْ﴾ ﴿كىيىملىرىڭنى پاك تۇت﴾[1] دېگەن بۇيرۇقى كىيىملەرنىڭ ھەر دائىم پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇ، دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىبادىتى بولغان نامازدا كىيىملەرنى پاك تۇتۇشنىڭ شەرت قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ نامازدىكى چېغى، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان، شۇنداقلا ئەڭ مۇكەممەل ھالىتى بىلەن تۇرۇشى كېرەك بولغان چېغىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَاللّٰهُ يُحِبُّ الْمُطَّهِّرِينَ﴾ ﴿ئاللاھ پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزى يۇقىرىدىكى پاكىزلىقلارنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنىنىڭ پاكىز بولۇشىنىڭ لازىملىقىغىمۇ دالالەت قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[3] دېگەن سۆزى پۈتۈن بۇ پاكىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

### 3) سەترى ئەۋرەت

لۇغەتتە «ياپماق، يۆگىمەك، يوشۇرماق، مەخپىي قىلماق» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سەترى (ستر) دېگەن كەلىمە بىلەن «بەدەننىڭ كىشىگە كۆرسىتىشكە بولمايدىغان ئۇياتلىق قىسمى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئەۋرەت (**عورة**) دېگەن

---

[1] 74- سۈرە مۇددەسسىر، 4- ئايەت.

[2] 9- سۈرە تەۋبە، 108- ئايەت؛ 2- بەقەرەنىڭ 222- ئايىتىنىڭ ئاخىرىمۇ بۇ مەزمۇندا كەلگەن.

[3] مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 1 (223).

كەلىمىدىن تەركىب تاپقان سەترى ئەۋرەت (**ستر عورة**)، نامازدا ۋە نامازنىڭ تېشىدا بەدەندىن يۆگەشكە تېگىشلىك بولغان يەرلەرنى يۆگەشنى ئىپادىلەيدۇ[1].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**يَا بَنِي آدَمَ قَدْ أَنْزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَارِي سَوْآتِكُمْ وَرِيشًا...** ﴾

﴿ئى ئادەم ئەۋلادى! بىز سىلەرگە ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان كىيىم ۋە سىلەر زىننەتلىنىدىغان كىيىم نازىل قىلدۇق...﴾[2].

﴿**يَا بَنِي آدَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ...**﴾

﴿ئى ئادەم ئەۋلادى ھەر ناماز ئوقۇيدىغان چېغىڭلاردا زىننەتلىنىدىغان كىيىمڭلارنى كىيىڭلار﴾[3]

بىرىنچى ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەۋلادىغا ئەۋرەت يەرلىرىنى ياپىدىغان ۋە زىننەت بولىدىغان ئىككى تۈرلۈك كىيىم نازىل قىلىپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى ئايەتتە بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئادەم ئەۋلادىنى ناماز ئوقۇيدىغان چېغىمىزدا ئۆزىمىزگە زىننەت بولىدىغان كىيىمىمىزنى كىيىشكە ئەمر قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

---

① فاتىھ ئوقۇمۇش، «سەترى ئەۋرەت»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2009، 36- جىلد، 576- بەت.

② 7- سۈرە ئەئراف، 26- ئايەت.

③ 7- سۈرە ئەئراف،31- ئايەت.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ناماز ئوقۇۋېتىپ چىقىمىزدا «ئەۋرەت يەرلىرىمىزنى ياپىدىغان كىيىمىمىز» بىلەن بىرلىكتە «زىننەتلىنىدىغان» كىيىمىمىزنىمۇ كىيىشىمىز لازىم. كىندىك بىلەن تىز ئارىسىنى يۆگەيدىغان شەكىلدىكى كىيىم بىلەن ياكى ئۇخلاش كىيىمى بىلەن ناماز ئوقۇغانلار ئەنە شۇ ئايەتكە ئەمەل قىلمىغان بولىدۇ.

24- سۈرە «نۇر»نىڭ 31- ئايىتىدە ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەردە ئايال كىشىنىڭ يۈزى، ئىككى قولى (بېغىشىغىچە) ۋە ئىككى پۇتى (ئىككى ئوشۇقىنىڭ ئاستى قىسمى) قاتارلىق يەرلىرىدىن باشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى يۆگىلىشى كېرەك بولغان «زىننەت» دەپ بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ «زىننەتلىنىدىغان» كىيىمى ئۇنىڭ ئەنە شۇ «زىننەت»ى بولغان بەدىنىنى يۆگەيدىغان شەكىلدىكى كىيىمى ۋە ياغلىقىدۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە (7- سۈرە ئەئرافنىڭ 31- ئايىتىدە) «ئادەم ئەۋلادى» بولغان ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنى نامازنى ئادا قىلىدىغان چاغلىرىدا زىننەت ھېسابلىنىدىغان كىيىملىرىنى كىيىشكە ئەمر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاياللار نامىزىنى ئۆيىدە ئوقۇسۇن، سىرتتا ئوقۇسۇن، يېنىدا نامەھرەم بولسۇن بولمىسۇن «زىننەتلىنىدىغان» كىيىمى بىلەن ئوقۇشى كېرەك. يەنى ئايال كىشى نامازنى يۈزى، ئىككى قولى (بېغىشىغىچە) ۋە ئىككى پۇتى (ئوشۇقلىرىنىڭ ئاستى قىسمى)دىن باشقا پۈتۈن بەدىنىنى، سىرتقا چىققان چېغىدا ياكى نامەھرەم كۆرۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان يەرلەردە يۆگىگەنىدەك كەڭ ۋە قېلىن كىيىملەرنى كىيىش، بېشىغا چوڭ بىر ياغلىق ئارتىش ئارقىلىق يۆگەپ تۇرۇپ ئوقۇشى كېرەك.

## 4) قىبلىگە يۈز كەلتۈرمەك

لۇغەتتە «تەرەپ، يۈز كەلتۈرۈلگەن تەرەپ، يۈز كەلتۈرۈلگەن نەرسە» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان «قىبلە» دېگەن كەلىمىنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى مۇسۇلمانلارنىڭ نامازدا يۈز كەلتۈرۈشى شەرت بولغان تەرەپ، كەئبە دېگەن بولىدۇ[1].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَدْ نَرَى تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي السَّمَاءِ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنْتُمْ فَوَلُّوا وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ وَإِنَّ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّهِمْ وَمَا اللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ﴾

﴿ئى مۇھەممەد! كۆرۈۋاتىمىزكى، سەن بۇيرۇقىمىزنى كۈتۈپ پات-پات ئاسمانغا قاراۋاتىسەن. بىز سېنى چوقۇم سەن مەمنۇن بولىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. بۇنىڭدىن ئېتىبارەن نامىزىڭدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن! ئى مۇئمىنلار! سىلەرمۇ قەيەردە بولساڭلار نامىزىڭلاردا يۈزۈڭلارنى ئۇنىڭ تەرىپىگە قىلىڭلار. كىتاب بېرىلگەنلەر ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇكى، قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئۆزلىرىنىڭ رەببىدىن

[1] ① ئەھمەد گۈچ، «قىبلە»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئەنقەرە 2002، 25- جىلد، 364- بەت.

كەلگەن ھەق ھۆكۈمدۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس﴾[1].

بۇ ئايەتنىڭ نازىل قىلىنىشى بىلەن مۇسۇلمانلار نامازلىرىدا كەئبە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىسىگە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىۋېتىپ: «ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا كامىل تاھارەت ئال، ئاندىن قىبلىگە يۈز كەلتۈر ۋە ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ نامازنى باشلا»[2] دەپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەرز بولسۇن، نەپلە بولسۇن ناماز ئوقۇغاندا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بەزى زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا ۋە رۇخسەت بېرىلگەن ئەھۋاللار يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇغانلار بۇ شەرتكە رىئايە قىلمىسا نامىزى توغرا بولمايدۇ.

مەككىدە مەسجىدى ھەرەمدە ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈزىنى ۋە ئالدىنى قىبلىگە قىلىشى شەرت. ئەمما كەئبىدىن يىراق جايلاردا ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ كەئبىنىڭ دەل ئۆزىگە ئەمەس، كەئبە بولغان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشى كۇپايە قىلىدۇ. بۇ يۈز كەلتۈرۈشتە كىچىك ئېغىپ كېتىشلەر «قىبلىدىن يۈز ئۆرۈش» دەپ قارالمايدۇ، شۇنداقلا كەئبە بولغان نۇقتىدىن 45°

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 144- ئايەت.

② بۇخارى، سەھىھ، ئىستىئزان 18، ئەيمان 115؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 46؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 115؛ نەسەئى، سۈنەن، سەھۋ 67، تەتبىق 15؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 72؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 116/1.

قەدەر ئـوڭ-سـولغا ئېغــىپ كېتىشــلەر بـۇ دائىربــدە ھېسـابلىنىدۇ. يەنى نامىزىـدا كەئبىنىـڭ ئورنىـدىن °45 ئوڭغـا يـاكى °45 سـولغا ئېغىــپ كەتكەنــلەر «قىــبلىگە يــۈز كەلتــۈرۈش» شــەرتىنى ئــادا قىلغان بولىدۇ[1].

## 5) ۋاقىت

يەنى ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشى شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**إِنَّ الصَّلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَّوْقُوتًا**﴾.

﴿شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلارغا ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر﴾[2].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتىن ئىلگىرىكى ئىككى ئايەتتە يەنە 4- سۈرە نىسانىڭ 101- ۋە 102- ئايەتلىرىدە سەپەر ئۈستىدە دۈشمەنىنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورققان مۇسۇلمانلارغا نامازلىرىنى بىر رەكئەتكە چۈشۈرۈپ ئوقۇشقا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن 103- ئايەتنىڭ ئاخىرىدا بۇ رۇخسەتنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەش ۋاخ نامازنىڭ ھېچبىرىنى ھېچقانداق باھانە بىلەن ئۆز ۋاقتىنىڭ سىرتىدا ئوقۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىر ناماز ئۈچۈن

---

① ئەھـــمەد ئـــۆزەل، «قىـــبلە»، تـــۈركىيە دىيـــانەت ئىســـلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئەنقەرە 2002، 25- جىلد، 367- بەت.

② 4- سۈرە نىسا، 103- ئايەت.

بەلگىلەنگەن ۋاقىت چىقىپ كەتسە ئۇ ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندەك ئۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنىمۇ باشقا ۋاقىتتا ئادا قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

ئۇخلاپ قالغانلىقتىن ياكى ئۇنتۇغانلىقتىن نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغانلارغا كەلسەك، ئۇلار بۇ نامىزىنى ئويغانغان ياكى ئېسىگە كەلگەن چاغدا ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سەۋەنلىكتىن ۋە ئۇنتۇغانلىقتىن قىلىپ سالغان خاتالىقتىن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ (2- سۈرە بەقەرە، 286- ئايەتنىڭ بىر قىسمى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ).

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم بىر نامازنى ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى ئۇخلاپ قېلىپ ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسا، ئېسىگە كەلگەن چاغدا ئوقۇسا ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ»[1].

### 6) نىيەت

لۇغەتتە «يۈزلەنمەك، قەتئىي ئىرادە قىلماق، مەقسەت قىلماق، كۆڭۈلگە پۈكمەك، ئىنتىلمەك، مەقسەت» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان نىيەتنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى «ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن، ئاللاھنىڭ

[1] مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 315 (684).

ھۆكمگە بويسۇنۇش ئۈچۈن ئىشقا ئىنتىلگەن ئىرادە» دېگەن بولىدۇ[1].

قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ ئىخلاس بىلەن قىلىنىشىنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلغان ئايەتلەر[2] ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىق»[3] دېگەن ھەدىسى دالالەت قىلىدۇكى، پۈتكۈل ئىبادەتلەردە نىيەت شەرتتۇر. جۈملىدىن نامازدىمۇ شەرتتۇر.

نامازنىڭ نىيىتى بولسا قايسى نامازنى ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى ۋە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆڭۈلگە پۈكمەكتۇر. نامازنىڭ نىيىتىنىڭ ئەرەبچە، پارسچە ياكى باشقا بىر تىلدا تەلەپپۇز قىلىنىشى شەرت ئەمەس. پەيغەمبىرىمىز نامازغا تۇرغاندا «نىيەت قىلدىم، ئۆتەرمەن، پالانى نامازنىڭ مۇنچە رەكئەت پەرزىنى ياكى پۈستانى نامازنىڭ شۇنچە رەكئەت سۈننىتىنى...» دېگەن شەكىلدە نىيەت قىلمىغان. ساھابىلەرمۇ بۇ شەكىلدە نىيەت قىلمىغان. چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر، ئەسلا تىل ئەمەستۇر. تىل بىلەن نىيەت قىلىنمايدۇ، بەلكى تىل بىلەن سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يەنى نىيەت تىل بىلەن ئوقۇلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى دىلدىكى قەتئىي ئىرادىدۇر، خالاس.

ھەدىس كىتابلىرىدا نىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەقەت يۇقىرىدىكى ھەدىسلا بار. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بىلەن مەزكۇر

---

① ئىبراھىم كافى دۆنمەز، «نىيەت»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2007، 33- جىلد، 169-170- بەت.

② 2- سۈرە بەقەرە، 112- ئايەت؛ 4- سۈرە نىسا، 125- ئايەت؛ 98- سۈرە بەييىنە، 5- ئايەت.

③ بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇل ۋەھيى 1، ئىمان 41؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 155 (1907)

ھەدىستىن چىقىدىغان ھۆكۈم شۇدۇر: ناماز ئوقۇغان كىشى قايسى نامازنى ئوقۇسا ئوقۇسۇن، باشتا ئوقۇماقچى بولغان نامىزنى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ باشلىشى، ئوقۇغان نامىزىنىڭ قايسى ناماز ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە ھېس قىلىشىدۇر. چۈنكى يۇقىرىدا دېيىلگەندەك نىيەت تىلىنىڭ ئوقۇشى ئەمەس، دىلىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىدۇر.

## 3- نامازنىڭ ئەركانلىرى

نامازنىڭ ئەركانلىرى نامازنىڭ ئىچىدە ئادا قىلىنىشى كېرەك بولغان پەرزلەر بولۇپ، بۇلار يەتتىدۇر:

### 1) ئىفتىتاھ تەكبىرى (باشلاش تەكبىرى)

ئىفتىتاھ تەكبىرى نامازنىڭ شەرتلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن نامازنى باشلاش ئۈچۈن ئىككى قولنى كۆتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلغان تەكبىردۇر. بۇ تەكبىر باشلاش تەكبىرى دېگەن مەنىدە «تەكبىرى ئىفتىتاھ» دېيىلگەندەك، نامازنىڭ سىرتىدا قىلىنىشى ھالال بولغان ئىشلارنى ھارام قىلىش تەكبىرى دېگەن مەنىدە «تەكبىر تەھرىمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ[1].

---

① سەففەت كۆسە، «تەكبىر»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2011، 40- جىلد، 342- بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەت، بېشى تەكبىر، ئاخىرى سالامدۇر» دېگەن[1].

بەزى ئالىملار ئەئلا سۈرىسىنىڭ: ﴿**وَذَكَرَ اسْمَ رَبِّهِ فَصَلَّى**﴾ ﴿رەببىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ ناماز ئوقۇغان﴾[2] دېگەن ئايىتىنى ئىفتىتاھ تەكبىرىگە دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«رەببىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ ناماز ئوقۇماق»، نامازنىڭ بېشىدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ناماز ئوقۇماق دېمەكتۇر. چۈنكى ئۇ ئايەتكە ئاساسەن ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلماستىن نامازنى باشلىغىلى بولمايدۇ. ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ نامازنىڭ بېشىدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىشى ئۇنىڭ «رەببىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ ناماز ئوقۇشىدۇر»[3].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامازنىڭ بېشىدا ئۇ تەكبىرنى قانداق ئېيتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغان چېغىدا ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرەتتى، ئاندىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەيتتى»[4].

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 73-74، تاھارەت 31؛ تىرمىزى، سۈنەن، تاھارەت 3، مەۋاقىت 62؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، تاھارەت 3؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 123/1.

② 87- سۈرە ئەئلا، 15- ئايەت.

③ فەخرىددىن رازى، تەپسىرى كەبىر؛ قۇرتۇبى، ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان.

④ بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 83، 84، 85، 86؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 22 (390)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، سالات 16؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات

ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان باشقا بىر ھەدىستە[1] مۇنداق دېيىلىدۇ: «**پەيغەمبەر** ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ بېشىدا ئىككى قولىنى، بارماقلىرى قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان شەكىلدە، مۈرىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتقان»[2].

---

117؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 190؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 1، 2، 3؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 15.

① مۇسلىم، سەھىھ،، سالات 54 (401)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 117؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 15؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 107، 139، 187.

② ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىن ئىمام تاھاۋى ئىفتىتاھ تەكبىرىدە قوللارنىڭ قەيەرگىچە كۆتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەر ئىككى كۆز قاراشنى دەلىللىرى بىلەن بايان قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «پەيغەمبىرىمىز قوللىرى كىيىمىنىڭ ئىچىدە چاغدا ناماز ئوقۇسا مۈرىلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرىدىغانلىقى، لېكىن قوللىرى كىيىم ئىچىدە بولمىغان ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇسا قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرىدىغانلىقى»دىن ئىبارەت كۆزقاراشنى تاللىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى ئىمام تاھاۋى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىفتىتاھ تەكبىرىدە قوللىرىنى مۈرىلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرگەنلىكىنى» زىكىر قىلغان ھەدىسىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاۋا سوغۇق ۋاقىتلاردىكى پېئىلىنى بايان قىلغانلىقىنى، ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىفتىتاھ تەكبىرىدە قوللىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرگەنلىكىنى» زىكىر قىلغان ھەدىسىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قوللىرى ئەركىن-ئازادە بولغان (يەنى سوغۇق بولمىغان) ۋاقىتلاردىكى پېئىلىنى بايان قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىدا بىر زىتلىق يوقلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مۇھەممەد ۋە ئەبۇ يۇسۇف رەھىمەھۇمۇللاھنىڭ كۆزقارىشىدۇر.- (تاھاۋى، شەرھۇ مەئانىل ئاسار، 1-جىلد، 195- ۋە 197- بەتلەر. ئەلائۇددىن ئەبۇ بەكىر ئىبنى مەسئۇد كاسانىي، بەدائىئۇسسەنائىئ فى تەرتىبىششەرائىئ، دارۇلھەدىس، قاھىرە 2005، 2- جىلد، 28- بەت).

ئىمام شافىئىي (ر.ئە) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ۋائىل ئىبنى ھۇجر (ر. ئە) لەرنىڭ يۇقىرىدىكى پەرقلىق ئىككى رىۋايىتى بىلەن ۋائىل ئىبنى ھۇجر (ر.ئە)

بۇنىڭغا ئاساسەن، نامــاز ئوقۇمــاقچى بولغــان كىشــى قــوللىرىنى يۇقىرىـــدا كۆرســـىتىلگەن شـــەكىللەردە كۆتـــۈرۈپ «ئـاللاھۇ ئەكـبەر» دەپ نامـازنى باشـلايدۇ ۋە قـوللىرىنى بـاغلاپ تۇرىـــدۇ. نامـــازدا ئـــوڭ قـــول ســـول قولنىـــڭ ئۈســـتىدە قويۇلـــۇپ باغلىنىشـــى ســـەھىھ ھەدىســـلەر بىـــلەن ئىســـپاتلىنىدۇ، لـېكىن قوللارنىـــڭ قەيەردە قويۇلـــدىغانلىقى توغرىســـىدا پەرقلىـــق كـــۆز قاراشـلار بـار. فىقھ ئالىملىرىنىـڭ بەزىسـى قـوللارنى كىنـدىكىنىڭ ئاســـتىدا قويۇلـــدۇ دېيـــسە، بەزىلـــىرى كىنـــدىكىنىڭ ئۈســـتىدە قويۇلىدۇ دەيـدۇ، بەزىلـىرى بولسـا كۆكسـىنىڭ ئۈسـتىدە قويۇلـدۇ دەيدۇ.

ئۇلارنىـڭ ھەممىسـى بـۇ ھەقـتە ساھابە ۋە تـابىئىنلاردىن كەلگەن خەۋەرلەرنى تەھلىل قىلىشىپ بـۇ قاراشقا كېلىـدۇ. يەنـى نامـــازدا ئـــۆرە تۇرغانـــدا قوللارنىـــڭ قەيەردە قويۇلـــدىغانلىقى مەسىلىســـى فىقـــھ ئالىملىرىنىـــڭ ئىجتىھـــاتلىرى بىـــلەن بەلگىلەنگەن. مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىـڭ تولىسى قـوللارنى يـا

---

نىـــڭ: «كېـــيىن ســـاھابىلەرنىڭ قـــوللىرىنى كۆكســـىلىرىنىڭ ئـــۇدۇلىغىچە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەن شەكىلدىكى باشقا بىـر رىـۋايىتىنى بىـرلىكتە تەھلىـل قىلىـدۇ ۋە ھەممىسـىگە ئەمەل قىلىنىـدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغـا قويـۇپ مۇنداق دەيـدۇ: «ئىبنـى ئـۆمەر رەسـۇلۇللاھنىڭ ئالقـانلىرىنى مـۈرىلىرىگە قەدەر كۆتۈرگەنلىكىنى، ۋائىل ئىبنى ھۇجر بارماقلىرىنىـڭ ئـۇچلىرىنى قۇلاقلىرىنىـڭ ئۇدۇلىغـا قەدەر كۆتـۈرگەنلىكىنى ئېيتمـاقچى بولغـان. ۋائىلنىـڭ: ‹كېـيىن ساھابىلەرنىڭ قوللىرىنى كۆكسىلىرىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم› دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ۋائىل ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندا مەۋسۇم قىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەرنىڭ ئۈستىدە ئېغىر ۋە قېلىن كىيىملەر بار ئىدى. بـۇ سەۋەبتىن ئۇلار قوللىرىنى مـۈرىلىرىگە قەدەر ئەمەس، كۆكسـىلىرىنىڭ ئۇدۇلغا قەدەر كۆتۈرگەن ئىدى»- (ئەبۇلھۇسەين يەھيا ئىبنى ئەبىلخەير ئىبنى سالىم ئەلئىمرانـى ئەليەمەنـى، ئەلبەيـان فـى مەزھەبـى ئىمـام شـافىئى، ئىتتىنـا: قاسـىم مۇھەممەد نۇرى، دارۇل مىنھاج، بېيرۇت، 2000، 2- جىلد، 173- بەت).

كىندىكنىڭ ئاستىدا، ياكى ئۈستىدە قويۇشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدىدۇر. شۇڭا ئىمام تىرمىزى قەبىسە ئىبنى ھۇلبىنىڭ: «رەسۇلۇللاھ بىزگە ئىمام بولاتتى ۋە سول قولنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتاتتى» دېگەن رىۋايىتىنى نەقىل قىلغاندىن كېيىن، «ساھابە كىرام ۋە ئىلىم ئەھلىدىن بەزىلىرى قوللارنى كىندىكنىڭ ئاستىدا قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتاتتى، بەزىلىرى كىندىكنىڭ ئۈستىدە قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتاتتى. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جائىزدۇر» دەيدۇ.

تىرمىزى بۇ سۆزلەرنى ئېيتىدۇ، لېكىن قوللارنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدە قويۇشنىڭ لازىملىقىغا دائىر ھېچقاندىاق رىۋايەت زىكىر قىلمايدۇ[1].

---

[1] تىرمىزى، سۈنەن، سالات 187. قىيامدا (يەنى نامازدا ئۆرە تۇرغاندا) قوللارنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدە قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتقانلار مۇنۇ رىۋايەتكە ئاساسلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ نامازدا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىدە قوياتتى، ئاندىن ئۇ قوللارنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدە باغلايتتى» (ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 118-119). لېكىن ئەبۇ داۋۇدنىڭ ھەدىسلىرىنى شەرھلىگەن خەلىل ئەھمەد سەھارەنفورى (ۋاپاتى: 1346 ھىجرىيە) بۇ ھەدىس توغرىسىدا ئەتراپلىق بىر تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە بۇ رىۋايەتتىكى «ئاندىن ئۇ قوللارنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدە باغلايتتى» دېگەن ئىپادىنىڭ ھەدىسنىڭ ئەسلى تېكىستىدە بولمىغانلىقىنى، كېيىن ھەدىسكە قوشۇلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ھەر پۈرسەتتە مۇنداق دەيدۇ: «نامازدا قوللارنىڭ قەيەردە قويۇلۇشى توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك كۆز قاراش بار: قوللارنى كىندىكنىڭ ئاستىدا باغلىماق، قوللارنى كىندىكنىڭ ئۈستىدە، لېكىن كۆكسىنىڭ ئاستىدا باغلىماق ۋە قوللارنى ھېچ باغلىماسلىق... ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك قوللارنى باغلىماق پەقەت ئىككى شەكىلدە بولىدۇ: بىرى كىندىكنىڭ ئاستىدا باغلىماق، يەنە بىرى كىندىكنىڭ ئۈستىدە باغلىماق. بۇنىڭغا ئاساسەن، قوللارنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدە باغلىماق مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن چىققانلىق ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر بىرلىكىگە مۇخالىپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.» (خەلىل ئەھمەد سەھارەنفورى، بەزلۇل مەجھۇد فى ھەللى ئەبى داۋۇد، تەھقىق: مۇھەممەد زەكەرىييا ئىبنى يەھيا كاندەھلىۋى، دارۇل

## 2) قىيام

لۇغەتتە رۇسلاناماق، تۇرماق، ئۆرە تۇرماق دېگەن مەنىلەردە كەلگەن «قىيام» سۆزىنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى، نامازدا ئىفتىتاھ تەكبىرىنى ۋە قۇرئاندىن ئوقۇلۇشى كېرەك بولغان ئەڭ ئاز مىقدارنى ئوقۇش مۇددىتىدە ئۆرە تۇرۇش دېگەن بولىدۇ[1]. بۇ ئىش يەنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازنى باشلىغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرماق پەرزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

كۇتۇبىل ئىلمىيە، بېيرۇت، 4- جىلد، 482-485- بەتلەر.) ئەبۇ داۋۇدنى شەرھلىگۈچىلەردىن سۇبكىي (ۋاپاتى 1352 ھىجرىيە) بۇ ھەدىسنىڭ مۇرسەل بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (مەھمۇد مۇھەممەد خەتتاب ئەسسۇبكىي، ئەلمەنھەلۇل ئەزبىل مەۋرۇد شەرھۇ سۇنەنى ئەبى داۋۇد، ئەلمەكتۇبەتۇل ئىسلامىييە، رىياد، 5- جىلد، 166- بەت). **مۇرسەل ھەدىس**: سەنەدىدىن بىر ساھابە چۈشۈپ قالغان ھەدىس، تابىئىنلاردىن بىرى سەنەدىدە ساھابىنى زىكىر قىلماستىن بىۋاستە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ رىۋايەت قىلغان ھەدىس، دېمەكتۇر. مۇرسەل ھەدىسلەر زەئىپ ھەدىسلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. مۇرسەلنىڭ زەئىپ ھېسابلىنىشىنىڭ سەۋەبى سەنەدىنىڭ مۇتتەسىل (ئۇلىنىپ كەلگەن) بولماسلىقىدۇر. مۇرسەل دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا راۋىسىنىڭ ئۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان ساھابىنى زىكىر قىلماستىن بىۋاستە رەسۇلۇللاھتىن نەقىل قىلىشىدۇر. مۇرسەل ھەدىس دەلىل بولالمايدۇ. بۇ كۆز قاراش ئۈستىدە ھەدىس ھافىز ۋە مۇنەققىدلىرى بىردەك ئىتتىپاق قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇنى ئەسەرلىرىدە تىلغا ئالىدۇ. مۇسلىم، سەھىھ، ئۆزىنىڭ «سەھىھ» ىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ۋە ھەدىسچىلەرنىڭ قەتئىي قانائىتى شۇدۇركى، مۇرسەل ھەدىس دەلىل بولالمايدۇ» (سۇبھى ئەسسالىھ، ھەدىس ئىلىملىرى ۋە ھەدىس ئىستىلاھلىرى، تەرجىمە، م. ياشار قاندېمىر، 4- باسمىسى، ئەنقەرە 1986، 137-139- بەتلەر).

① ئەبۇ بەكىر سىفىل، «قىيام»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئەنقەرە 2002، 25- جىلد، 514- بەت.

﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَنْ لَا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾

﴿بىز ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدۇق: ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلما، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ-سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇت﴾[1].

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ارْكَعُوا وَاسْجُدُوا وَاعْبُدُوا رَبَّكُمْ وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

﴿ئى مۇئمىنلار! رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر﴾[2].

بۇ ئىككى ئايەتتىن، بىر رەكئەت نامازنى نامازنى قىلغان ئاساسلىق ئىشلارنىڭ قىيام (ئۆرە تۇرماق)، رۇكۇ ۋە سەجدە ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەندە بوۋاسىر كېسىلى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھتىن نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقىمنى سورىدىم. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇ، بۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتمىسە ئولتۇرۇپ ئوقۇ، بۇنىڭغىمۇ كۈچۈڭ يەتمىسە يېتىپ ئوقۇ»[3].

---

① 22- سۈرە ھەج، 26- ئايەت.

② 22- سۈرە ھەج، 77- ئايەت.

③ بۇخارى، سەھىھ، تەقسىرۇسسالات 19.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرگە ۋە ھەدىسكە ئاساسەن، ئۆزرىسى يوق كىشىلەر نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلىشى ۋە قىرائەتنى ئۆرە تۇرۇپ قىلىشى كېرەك. «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا قولاق قاققاندىن كېيىن قىرائەتنى باشلاشتىن ئىلگىرى پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل قىلىنغان دۇئالاردىن بىرىنى ئوقۇش سۈننەتتۇر. ئۇ دۇئالارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى مۇنداق:

**1.** **«وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لاَ شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ»**

«مەن يۈزۈمنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندۈردۈم، ھەقكە بۇرالدىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. مەن بۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋىلىدۇرمەن»[1].

**2.** **«سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ»**

«ئى ئاللاھ! سېنىڭ ھېچقانداق ئەيىب ۋە كەمچىلىكىڭ يوق، مەن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. سەن ھەر ئىشىڭنى مۇكەممەل قىلىسەن. ئىسمىڭ مۇبارەك، شەنىڭ ئۇلۇغدۇر، سەن ناھايىتى كاتتا زاتسەن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق»[2].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 201؛ ئەبۇ داۋۇد. سۈنەن، سالات 118، 119؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 17.

② تىرمىزى، سۈنەن، سالات 179؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 119-120؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 1؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 18.

**3.** «**اللَّهُمَّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ اللَّهُمَّ أَنْقِنِي مِنْ خَطَايَايَ كَالثَّوْبِ الأَبْيَضِ مِنَ الدَّنَسِ اللَّهُمَّ اغْسِلْنِي بِالثَّلْجِ وَالْمَاءِ وَالْبَرَدِ**»

«ئى ئاللاھ! مەن بىلەن خاتالىقلىرىمنىڭ ئارىسىنى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرغاندەك يىراقلاشتۇرغىن. ئى ئاللاھ! مېنى خاتالىقلىرىمدىن ئاق كىيىمنى كىردىن پاكلىغاندەك پاكلىغىن. ئى ئاللاھ! مېنى قار، سۇ ۋە مۆلدۈر بىلەن يۇغىن»[1].

## 3) قىرائەت

لۇغەتتە ئوقۇماق مەنىسىدە كېلىدىغان «قىرائەت» ئومۇمەن «قۇرئان ئوقۇماق» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىستىلاھى جەھەتتىن قىرائەت نامازنىڭ بىر ئەركانى بولۇپ، مەنىسى «قىيامدا قۇرئاندىن مەلۇم مىقدار ئوقۇماق» دېگەن بولىدۇ[2].

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي**﴾

---

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 89؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 147 (598)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 120-121؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 1؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 15.

② ئەبۇ بەكىر سىفىل، «قىرائەت»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئەنقەرە 2002، 25- جىلد، 433- بەت.

﴿شۇبھىسىزكى، مەن ئاللاھدۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنداقتا سەن ماڭا ئىبادەت قىل ۋە مېنىڭ زىكرىم ئۈچۈن نامازنى كامىل ئۆتە!﴾[1].

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئوخشاش ئەمرنى بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿اتْلُ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ﴾

﴿ئى مۇھەممەد! سەن ئۆزۈڭگە ۋەھيى قىلىنغان كىتابنى تىلاۋەت قىلغىن، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن شۇبھىسىزكى، ناماز قەبىھ سۆز-ھەرىكەتلەردىن ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئاللاھنىڭ زىكرى ئەڭ بۈيۈكتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىدۇ﴾[2].

بۇ ئىككى ئايەتتە كەلگەن «زىكىر» كەلىمىسى مۇھىمدۇر. چۈنكى بۇ كەلىمە ھەم ئاللاھنى ياد ئەتمەك، ھەم قۇرئان مەنىسىدە كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق:

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

﴿شۇبھىسىزكى، قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئەلۋەتتە بىز قوغدايمىز﴾[3].

---

① 20- سۈرە تاھا، 14- ئايەت.

② 29- سۈرە ئەنكەبۇت، 45- ئايەت.

③ 15- سۈرە ھىجىر، 9- ئايەت.

﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ وَاشْكُرُوا لِي وَلَا تَكْفُرُونِ﴾

﴿مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ماڭا تۇزكورلۇق قىلماڭلار﴾[1].

بۇ ئايەتلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، «ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن ناماز ئۆتىمەك — ئاللاھنى ياد ئەتمەك ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇماق ئۈچۈن ناماز ئۆتىمەك» دېگەن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن نامازدا قۇرئان ئوقۇش پەرزدۇر. چۈنكى نامازدا قۇرئان ئوقۇماق ھەم ئاللاھنى ياد ئەتكەنلىك، ھەم ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇغانلىق بولىدۇ.

## ① قىرائەتنى بىلمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالى

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك نامازنىڭ بولمىسا بولمايدىغان ئەركانى ئاللاھقا زىكىر ئېيتىشتۇر. ئەگەر بۇ زىكىر ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك زىكرى بولغان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش ئارقىلىق مۇمكىن بولسا، نامازنىڭ قىيامىدا قۇرئان (بىر سۈرە ياكى بىرقانچە ئايەت) ئوقۇش لازىمدۇر. ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا نامازنىڭ ئۇ ئەركانىنى باشقا شەكىلدە زىكىر ئېيتىپ ئادا قىلىش لازىم. تۆۋەندىكى ھەدىس بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: مەن قۇرئاندىن (كاللامغا) بىر نەرسە ئالالمايمەن. ماڭا ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىر نەرسە ئۆگىتىپ قويسىلا دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە مۇنداق دېدى: سەن

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 152- ئايەت.

نامىزىدا «**سُبْحَانَ اللَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ العَلِيِّ الْعَظِيْمِ**»[1] دېگەن زىكىرلەرنى ئوقۇغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم: يا رەسۇلۇللاھ! بۇ، ئاللاھ ئۈچۈندۇر. مەن نامىزىمدا ئۆزۈم ئۈچۈن نېمە ئوقۇيمەن؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «**اللَّهُمَّ ارْحَمْنِي وَارْزُقْنِي وَعَافِنِي وَاهْدِنِي**»[2] دېگەن دۇئالارنى ئوقۇغىن، دېدى. ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ (يۇمۇلغان) قولى بىلەن «مانا مۇشۇنداق» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئادەمنىڭ قولى ياخشىلىق بىلەن تولدى» دېدى[3].

بۇ ھەقتە رىفائە ئىبنى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار: بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، بىر بەدەۋى كىشى كېلىپ، ناماز ئوقۇپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى. رەسۇلۇللاھ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ مۇنداق دېدى: «قايتقىن! نامازنى باشقىدىن ئوقۇغىن، سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. ئۇ ئادەم قايتىپ بېرىپ نامازنى قايتا ئوقۇپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا سالام بەردى. بۇ ئىش مۇشۇ يوسۇندا ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. پەيغەمبىرىمىز بۇ

① مەنىسى: «ئاللاھنى ھەر تۈرلۈك نۇقسانلىقتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، مېنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھقا يۆلىنىشتىن باشقا ھېچقانداق چارەم يوق».

② مەنىسى: «ئى ئاللاھ! ماڭا مەرھەمەت قىلسىلا، ماڭا رىزىق ئاتا قىلسىلا، ماڭا سالامەتلىك ئاتا قىلسىلا، ماڭا ھىدايەت ئاتا قىلسىلا».

③ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 134 ـ 135؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 32.

كىشىگە ھەر قېتىمدا «قايتقىن! نامازنى باشقىدىن ئوقۇغىن، سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. بۇ ئەھۋال ئەتراپتىكىلەرنى قورقۇتتى ۋە ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. ئاخىرقى قېتىمدا ئۇ كىشى: «يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا كۆرسىتىپ قويسىلا ۋە ئۆگىتىپ قويسىلا، چۈنكى مەن ئىنسانمەن، توغرا قىلىشىمۇ مۇمكىن، خاتا قىلىشىمۇ مۇمكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «شۇنداق، ناماز ئوقۇماقچى بولغان چېغىڭدا ئاللاھ ئەمر قىلغان بويىچە تاھارەت ئالغىن، ئاندىن شاھادەت ئېيتقىن، تەكبىر ئېيتقىن، ئەگەر قۇرئاندىن بىر نەرسە بىلسەڭ ئوقۇغىن، بىلمىسەڭ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگىن. ئاندىن رۇكۇ قىلغىن، رۇكۇدا ئارام ئالغىن. ئاندىن رۇسلانغىن ۋە تىپتىز تۇرغىن. ئاندىن سەجدىگە بارغىن ۋە سەجدىدە تىز بولغىن. ئاندىن تىپتىز ئولتۇرغىن، ئولتۇرۇشتا ئارام ئالغىن. ئاندىن ئورنۇڭدىن تۇرغىن ۋە پۈتۈن رەكئەتلەرنى بۇ شەكىلدە ئوقۇغىن، مۇشۇنداق قىلساڭ نامىزىڭ تولۇق بولغان بولىدۇ. بۇلاردىن ھەرقانداق بىرىنى كەم قىلساڭ نامىزىڭ كەم بولىدۇ»[1].

يۇقىرىدىكى ئايەت-ھەدىسلەردىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىدۇ: نامازدا بولمىسا بولمايدىغان ئىش ئاللاھقا زىكىر ئېيتماقتۇر. ئەگەر بۇ زىكىرنى ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك زىكرى بولغان قۇرئان كەرىم ئوقۇش ئارقىلىق ئادا قىلغىلى بولسا، قىيامدا قۇرئان ئوقۇش كېرەك. ئەگەر بۇ مۇمكىن بولمىسا ھەدىسلەردە ئۆگىتىلگەن زىكىر ۋە تەسبىھلەرنى بولسىمۇ ئوقۇپ نامازنى ئادا قىلىشقا بولىدۇ.

---

① تىرمىزى، سۇنەن، سالات 226.

ئەھـۋال مۇشـۇنداق بولغـانلىقى ئۈچـۈن نامـازدا ئاللاھقـا زىكـىـر ئېيتمـاق ھەرقانـداق ئەھـۋال ئاسـتىدا زۆرۈردۇر. لـېكىن نامازنىڭ باشقا شـەرتلىرى ۋە ئەركـانلىرى بەزى شـارائىت ئاستىدا ئۆزگىرىدۇ ياكى ئەمەلدىن قالىدۇ. مەسىلەن: سۇ بىـلەن تاھـارەت ئالالمىغـان كىشـى، تەيەممـۇم قىلىـدۇ. قىيام، رۇكـۇ ۋە سـەجدىنى قىلالمايدىغانلار ئولتـۇرۇپ، ئىشـارەت (ئىمـا) بىـلەن رۇكـۇ-سـەجدە قىلىـدۇ، لـېكىن زىكىرنـى ھېچقانـداق ئەھـۋال ئاسـتىدا تەرك قىلمايدۇ.

پەيغەمبىرىمىـز ئـۆگەتكەن زىكـىر، تەسـبىھ ۋە دۇئـالار بەك مۇھىمدۇر. دىققەت قىلىـدىغان بولساق، ئـۇلار مەزمـۇن جەھەتـتە فاتىھە سۈرىسـىگە ئوخشـاپ كېتىـدۇ. فاتىھەنىـڭ بىرىنـچى ئاللاھقـا ھەمدۇسـانا، بىرىنـچـى دۇئـا بولغانــدەك، يۇقىرىــدىكى بىرىنچــى ھەدىسـتىمۇ قۇرئـان ئوقۇيالمايـدىغان كىشـىگە ئالـدى بىـلەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا، ئاندىن ئـۆزى ئۈچـۈن دۇئـا قىلىشـى تەۋسـىيە قىلىنغان. مۇھىم نۇقتا شۇدۇركى:

پەيغەمبىرىمىزنىــڭ يېنىغــا كېلىــپ قۇرئـــان ئوقۇشـــنى بىلمەيـدىغانلىقىنى ئېيتقـان ۋە قانـداق نامـاز ئوقۇشـنى سـورىغان كىشــى ئەرەب بولغـــانلىقى ئۈچـــۈن پەيغەمبىرىمـــز ئۇنىڭغـــا يۇقىرىدىكى ئەرەبچە زىكـىر، تەسـبىھ ۋە دۇئـالارنى ئـۆگەتكەن. ئـۇ زىكىر، تەسـبىھ ۋە دۇئـالار ئـايەت بولمىغـانلىقى ئۈچـۈن لەۋزىـدىن بەكرەك ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەر مۇھىمدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندىن نامازدا ئوقۇغـۇدەك ئـايەت يـاكى سـۈرە بىلمەيــدىغان، ئەرەبچىنىمــۇ ئۇقمايــدىغان كىشـــلەر قۇرئانــدىن نامــازدا ئوقۇغــۇدەك ئــايەت يــاكى سـۈرە ئۆگىنىــپ

بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا نامازنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىلىدا زىكىر ۋە دۇئا قىلىپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. مەسىلەن:

نامازنىڭ ھەر باسقۇچىدا خۇددى يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردە ئۆگىتىلگەن شەكىلدە «ئاللاھنى ھەر تۈرلۈك نۇقسانلىقتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، مېنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھقا يۈلىنىشتىن باشقا ھېچقانداق چارەم يوق» دېگەندەك زىكىرلەر ۋە «ئى ئاللاھ! ماڭا مەرھەمەت قىلسىلا، ماڭا رىزىق ئاتا قىلسىلا، ماڭا سالامەتلىك ئاتا قىلسىلا، ماڭا ھىدايەت ئاتا قىلسىلا» دېگەندەك دۇئالارنى قىلىپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ.

## ② فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماق

فاتىھە سۈرىسىنى بىلىدىغانلارنىڭ بۇ سۈرىنى ھەر نامىزىنىڭ ھەر رەكئىتىدە ئوقۇشى كېرەك.[1] بۇنى ئىپادىلەيدىغان ھەدىسلەردىن بىرى مۇنداق: «ئۇممۇلقۇرئاننى يەنى فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماستىن ناماز ئۆتىگەن كىشىنىڭ نامىزى كەمدۇر، كەمدۇر، تولۇق ئەمەستۇر»[2].

---

① فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماق ھەنەفىيە مەزھىپىدە نامازنىڭ ئەركانى يەنى نامازنىڭ بولمايدىغان ئاساسى ئەمەس، ۋاجىبتۇر. باشقا ئۈچ مەزھەپتە نامازنىڭ قىرائىتىنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارى ھەر رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇشتۇر. بۇ مەزھەپلەرگە نىسبەتەن فاتىھە ئوقۇش نامازنىڭ بىر ئەركانىدۇر.

② مۇسلىم، سەھىھ، سالات 38 (395).

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدەك، ناماز ئاللاھنىڭ زىكرى ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. زىكىر دېگەن سۆز ھەم ئاللاھنى ياد ئەتمەك، ھەم ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان مەنىسىدە كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازدا ئاللاھنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى ئوقۇپ ياد ئېتىش كېرەك بولىدۇ. فاتىھە سۈرىسىنىڭ باشقا سۈرىلەرگە قارىغاندا ئايرىم بىر ئالاھىدىلىكى بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَقَدْ آتَيْنَاكَ سَبْعًا مِنَ الْمَثَانِي وَالْقُرْآنَ الْعَظِيمَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا مەساندىن يەتتىنى ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق﴾[1].

---

① 15- سۈرە ھىجر، 87- ئايەت. «مەسانى» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە قۇرئان كەرىمگە بېرىلگەن بىر سۈپەت بولۇپ، مەنىسى «ئىككىدىن-ئىككىدىن» دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا 39- سۈرە زۇمەرنىڭ 23- ئايىتىدە ﴿اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَابًا مُتَشَابِهًا مَثَانِيَ﴾ ﴿ئاللاھ ئەڭ چىرايلىق سۆزنى ئايەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىشىدىغان ۋە ئىككىدىن-ئىككىدىن بولغان بىر كىتاب ھالىتىدە نازىل قىلدى...﴾ دەيدۇ. ئۇ ئايەتتە «ئىككىدىن-ئىككىدىن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە «مەسانى» دېگەن كەلىمىدۇر. قۇرئان كەرىمگە مەسانى دېيىلىشى ھۆكۈم، قىسسە ۋە نەسىھەتلەرنىڭ تەكرارلانغانلىقى ۋە ھەر ئايىتىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر ئوخشىشى بىلەن «ئىككىدىن-ئىككىدىن» بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەتتىكى «مەساندىن يەتتە»دىن مەقسەت فاتىھە سۈرىسىدۇر. بۇ يەردىكى «مىن (دىن)» بەياني (ئېنىقلاش) ئۈچۈندۇر. يەنى «مەساندىن يەتتە»نىڭ تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىسى «مەساندىن ئىبارەت بولغان يەتتە ئايەتلىك سۈرە»دۇر. بۇنىڭ مەنىسى، مەسانى دەپ ئاتىلىدىغان قۇرئاننىڭ تامامى بۇ يەتتە ئايەتنىڭ ئىچىدە مەۋجۇت دېمەكتۇر. «ۋە ئۇلۇغ قۇرئان» ئەتفى تەپسىر بولۇپ «مەساندىن يەتتە»نىڭ يەنى فاتىھە سۈرىسىنىڭ «ئۇلۇغ قۇرئان»نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى فاتىھە سۈرىسى ھەم «مەسانى» دەپ ئاتىلىدىغان ھەم «ئۇلۇغ قۇرئان» دەپ ئاتىلىدىغان قۇرئان كەرىمنىڭ تامامىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، فاتىھە سۈرىسى قۇرئان كەرىمنىڭ خۇلاسىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىڭ مۇنۇ ھەدىسمۇ بۇ مەنىنى تەكىتلەيدۇ: «ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىلئالەمىن (يەنى سۈرە

ئەنە شۇ سەۋەبتىن نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇماق ئىنتايىن مۇھىمدۇر، چۈنكى بۇ ئاللاھنى ئاللاھنىڭ «ئۇلۇغ قۇرئان[1]»نى ئوقۇپ ياد ئەتكەنلىك بولىدۇ.

فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان كىشىنىڭ «ئامىن» دېيىشى سۈننەتتۇر. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر مۇنداق:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئامىن دېگەندە سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار».[2]

---

فاتىھە) ماڭا بېرىلگەن سەبئۇلمەسانى ۋە ئۇلۇغ قۇرئاندۇر» (بۇخارى، سەھىھ، تەپسىر 1؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 26؛ تىرمىزى، سۈنەن، فاتىھەنىڭ پەزىلىتى بابى 2875- نومۇرلۇق ھەدىس). «سەبئۇلمەسانى»نىڭ مەنىسى، «ئايەتلىرى ئىككىدىن-ئىككىدىن قىلىپ نازىل قىلىنغان قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە ئايەت» دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە سۈرە فاتىھە ئىككى قېتىم نازىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىلىدۇ دېيىلگەن بولسا، باشقا بىر رىۋايەتتە، سۈرە فاتىھە ھەر نامازدا ھەر رەكئەتتە تەكرار ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېيىلگەن دېيىلىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

① «قۇرئان» ئەسلىدە مەسدەر (تۈپ سۆز) بولۇپ مەنىسى «ئوقۇماق» دېگەن بولىدۇ. لېكىن دۇنيادا ئەڭ كۆپ ئوقۇلغان ۋە ئوقۇلىدىغان كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسمى مەپئۇل (ھەرىكەت ئوبيېكتى نامى) مەنىسىدە كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسى «قۇرئان» دېيىلگەندەك، بىر قىسمى، ھەتتا بىر ئايىتىگىمۇ «قۇرئان» دېيىلىدۇ. (قۇرئان كەرىم ۋە ئاچىقلامالى مەئالى، خەيرۇددىن قارامان ۋە ھەيئىتى، تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2005، 7- بەت.)

② بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 112؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 72 (410)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، سالات 44؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 172؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 185؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 34-35؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 14.

بۇخارىدا كەلگەن باشقا بىر رىۋايەت مۇنداق: «نامازدا فاتىھەنى ئوقۇغان كىشى (يەنى ئىمام) ئامىن دېگەندە سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار...».①

ۋائىل ئىبنى ھۇجر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ﴿**غَيرِ المَغضُوبِ عَلَيهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ**﴾ ئايىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سوزغان ھالدا «ئامىن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.②

## ③ سۈرە زەم (سۈرە قوشماق)

پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، نەپلە نامازلارنىڭ ھەر رەكئىتىدە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغان كىشى يادقا بىلىدىغان سۈرىلەردىن بىر سۈرە ياكى يادقا بىلىدىغان

---

① بۇخارى، سەھىھ، دەئەۋات 63.

② تىرمىزى، سۈنەن، سالات 184؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 167-168. نۇرغۇن ئۆلىمالار بۇ ئاخىرقى ھەدىسنى دەلىل قىلىپ، فاتىھەنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىمام بولسۇن، جامائەت بولسۇن ھەر كىشىنىڭ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن «ئامىين!» دېيىشى لازىم دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ بولسا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئامىين» نى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى «ئامىين» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىل» دېمەكتۇر، يەنى بۇ سۆز دۇئادۇر. «**رەببىڭلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا دۇئا قىلىڭلار**» (ئەئراف 55/7) دېگەن مەنىدىكى ئايەتكە ئاساسەن دۇئادا ئاۋازنىڭ كۆتۈرۈلمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدى سەپلەردىكىلەرگە ئاڭلاتقۇدەك بىر شەكىلدە «ئامىين» دېيىشى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن فاتىھەنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىماممۇ جامائەتمۇ پەقەت ئۆزلىرى ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن «ئامىن» دېيىشى لازىم.- ئەھمەد نەئىم، سەھىھ بۇخارى مۇختەسەرى تەجرىدى سەرىھ تەرجىمىسى، تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقانلىقى نەشرىياتى، 6- باسمىسى، ئەنقەرە، 1980، 2- جىلد، 779- بەت، 435- ھەدىسنىڭ شەرھى.

ئايەتلىرىدىن بىرقانچە ئايەت ئوقۇيدۇ. بۇ ئۇنىڭ سۈرە زەم قىلغانلىقىدۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ پېشىن بىلەن نامازدىگەرنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىنىڭ ھەر بىرىدە فاتىھە بىلەن بىر سۈرە ئوقۇيدىغانلىقى، ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە پەقەت فاتىھەنىلا ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.[1]

دېمەككى، ئىككى رەكئەتلىكتىن ئارتۇق پەرز نامازلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدىلا سۈرە زەم قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، سۈرە زەم قىلىشتا ئاۋام ئارىسىدا «ناماز سۈرىلىرى» دەپ بىلىنىدىغان سۈرىلەر (سۈرە فىل ۋە سۈرە ناس ئارىسى)دىن بىر سۈرە ئوقۇش شەرت ئەمەس. ئەكسىچە ناماز ئوقۇغۇچى خالىسا بۇ سۈرىلەردىن خالىسا قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا سۈرە ۋە ئايەتلىرىدىن ئۆزى بىلگەن ۋە ئوقۇشنى خالىغانلىرىنى ئوقۇسا بولىدۇ. يەنى نامازدا پەقەتلا ناماز سۈرىلىرى دەپ بىلىنگەن سۈرىلەرنىلا ئەمەس، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر ئايىتىنى ۋە ھەر سۈرىسىنى ئوقۇشقا بولىدۇ.

### ④ قىرائەتنىڭ ئۈنلۈك ياكى مەخپىي بولۇشى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُوا لَهُ وَأَنْصِتُوا لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ۞ وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ وَلَا تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ﴾**

---

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 107؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 155 (451).

﴿قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا رەببىڭلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈمىدى بىلەن ئۇنى دىققەت بىلەن جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار. رەببىڭنى يىغلىغان ۋە قورققان ھالدا، ئىچىڭدە، پەس ئاۋاز بىلەن پېشىن ۋە نامازدىگەر ۋاقىتلىرىدا زىكىر قىل، غاپىللاردىن بولما﴾[1].

---

① 7- سۈرە ئەئراف، 204~205- ئايەتلەر. ئايەتتىكى ﴿بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ﴾ دېگەن كەلىمىلەرنىڭ مەنىسى پېشىن ۋە نامازدىگەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ كەلىمىلەرنى باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿وَلِلَّهِ يَسْجُدُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلَالُهُمْ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى كىشىلەر خالىسۇن-خالىمىسۇن ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سايىلىرىمۇ غۇدۇۋ ۋە ئاسال ۋاقىتلىرىدا ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ﴾ (13- سۈرە رەئد، 15- ئايەت). ئايەتتە زىكىر قىلىنغان ئىككى ۋاقىتتا سايىلارنىڭ سەجدە قىلىشى، بۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئاسماندا كۈن بار بولغان ۋاقىتلاردىن بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كۈن بولمىسا شەيئىلەرنىڭ سايىلىرىمۇ بولمايدۇ. كۈندۈزى ئۆتىلىدىغان ناماز، پېشىن ۋە ناماز دىگەردۇر. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ئايەتنى (7- سۈرە ئەئرافنىڭ 205- ئايىتى) بۇ شەكىلدە تەرجىمە قىلدۇق. بۇ ۋاقىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەرمۇ بار: ﴿فِي بُيُوتٍ أَذِنَ اللَّهُ أَنْ تُرْفَعَ وَيُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ يُسَبِّحُ لَهُ فِيهَا بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ ۞ رِجَالٌ لَا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ يَخَافُونَ يَوْمًا تَتَقَلَّبُ فِيهِ الْقُلُوبُ وَالْأَبْصَارُ﴾ يەنى ﴿ئۇ تەكچە، ئاللاھ ئۇلۇغلىنىشىغا ۋە ئىچىدە ئۆز ئىسمىنىڭ زىكىر قىلىنىشىغا ئىجازەت بەرگەن ئۆيلەردىدۇر. ئۇ ئۆيلەردە بىر قىسىم كىشىلەر غۇدۇ ۋە ئاسال ۋاقىتلىرىدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا- سېتىققا بېرىلىپ ئاللاھنىڭ زىكرىدىن، نامازنى كامىل ئۆتەشتىن، زاكاتنى بېرىشتىن غەپلەتتە قالمايدۇ. ئۇلار قەلبلەر ۋە كۆزلەر دەھشەت بىلەن سىلكىنىدىغان كۈندىن قورقىدۇ﴾ (24- سۈرە نۇر 36~37- ئايەتلەر). بۇ ئايەتكە ئاساسەن ﴿بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ﴾ دېگەن كەلىمىلەر بازارلار ئېچىلىپ، ئېلىم-سېتىم قىزىشقان ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ. جۈمە نامىزىنىڭ پەرزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئايەتتىمۇ جۈمە ۋاقتىنىڭ ئېلىم-سېتىم قىزىشقان ۋاقىت يەنى پېشىن ۋاقتى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى بازارلار ئېچىلغاندىن كېيىن ئېلىم-سېتىم قىزىيدىغان ۋاقىتلارنىڭ باشلانغۇچى

ئىككىنچى ئايەتتىكى پېشىن ۋە نامازدىگەر قەرىنىسى (يىپ ئۇچى) ئەينى ئايەتتىكى «زىكىر» ۋە بىرىنچى ئايەتتىكى «قۇرئان ئوقۇش»نىڭ نامازدا بولىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۈندۈز نامازلىرىنىڭ (پېشىن ۋە نامازدىگەرنىڭ) قىرائىتىنىڭ مەخپىي، كېچە نامازلىرىنىڭ (يەنى شام، خۇپتەن ۋە

---

ئومۇمەن پېشىن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. جۈمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلار! جۈمە كۈنى ناماز ئۈچۈن ئەزان ئوقۇلغاندا، ئاللاھنىڭ زىكرىگە يۈگۈرۈڭلار. ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار﴾ (62- سۈرە جۇمۇئە، 9- ئايەت). «الْغُدُوِّ» بىلەن ئەينى يىلتىزدىن كەلگەن «غَدَاءَ» دېگەن كەلىمىمۇ بۇنىڭ باشقا بىر دەلىلىدۇر. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق: ﴿فَلَمَّا جَاوَزَا قَالَ لِفَتَاهُ آتِنَا غَدَاءَنَا لَقَدْ لَقِينَا مِنْ سَفَرِنَا هَذَا نَصَبًا﴾ ﴿ئۇلار ئۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇسا ياش خادىمىگە: ‹چۈشلۈك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ سەپىرىمىزدە بەك چارچاپ كەتتۇق › دېدى﴾ (18- سۈرە كەھف، 62- ئايەت). بۇ ئايەتكە قارايدىغان بولساق، غەدا «غَدَاء» دېگەن سۆزنىڭ ئەتىگەن تۇرۇپ چارچاپ كەتكەنگە قەدەر يول ماڭغاندىن كېيىن يېيىلىدىغان تاماقنى دېيىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بىر كىشىنىڭ كېچىسى ئارام ئالغاندىن كېيىن ئەتىگەن تۇرۇپ چارچاپ كەتكۈچە مېڭىشى تەخمىنەن پېشىن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ئەلغۇدۇۋ («الْغُدُوِّ»)نىڭ پېشىن ۋاقتى ئىكەنلىكىنى باشقا بىر دەلىلى ئاسال «الْآصَال» كەلىمىسىدۇر. چۈنكى ئاسال «الْآصَال»نىڭ مۇفرەدى (بىرلىك شەكلى) بولغان ئەسىل «أَصِيل» قۇرئان كەرىمدە بۇكرەتەن «بُكْرَة» كەلىمىسىنىڭ زىددى بولۇپ كېلىدۇ. (25- سۈرە فۇرقان، 5- ئايەت؛ 33- سۈرە ئەھزاب، 42- ئايەت؛ 48- سۈرە فەتىھ، 9- ئايەت؛ 76- سۈرە ئىنسان، 25- ئايەتلەرگە قاراڭ). بۇكرەتەن «بُكْرَة» كەلىمىسى كۈن چىقىپ نۇر چاچقاندىن تارتىپ چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەسىل «أَصِيل» كۈننىڭ نۇرلىرى ئاجىزلىششقا باشلىغاندىن تارتىپ كۈننىڭ پېتىشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت بولىدۇ. بۇ نامازدىگەرنىڭ ۋاقتىدۇر. غۇدۇۋ («الْغُدُوِّ») ۋاقتى  ئەسىل «أَصِيل» ۋاقتىدىن ئىلگىرى بولغانلىقىغا ۋە ئەسلىنىڭ نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى مەنىسىدە كەلگەنلىكىگە قارىغاندا ئايەتلەردىكى غۇدۇۋ («الْغُدُوِّ») پېشىن ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

بامــدات نامازلىرىنىــڭ) قىرائىتىنىــڭ ئۈنلــۈك بولــدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەتبىقاتلىرىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ.

بــۇ ئــايەتلەر جامــائەت بولــۇپ ئوقۇلغــان نامازنىــڭ قىرائىتىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ⑤ ئىمامنىڭ ئارقىسىدىكىلەرنىڭ قىرائىتى

يۇقىرىدىكى ﴿**وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُوا لَهُ وَأَنْصِتُوا**﴾ ﴿قۇرئــان ئوقۇلغــان چاغــدا دىقــقەت بىــلەن جىــم تــۇرۇپ ئــاڭلاڭلار﴾[1] دېــگەن ئــايەت قىــرائەت ئۈنلــۈك ئوقۇلغــان نامــازدا جامائەتنىڭ جىم تۇرۇپ ئاڭلىشىنىڭ لازىملىقىغا، ﴿**وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ**﴾ ﴿رەببىڭنــى يىغلىنغــان ۋە قورققــان ھالــدا، ئىچىڭــدە، پەس ئــاۋاز بىــلەن ئېيتىــن ۋە نامــازدىگەر ۋاقىتلىرىــدا زىكىــر قىلغىــن﴾[2] دېــگەن ئــايەت بولســا قىــرائەت مەخپىــي ئوقۇلغــان نامــازدا جامــائەتنىڭمۇ ئىچىــدە مەخپىــي قىــرائەت قىلىشــىنىڭ لازىملىقىغــا دالالەت قىلىــدۇ. چــۈنكى بىرىنچــى ئايەتنىــڭ ﴿**إِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ**﴾ ﴿قۇرئــان ئوقۇلغــان چاغــدا﴾ دېــگەن ئىپادىســى قۇرئــان ئوقۇغۇچىنىــڭ بىــر كىشــى (ئىمــام) ئىكەنلىكىنــى، ﴿**فَاسْتَمِعُوا لَهُ وَأَنْصِتُوا**﴾ ﴿دىققەت بىلەن جىم تـۇرۇپ ئـاڭلاڭلار﴾ دېــگەن ئىپــادە بولســا ئاڭلىغۇچىلارنىــڭ كۆپچىلىــك (جامــائەت) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى ئايەتنىڭ ﴿**وَاذْكُرْ رَبَّكَ**

① 7- سۈرە ئەئراف، 204- ئايەت.
② 7- سۈرە ئەئراف، 205- ئايەت.

**فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ** ﴿رەببىڭنى يىغلىغان ۋە قورققان هالدا، ئىچىڭدە، پەس ئاۋاز بىلەن پېشىن ۋە نامازدىگەر ۋاقىتلىرىدا زىكىر قىلغىن﴾ دېگەن ئايادىسىدە زىكىر قىلغۇچى كىشىنىڭ بىرلىك شەكلىدە (مۇفرەد) كېلىشى، قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازدا ئىمام بولسۇن، جامائەت بولسۇن ھەر كىشىنىڭ قىرائەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بىز ئىمامنىڭ ئارقىسىدا پېشىن ۋە نامازدىگەرنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتە فاتىھە بىلەن بىر سۈرىنى، ئاخىرقى ئىككى رەكئەتتە پەقەت فاتىھەنىلا ئوقۇيتتۇق»[1] دېگەن سۆزىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ.

مۇپەسسىرلەردىن ئىبنى كەسىر ﴿**وَإِذَا قُرِئَ الْقُرْآنُ فَاسْتَمِعُوا لَهُ وَأَنْصِتُوا**﴾ ﴿قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا دىققەت بىلەن جىم تۇرۇپ ئاڭلاڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئىمام ئۈنلۈك ئوقۇغان پەرز نامازلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، «ئىمام ئەگىشىلىش ئۈچۈن ئىمام بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام تەكبىر كەلتۈرسە سىلەرمۇ تەكبىر كەلتۈرۈڭلار، قىرائەت قىلسا سىلەر جىم تۇرۇپ

---

① ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 11.

ئـاڭلاڭلار»[1] دېـگەن ھەدىسـنىڭ بۇنىڭغـا دالالەت قىلغـانلىقىنى ئېيتىدۇ[2].

ئىمامى تەبەرى ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە ئەبـۇ ھـۇرەيرە، سـەئىد ئىبنـى مۇسـەييەب، مۇجاھىـد، سـەئىد ئىبنـى جـۇبەير ۋە داھھـاك رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇم قاتـارلىق سـاھابە ۋە تابىئىنلارنىـڭ بـۇ ئايەتنىـڭ پەرز نامـازلار بىـلەن مۇناسـىۋەتلىك ئىكەنلىكىنـى ئېيتقانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ[3].

ھەنەفىي مەزھىپىدە «كىم ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسا ئىمامنىـڭ قىرائىتـى ئۇنىـڭ قىرائىتىـدۇر»[4] دېـگەن ھەدىسـنى دەلىـل قىلىـپ پەرز نامازلارنىـڭ ھېچبىـر رەكئىتىـدە جامائەتنىـڭ قىرائەت قىلماسلىقى كېرەك دەپ قارىلىدۇ. ھـالبۇكى، بـۇ ھەدىس ئىمامنىڭ قىرائىتىنى جامائەت ئاڭلىغان ئـاۋۋالقى ئىككـى رەكئەت ئۈچـۈن كـۈچكە ئىـگە بولـۇپ، قىرائىتـى ئاڭلانمايـدىغان ئـاخىرقى ئىككـى رەكئىتـى بىـلەن پېشـىن ۋە نامازدىگەرنىـڭ ھەمـمە رەكئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

---

① بۇخارى، سەھىھ، سالات 18؛ ئەزان 51، 82؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 77، 82، 86، 89؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 68؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 150؛ نەسەئى، سۇنەن، تەتبىق 22؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەت 13.

② ئەبۇلفىدا ئىمامۇددىن ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر، تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم، تەھقىق: سـەييىد مـۇھەممەد سـەييىد، دارۇل ھەدىـس، قـاھىرە، 2005، 3- جىلد، 587- بەت.

③ ئەبـۇ جەئـفەر مـۇھەممەد ئىبنـى جەرىـر تەبەرى، جـامىئۇل بەيـان فـى تەئۋىلىل قۇرئـان، دارۇل كۇتۇبىـل ئىلمىيە، بېيرۇت، 1992، 6- جىلـد، 161-163- بەتلەر.

④ ئىبنـى مـاجە، سـۇنەن، ئىقـامەت 13؛ مالىـك ئىبنـى ئەنەس، مۇۋەتتـا، سالات 43.

شافىئىي مەزھىپىدە بولسا «ھەر كىم ئۇممۇل قۇرئان (فاتىھە) ئوقۇماستىن ناماز ئوقۇسا، ئۇ ناماز كەمدۇر، كەمدۇر، كەمدۇر، تولۇق ئەمەستۇر»[1] دېگەن ھەدىسكە ئاساسلىنىپ ئىمام ئۈنلۈك ئوقۇغان نامازلاردىمۇ جامائەتنىڭ فاتىھەنى ئوقۇشى لازىم، دەپ قارىلىدۇ. لېكىن ئىمام قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلغان نامازلاردا جامائەتنىڭ جىم تۇرۇپ ئوقۇلغان قۇرئاننى ئاڭلىشى 7- سۈرە ئەئرافنىڭ 204- ئايىتىنىڭ ئوچۇق ئەمرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى يالغۇز ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ۋە ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىيالمىغان جامائەتنىڭ ھېچبولمىغاندا فاتىھەنى بولسىمۇ ئوقۇشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن جامائەت بولۇپ ئوقۇلغان بامداتتا، نامازشام بىلەن خۇپتەننىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزى قاتارلىق نامازلاردا ئىمام قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلغانلىقى ئۈچۈن جامائەتنىڭ جىم تۇرۇپ ئاڭلىشى، ئىمام قىرائەتنى مەخپىي قىلغان باشقا نامازلاردا (پېشىن ۋە نامازدىگەرنىڭ پۈتۈن رەكئەتلىرىدە، نامازشامنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە ۋە خۇپتەننىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە) جامائەتنىڭمۇ ئىچىدە قىرائەت قىلىشى لازىم.

## 4) رۇكۇ:

لۇغەتتە «ئېگىلمەك» مەنىسىدە كېلىدىغان رۇكۇ كەلىمىسىنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى نامازدا قىرائەت

---

(1) مۇسلىم، سەھىھ، سالات 38 (395).

تاماملانغانــدىن كېيىن بــاش ۋە بەل تۈپتــۈز ھــالەتتە، قــوللار تىزلارغا يېتىدىغان شەكىلدە ئېگىلىش دېگەن بولىدۇ.[1]

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِلنَّاسِ وَأَمْنًا وَاتَّخِذُوا مِنْ مَقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى وَعَهِدْنَا إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ أَنْ طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾**

﴿ئــۆز ۋاقتــدا بىــز كەئبىنــى ئىنســانلارنىڭ ســاۋاب قازىنىدىغان ۋە ئامانلىقتا بولىدىغان يېرى قىلغان ئىدۇق. سىلەر ئىبراھىمنىــڭ تۇرغــان يەرلىرىنىــڭ بىــر قىســمىنى نامازگــاھ قىلىڭــلار. ئىبــراھىم بىــلەن ئىســمائىلغا: «ئۆيــۈمنى تــاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكـۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاكىز تۇتۇڭلار» دەپ تاپىلىغان ئىدۇق﴾[2].

**﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَنْ لَا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾**

﴿بىز ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدۇق: ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلما، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ-سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇت﴾[3].

---

① نىھات دالغىن، «رۇكۇ»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 2008، 35- جىلد، 286- بەت.

② 2- سۈرە بەقەرە، 125- ئايەت.

③ 22- سۈرە ھەج 26- ئايەت.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ارْكَعُوا وَاسْجُدُوا وَاعْبُدُوا رَبَّكُمْ وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

﴿ئــى مــۇئمىنلار! رۇكــۇ قىلىڭــلار، ســەجدە قىلىڭــلار، رەببىڭلارغــا ئىبــادەت قىلىڭــلار ۋە ياخشــى ئىشــلارنى قىلىڭــلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسلەر﴾[1].

بــۇ ئــايەتلەردە رۇكــۇ، ســەجدىدىن ئىلگــىرى زىكىــر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىي مەنىدە بويۇن ئېگىشنى ئەمەس، نامـاز ئىچىدىكى خۇسۇسىي بىر ﭘېئىلنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى بۇ ئــايەتلەر نامــازدا ئالــدى بىــلەن قىيــام، ئانــدىن رۇكــۇ، ئانــدىن سەجدە قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## ① رۇكۇنىڭ شەكلى

نامــاز ئوقۇغــان كىشــى قىيــام ۋە قىرائەتنــى تاماملىغانــدىن كېيىن «ئــاللاھۇ ئەكــبەر» دەپ ئالــدىغا ئېگىلىــدۇ، بېشــى ۋە دۈمبىســى بــاراۋەر ھــالەتتە يەرگە پاراللېــل بىــر شــەكىلدە تۈپتــۈز تۇرىــدۇ، ئىككــى قــولى بىــلەن ئىككــى تىزىنــى مەھــكەم تۇتىــدۇ، پۇتلىرى ئېگىلىپ كەتسە بولمايدۇ ۋە بۇ ھالەتتە تۇرۇپ «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيْمِ**» دەپ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە ناماز ھەققىدە تەلىم بېرىۋېتىپ مۇنداق دېگەن:

«نامازغا تۇرۇپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرگەن چېغىڭدا تەكبىر كەلتۈرگىن، ئانــدىن فــاتىھە بىــلەن ئــۆزۈڭ خالىغــان مىقــداردا

---

① 22ـ سۈرە ھەج، 77ـ ئايەت.

قۇرئان ئوقۇغىن، رۇكۇغا بارغان چېغىڭدا ئىككى ئالىقىنىڭنى ئىككى تىزىڭنىڭ ئۈستىدە قويغىن، دۈمبەڭنى تۈپتۈز ھالەتكە كەلتۈرگىن»[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ قىلغان چېغىدا بېشىنى نە يۇقىرىغا كۆتۈرمەيتتى، نە تۆۋەنگە ساڭگىلاتمايتتى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تۇتاتتى»[2].

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇمەيد، ئەبۇ ئۇسەيد، سەھل ئىبنى سەئد ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە بىر ئارىغا كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئەبۇ ھۇمەيد مۇنداق دېدى: «ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھ ئوقۇغان نامازنى ياخشى بىلىدىغىنى مەندۇرمەن. رەسۇلۇللاھ رۇكۇغا بارغان چېغىدا ئىككى قولىنى ئىككى تىزىنىڭ ئۈستىگە خۇددى ئۇلارنى مەھكەم تۇتقاندەك قوياتتى»[3].

## ② رۇكۇدا تەئدىل ئەركان

لۇغەتتە «رۇسلىماق، تۈز ھالەتكە كەلتۈرمەك، ياخشىلىماق» دېگەن مەنىدە كېلىدىغان «تەئدىل» كەلىمىسى بىلەن «بىر نەرسىنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم تەرىپى» دېگەن مەنىدە كېلىدىغان «رۇكىن»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «ئەركان»دىن تەركىب تاپقان «تەئدىل ئەركان» سۆزى، فىقھ ئىستىلاھىدا نامازنىڭ قىيام، رۇكۇ ۋە سەجدىگە ئوخشاش

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 143-144.
② مۇسلىم، سەھىھ، سالات 240 (498).
③ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 193.

ئەركانلىرىنى ئۆز جايىدا، ئالدىرىماستىن، ئۆز ئارامىدا تۇرۇپ ئادا قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ[1].

نامازدا تەئدىل ئەركانغا دىققەت قىلىش كېرەك بولغان يەرلەرنىڭ بېشىدا رۇكۇ كېلىدۇ. ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بىرى رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە بېلىنى تولۇق رۇسلىمىغىچە نامىزى يېتەرلىك بولمايدۇ»[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«نامازغا تۇرغان چېغىڭدا ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا ئاسان بولغاننى ئوقۇغىن، ئاندىن رۇكۇ قىلغىن، رۇكۇدا بەدەن ئورگانلىرىڭ ئارام ئالغانغا قەدەر تۇرغىن...»[3].

نامازنى تەئدىل ئەركانغا رىئايە قىلماستىن ئالدىراپ ئوقۇغانلار ھەققىدە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوغرىلىقنىڭ ئەڭ يامىنى ناماز ئوغرىسىنىڭ ئوغرىلىقىدۇر» دېگەن ئىدى، ساھابىلەر: يا رەسۇلۇللاھ! ئىنسان نامازنى قانداق ئوغرىلايدۇ؟ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە

---

① ئابدۇللاھ قەھرىمان، «تەئدىل ئەركان»، دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2010، 39- جىلد، 366- بەت.

② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 148؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 196؛ نەسەئى، سۇنەن، ئىفتىتاھ 88.

③ بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 122.

تەئـــدىل ئەركانغــا رىئـايە قىلمـاي، ئـۇلارنى ئالــدىراپ قىلىــش بىلەن» دەپ جاۋاب بەردى[1].

بــۇ ھەدىســلەرگە ئاساســەن رۇكۇغــا بارغانــدىن كېــيىن ئالدىراپ باشـنى كۆتۈرۈشـكە بولمايـدۇ. رۇكـۇدا بەدەن ئـۇگىلىرى ئــارام ئالغۇچىلىــك ســاقلاش كېــرەك. بــۇ ســاقلاش ئەسناســدا ئوقۇلــدىغان زىكــر ۋە تەســبىھلەر بــار. رۇكــۇ قىلىــپ تــۇرۇپ ئۇلارنى ئوقۇش لازىم.

## ③ رۇكۇدا تەسبىھ

يۇقىرىـدا دەپ ئـۆتكىنىمىزدەك، نامـازدا ئاساسـلىق ئەركـان ئاللاھقــا زىكــر ئېيتمــاقتۇر. شــۇنىڭ ئۈچــۈن نامازنىــڭ ھەر باسقۇچىدا ئاللاھقا زىكـر ئېيـتىش كېـرەك. رۇكۇمـۇ نامازنىـڭ بىـر باسقۇچى بولغانلىقى ئۈچـۈن بـۇ يەردىمـۇ ئاللاھقـا زىكـر ئېيـتىش لازىم.

مۇناســۋەتلىك ھەدىســلەردىن پەيغەمبىرىمىزنىــڭ رۇكــۇدا خىلمۇخىــل ۋە بىــر-بىرىــدىن پەرقلىــق زىكــر ۋە تەســبىھلەرنى ئوقۇغانلىقى بىلىنىـدۇ. لېكىن 56- سۈرە ۋاقىئەنىـڭ 74- ئـايىتى ﴿**فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِيمِ**﴾[2] نازىل بولغانـدا، رۇكـۇدا بـۇ ئـايەتتە كۆرسـتىلگەندەك، «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ**»[3] دېيىشـكە باشـلىغان ۋە ساھابىلىرىنىمۇ مۇشـۇنداق دېيىشـكە بۇيرۇغـان. مۇناسـۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

---

① مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، قەسرۇسسالات 72.
② مەنىسى: «ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن».
③ مەنىسى: «ئۇلۇغ رەببىم پاكتۇر».

﴿**فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِيمِ**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بۇنى رۇكۇئىڭلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلار...» دېدى.[1]

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ**»[2]نى ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم دېيىشنى تەۋسىيە قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار رۇكۇغا بارغان چېغىدا رۇكۇ ھالىتىدە تۇرۇپ ئۈچ قېتىم ‹**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ**› دېسە، قىلغان رۇكۇسى تامام بولىدۇ، لېكىن بۇ ئەڭ ئېزىدۇر...»[3].

بۇ ھەدىستىن رۇكۇدا «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ**» دېگەن تەسبىھنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق دېيىشنىڭ ئەۋزەل بولىدىغانلىقى چىقىدۇ.

## ④ رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈش

نامازئوقۇغۇچى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە رۇكۇنى تاماملىغاندىن كېيىن «**سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ**»[4] دەپ

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 146ـ147؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەت 20.

② مەنىسى: «**ئۇلۇغ رەببىم پاكتۇر**».

③ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 194.

④ مەنىسى: «ئاللاھ ئۆزىگە ھەمد ئېيتقان كىشىنىڭ ھەمدىسىنى ئاڭلىدى».

رۇكـۇدىن بـاش كۆتۈرىـدۇ. نامـازنى يـالغۇز ئوقۇغـان كىشـى رۇكـۇدىن بېشىـنى كۆتـۈرۈپ، تىـك ھـالەتكە كەلگەنـدىن كېيىـن «**رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ**»[1] دەيدۇ[2].

جامائەت بولۇپ ئوقۇلغان نامازدا ئىمام پەقەت «**سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ**»نىلا دەيدۇ. جامائەت «**رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ**»نىلا دەيدۇ. خالىغانلار «**حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ**»[3]نىمۇ دېسە بولىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر: ئەبۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىمام ‹**سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ**› دېگەن چاغدا سىلەر ‹**رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ**› دەڭلار...» [4].

رۇفائە ئىبنى رافىئ زاركى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنـداق دەيـدۇ: بىـر كـۈنى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ كەينىـدە نامـاز ئوقۇۋاتـاتتۇق، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام رۇكـۇدىن تۇرغـان چېغىـدا: «**سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ**» دېـگەن ئىـدى، جامـائەتتىن بىـرى «**حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ**» دېـدى. نامـازدىن كېيىن پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام: «بايىقى سۆزنى قىلغان كىـم؟» دېـدى. ئـۇ كىشـى: «مەن» دېۋىـدى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام: «ئوتتـۇز نەچـچە

---

① مەنىسى: «رەببىمىز! ساڭا ھەمدۇسانالار بولسۇن!».

② بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى: «رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ»نى، «رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ» دەپ «ۋە» ھەرپىنى قوشۇپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ھەدىسلەردە ھەر ئىككىلىسى بار.

③ مەنىسى: «رەببىم! ساڭا كۆپ ۋە بەرىكەتلىك ھەمدۇسانالار بولسۇن».

④ بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 125.

پەرىشتىنىڭ ئۇنى بەس-بەستە يېزىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم» دېدى[1].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ئومۇرتقا سۆڭەكلىرىدىن ھەر بىرى ئۆز جايىغا كەلگەنگە قەدەر تۈپتۈز تۇرغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، پەيغەمبىرىمىز رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەن چېغىدا بىز «سەجدىگە بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟» دەپ قالغۇدەك مىقداردا ئۆرە تۇراتتى، دېگەن مەزمۇندا بىر سۆزىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ[2].

## ⑤ قوللارنى كۆتۈرۈش (رەفئىيەد)

رۇكۇغا بارغاندا ۋە رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە قوللارنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا پەرقلىق رىۋايەتلەر بار. بەزى رىۋايەتلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قوللىرىنى كۆتۈرگەنلىكى، بەزى رىۋايەتلەردە كۆتۈرمىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئۇلاردىن ئىككىسى مۇنداق:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ نامازغا تۇرغان چېغىدا قوللىرىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرەتتى، ئاندىن «اللە أكبر» دەيتتى، رۇكۇغا بارماقچى بولغان چېغىدا قوللىرىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرەتتى، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەن چېغىدىمۇ قوللىرىنى

---

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 126؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 770؛ نەسەئى، سۈنەن، تەتبىق 22.

② بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 127.

كۆتۈرەتتى، لېكىن بۇنى (قول كۆتۈرۈشنى) سەجدىدىن باش كۆتۈرگەن چېغىدا قىلمايتتى①.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئوقۇغان نامازدەك بىر ناماز ئوقۇپ بېرەيمۇ؟» دېدى ۋە ناماز ئوقۇدى. نامازدا قوللىرىنى پەقەت ئەڭ باشتىكى ئىفتىتاھ تەكبىرىدىلا كۆتۈردى②.

بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەر ئەنە شۇنداق پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن فىقھ ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ پەرقلىقتۇر:

ھەنەفىي ۋە مالىكىيلار: «ئىفتىتاھ تەكبىرىدىن باشقا يەردە قوللار كۆتۈرۈلمەيدۇ» دەيدۇ. شافىئىي ۋە ھەنبەلىيلەر: «رۇكۇغا بارغاندا، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە قوللار كۆتۈرۈلىدۇ» دەيدۇ.③

---

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 83-86؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 22 (390)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، سالات 16؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 117؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 190؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىفتىتاھ 1، 2، 3؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 15.

② تىرمىزى، سۈنەن، سالات 191؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 116.

③ نامازدا قول كۆتۈرۈش (رەفئىيەد قىلىش) مەسىلىسى ھەنەفىيە ۋە مالىكىيە مەزھىپى بىلەن باشقا ئىككى مەزھەپنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ قىلىنغان مەسىلىلەردىن بىرىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ھەدىسلەرنى چۈشىنىشتە ئاساس قىلىنىدىغان پرىنسىپلاردۇر. ھەنەفىيلەرنىڭ كۆز قارىشىچە بۇ مەسىلىدە قائىدە شۇدۇر: بىر ھەدىسنى رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلغان كىشى تەلەپكە لايىق فەقىھ يەنى ھەر جەھەتتىن ئىجتىھات قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلىش بىلەن تونۇلغان بولسا، ئۇ كىشى رىۋايەت قىلغان ھەدىس قىياسقا مۇۋاپىق بولسۇن بولمىسۇن قوبۇل قىلىنىدۇ... ساھابىلەردىن تۆت خەلىپە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر، زەيد ئىبنى سابىت، مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئەنە شۇنداق راۋىلاردىندۇر... خەبىرى ۋاھىد قاتارىدىن بولغان بىر ھەدىسنىڭ راۋىسى ھەدىس رىۋايەت قىلىش بىلەن

تونۇلغان بولسىمۇ تەلەپكە لايىق فەقىھ بولمىغان تەقدىردە ئۇ كىشىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى قىياسقا مۇۋاپىق بولسا قوبۇل قىلىنىدۇ، مۇۋاپىق بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ. ساھابىلەردىن ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مانا مۇشۇنداق راۋىلاردىندۇر. (ئۆمەر نەسۇھى بىلمەن، ھوقۇقى ئىسلامىيە ۋە ئىستىلاھاتى فىقھىيىيە قامۇسى، 1- جىلد، 136-137- بەتلەر). بۇنداق مەسىلىلەردە ھەنەفىيە مەزھىپى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن رىۋايەتلەرنى ئاساس ئالىدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ ئالىملىرى قوللارنى كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى بۇخارى ۋە مۇسلىمدە كەلگەن بولسىمۇ دەلىل قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن نامازدا قوللار پەقەت ئىفتىتاھ تەكبىرىدىلا كۆتۈرۈلىدۇ. ھەنەفىيىيە مەزھىپىنىڭ باشقا بىر دەلىلى شۇدۇر: قول كۆتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەدىسلەر مەنسۇختۇر (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان). چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر مۇددەت رەفئىيەد قىلغانلىقى، كېيىن بۇنى تەرك ئەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى بولسا مۇنۇ رىۋايەتتۇر: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى كۆتۈردى، بىزمۇ كۆتۈردۇق. ئۇ تەرك ئەتتى، بىزمۇ تەرك ئەتتۇق». ئۇنىڭ ئۈستىگە قول كۆتۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىس ئەلىي ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئاساسلىنىدۇ. ئاسىم ئىبنى كۇلەيب مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەينىدە ئىككى يىل ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ قوللىرىنى پەقەت ئىفتىتاھ تەكبىرىدىلا كۆتۈرەتتى». تابىئىنلاردىن مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەينىدە ئىككى يىل ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ قوللىرىنى پەقەت ئىفتىتاھ تەكبىرىدىلا كۆتۈرەتتى». بۇ ئۇلارنىڭ قول كۆتۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىڭ مەنسۇخ قىلىنغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ توغرىدا رىۋايەت قىلىنغان خەۋەرلەر بىر-بىرىگە زىت بولغانلىقى ئۈچۈن قول كۆتۈرمەسلىك ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئەگەر قول كۆتۈرۈشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى داۋاملاشقان بولسا بۇنىڭ دەرىجىسى سۈننەت بولىدۇ، داۋاملاشمىغان بولسا بىدئەت بولىدۇ. بىدئەتنى تەرك ئەتمەك، سۈننەتنى ئادا قىلماقتىن مۇھىمدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قول كۆتۈرۈشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى داۋاملاشقان تەقدىردىمۇ قول كۆتۈرمەسلىك نامازنى بۇزۇۋەتمەيدۇ. لېكىن داۋاملاشمىغان تەقدىردە قول كۆتۈرۈش نامازنى بۇزۇۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ نامازغا زىت بىر ئىشنى ئىككى قول بىلەن قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ بولسا «ئەمەلى كەسىر» (كۆپ ئىش) ھېسابلىنىدۇ. (كاسانى، بەدائىئ 2- جىلد، 54- بەت). ئۆزى مەدىنىلىك بولغان ۋە مەدىنە ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى

بىرىنچىسى قول كۆتۈرۈش (رەفئىيەد قىلىش) مەسىلىسى نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مۇشۇنداق قىلساڭ نامىزىڭ تولۇق بولىدۇ. بۇلاردىن بىرىنى كەم قىلساڭ نامىزىڭ كەم بولىدۇ»[1] دەپ نامازنى چۈشەندۈرگەن ھەدىسىمۇ بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇ ھەدىستە ئىفتىتاھ تەكبىردىن كېيىن قول كۆتۈرۈشنىڭ لازىملىقى زىكىر قىلىنمايدۇ. دېمەك، قول كۆتۈرمەسلىك (رەفئىيەد قىلماسلىق) نامازدا بىر نۇقسانلىق پەيدا قىلمايدۇ.

قول كۆتۈرۈش (رەفئىيەد قىلىش) بەزى ئالىملار[2] دېگەندەك سۈننەت بولۇپ، ئۇنى تەرك ئېتىش بىلەن ناماز

---

مەزھىپىدە دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدىغان مالىك ئىبنى ئەنەس بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن رۇكۇغا بارغاندا ۋە رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە كەلتۈرۈلگەن تەكبىرلەر بىلەن بىرلىكتە قول كۆتۈرۈشنى تونۇمايمەن. قوللار پەقەت ئىفتىتاھ تەكبىرىدىلا كۆتۈرۈلىدۇ». (سەھنۇن ئىبنى سەئىد تەنۇخىي، ئەلمۇدەۋۋەنەتۇلكۇبرا، 1- جىلد، 68- بەت)

① تىرمىزى، سۈنەن، سالات 226.

② ھەنەفىيىلەردىن ئەبۇ جەئفەر تاھاۋى (ۋاپاتى: 321- ھىجرىيە) ھەر ئىككى كۆزقاراشقا دەلىل قىلىنغان ھەدىسلەرنى زىكىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ: «ئىفتىتاھ تەكبىرىدە قول كۆتۈرۈش ۋە ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى تەكبىردە قول كۆتۈرمەسلىك توغرىسىدا ھەر ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقلىشىدۇ. لېكىن رۇكۇغا بارغاندا، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ۋە رەكئەت باشلىرىدىكى تەكبىرلەردە قول كۆتۈرۈش توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىدۇ. بىر تەرەپ بۇ تەكبىرلەرنى ئىفتىتاھ تەكبىرى بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن قول كۆتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنە بىر تەرەپ ئۇ تەكبىرلەرنى ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى تەكبىرلەر بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن قول كۆتۈرۈشنىڭ لازىم كەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىرىنچىسى ئىفتىتاھ تەكبىرى نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنىڭ تەرك ئېتىلىشى نامازنى بۇزۇۋېتىدۇ. ئىككى

بۇزۇلمايدۇ. شۇڭا خالىغانلار كۆتۈرسە بولىدۇ، خالىغانلار كۆتۈرمىسە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھېچكىمنى ئەيىبلىمەسلىكى لازىم.

## 5) سەجدە

لۇغەتتە «ئېگىلمەك، بويۇن ئەگمەك، تەۋازۇ بىلەن پېشانىنى يەرگە قويماق» دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغان سەجدە، فىقھ ئىستىلاھىدا نامازدا پېشانە، بۇرۇن، ئىككى ئالىقان ، ئىككى تىز ۋە ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرى زېمىنغا تېگىدىغان شەكىلدە يەرگە يېقىلىشنى ئىپادىلەيدۇ[1].

رۇكۇنىڭ پەرزلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ئوخشاش ۋاقىتتا سەجدىنىڭ پەرزلىكىگىمۇ دەلىل بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

سەجدە ئارىسىدىكى تەكبىر بولسا ئۇنداق ئەمەستۇر. بۇنى تەرك ئېتىش نامازنى بۇزۇۋەتمەيدۇ. رۇكۇغا بارغاندا، رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە ۋە رەكئەت باشلىرىدا ئېيتىلىدىغان تەكبىرلەر نامازنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ تەرك ئېتىلىشى نامازنى بۇزۇۋەتمەيدۇ. بۇ تەكبىرلەر نامازنىڭ سۈننەتلىرىدىندۇر. بۇ تەكبىرلەر ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى تەكبىرگە ئوخشاش نامازنىڭ سۈننەتلىرىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا قول كۆتۈرۈش كېرەك بولمىغاندەك، بۇلاردىمۇ قول كۆتۈرۈش كېرەك بولمايدۇ» - ئەبۇ جەئفەر ئەتتاھاۋى، شەرھۇ مەئانىلئاسار، تەھقىق: مۇھەممەد سەييىد جادۇلھەق، مۇھەممەد زۇھرى نەججار، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، 2- باسمىسى، بېيرۇت، 1987، 1- جىلد، 228- بەت.

① نىھات دالغىن، «سەجدە». دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئىستانبۇل 2009، 36- جىلد، 271- بەت.

**﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَنْ لَا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾**

﴿بىز ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدۇق: «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلما، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ-سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇت﴾.[1]

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا ارْكَعُوا وَاسْجُدُوا وَاعْبُدُوا رَبَّكُمْ وَافْعَلُوا الْخَيْرَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾**

﴿ئى مۇئمىنلار! رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر﴾[2].

بۇ ئايەتلەر نامازدا سەجدە قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر بىر رەكئەتتە ئىككى سەجدە قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە سەجدىنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

### ① سەجدە قىلىش شەكلى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ناماز ئوقۇغۇچى كىشى رۇكۇدىن «**سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ**» دەپ باش كۆتۈرىدۇ ۋە تۈپتۈز ھالەتكە كېلىپ «**رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ**» دەيدۇ. ئاندىن «الله أكبر» دەپ سەجدىگە بارىدۇ. سەجدىدە پېشانىسىنى، بۇرنىنى،

① 22- سۈرە ھەج، 26- ئايەت.
② 22- سۈرە ھەج، 77- ئايەت.

ئالىقانلىرىنى، تىزلىرىنى ۋە پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى يەرگە قويىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر مۇنداق:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەن يەتتە ئەزا بىلەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدۇم» دېگەن ۋە قولى بىلەن پېشانىسى، بۇرنى، ئىككى قولى، ئىككى تىزى ۋە ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچلىرىغا ئىشارەت قىلغان[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئىككى قول، خۇددى يۈز سەجدە قىلغاندەك سەجدە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىڭلار سەجدىدە يۈزىنى (پېشانىسىنى) يەرگە قويسا قوللىرىنىمۇ قويسۇن. يۈزىنى كۆتۈرگەندە قوللىرىنىمۇ كۆتۈرسۇن»[2].

بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەجدە قىلغان چېغىڭدا قولliriڭنى يەرگە قويغىن، جەينەكلىرىڭنى يەردىن كۆتۈرگىن»[3].

ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك ئىبنى بۇھەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ نامازدا سەجدىگە بارغان چېغىدا

---

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 133، 134، 137؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 227-231؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 155؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 203؛ نەسەئى، سۈنەن، تەتبىق 40، 43، 44؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 19.

② ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 155.

③ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 234 (494).

قوللىرىنىڭ ئارىسىنى قولتۇقلىرىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگەنگە قەدەر ئاچاتتى»①.

ئەبۇ ئىسھاق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەرائ ئىبنى ئازىبتىن رەسۇلۇللاھ سەجدە قىلغاندا يۈزىنى قەيەردە قوياتتى؟ دەپ سورىدىم، ئۇ: «ئىككى قولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا» دەپ جاۋاب بەردى②.

## ② سەجدىدىكى تەئدىل ئەركان

رۇكۇدا ۋە رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە تەئدىل ئەركانغا رىئايە قىلىش كېرەك بولغاندەك، سەجدىدىمۇ ۋە ئىككى سەجدە ئارىسىدىمۇ تەئدىل ئەركانغا رىئايە قىلىش كېرەك. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرى رۇكۇ ۋە سەجدىلەردە بېلىنى تولۇق رۇسلىمىغىچە نامىزى يېتەرلىك بولمايدۇ»③.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «نامازغا تۇرغان چېغىڭدا ئاللاھۇ ئەكبەر دېگىن، ئاندىن قۇرئاندىن ساڭا ئاسان بولغاننى ئوقۇغىن، ئاندىن رۇكۇ قىلغىن ۋە رۇكۇدا بەدەن ئورگانلىرىڭ ئارام ئالغانغا قەدەر تۇرغىن. ئاندىن رۇكۇدىن

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 130؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 235 (195)؛ نەسەئى، سۇنەن، تەتبىق 52.

② مۇسلىم، سەھىھ، سالات 234 (494)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 202.

③ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 148؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 196؛ نەسەئى، سۇنەن، ئىفتىتاھ 88.

بېشــىڭنى كۆتــۈرگىن. ئانــدىن رۇســلىنىپ بەدەن ئورگانلىرىــڭ ئــارام ئالغانغــا قەدەر ئــۆرە تــۇرغىن. ئانــدىن ســەجدە قىلغىــن ۋە سەجدىدە ئارام ئالغىن. ئاندىن سـەجدىدىن بېشـىڭنى كۆتـۈرگىن ۋە تۈز ئولتۇرۇپ ئـارام ئـالغىن. نامازنىـڭ پۈتـۈن رەكئەتلىرىنـى بـۇ شەكىلدە ئوقۇغىن»[1].

پەيغەمبىرىمــز رۇكــۇ ۋە ســەجدىلەرنى ئالــدىراپ تەئــدىل ئەركانغــا رىئــايە قىلماســتىن ئوقۇغانلارنىــڭ «نامــاز ئوغرىســى» بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىم[2].

### ③ سەجدىدىكى تەسبىھ

رۇكــۇدا ۋە نامازنىــڭ باشــقا يەرلىرىــدە تەسـبىھ بولغانــدەك ســەجدىدىمۇ تەســبىھ بــار. ھەدىســلەردە پەيغەمبىرىمىزنىــڭ ســەجدىدە خىلمۇخىــل ۋە بىــر-بىرىــدىن پەرقلىــق زىكىــر ۋە تەسـبىھلەرنى ئوقۇغـانلىقى بايـان قىلىنىـدۇ. لېكىن 87- سـۈرە ئەئلانىـڭ 1- ئـايىتى بولغـان «**سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى**»[3] دېـگەن ئايەت نازىل بولغاندا پەيغەمبىرىمىز سـەجدىدە «**سَبِّحِ اسْمَ رَبِّــكَ الْــأَعْلَى**» دېيىشــكە باشــلىغان ۋە ســاھابىلىرىنىمۇ مۇشــۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان.

مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر مۇنداق:

ئــۇقبە ئىبنــى ئــامىر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿**فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِــيمِ**﴾[4] دېـگەن ئـايەت نازىـل بولغانـدا

---

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 122.

② مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، قەسرۇسسالات 72.

③ «ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىڭنىڭ ئىسمىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن».

④ «ئۇ ھالدا ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن».

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بۇنى رۇكۇيىڭلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلار» دېدى. ﴿**سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى**﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا «بۇنى سەجدەڭلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلار» دېدى[2].

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى**»[3]نى ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم دېيىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار رۇكۇغا بارغان چېغىدا رۇكۇ ھالىتىدە تۇرۇپ ئۈچ قېتىم «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ**» دېسە، قىلغان رۇكۇسى تامام بولىدۇ، لېكىن بۇ ئەڭ ئىزىدۇر. سەجدە بارغان سەجدىلىرىدە «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى**»نى ئۈچ قېتىم دېسە سەجدىسى تامام بولىدۇ، لېكىن بۇ ئەڭ ئىزىدۇر»[4].

بۇ ھەدىستىن رۇكۇدا «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ**» دېگەن تەسبىھنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق دېيىشكىمۇ بولىدىغانلىقى چىقىدۇ.

---

① «ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىڭنىڭ ئىسمىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن».

② ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 146-147؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 20.

③ مەنىسى: «ھەممىدىن ئۈستۈن رەببىم پاكتۇر».

④ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 194.

## ④ سەجدىدە قۇرئان ئوقۇشنىڭ چەكلىنىشى

زىكىر ۋە تەسبىھ ئورنى بولغان رۇكۇ ۋە سەجدىدە قۇرئان ئوقۇشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«مەن رۇكۇ ۋە سەجدىدە قۇرئان ئوقۇشتىن مەنئى قىلىندىم. رۇكۇدا ئاللاھقا تەزىم قىلىڭلار. سەجدىدە دۇئا قىلىشقا تىرىشىڭلار. چۈنكى سەجدىدە قىلغان دۇئايىڭلار ئىجابەت بولۇشقا بەك لايىقتۇر»[1].

تۆۋەندىكى ئايەتلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى تەكىتلەيدۇ:

﴿إِنَّمَا يُؤْمِنُ بِآَيَاتِنَا الَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِهَا خَرُّوا سُجَّدًا وَسَبَّحُوا بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ﴾

﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە شۇنداق كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا ئۇ ئايەتلەر ئەسلىتىلسە، دەرھال سەجدىگە بارىدۇ، رەببىگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە چوڭچىلىق قىلمايدۇ﴾.[2]

﴿قُلْ آَمِنُوا بِهِ أَوْ لَا تُؤْمِنُوا إِنَّ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ مِنْ قَبْلِهِ إِذَا يُتْلَى عَلَيْهِمْ يَخِرُّونَ لِلْأَذْقَانِ سُجَّدًا ۞ وَيَقُولُونَ سُبْحَانَ رَبِّنَا إِنْ كَانَ وَعْدُ رَبِّنَا لَمَفْعُولًا﴾

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالات 207 (479)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 147-148، ئەدەپ 88؛ تىرمىزى، سۈنەن، رۇيا 2؛ نەسەئى، سۈنەن، تەتبىق 8، 62؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، رۇيا 1.

② 32- سۈرە سەجدە، 15- ئايەت.

﴿ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: قۇرئانغا خالىساڭلار ئىشىنىڭلار، خالىساڭلار ئىشەنمەڭلار. شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر ئۈزلىرىگە قۇرئان ئوقۇلۇپ بېرىلگەن چاغدا، دەرھال سەجدىگە بارىدۇ ۋە: «رەببىمىز پاكتۇر، رەببىمىزنىڭ ۋەدىسى راستتىنلا ئەمەلگە ئاشتى» دەيدۇ﴾.[1]

بۇ ئايەتلەردە سەجدىدە قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىشنىڭ قۇرئان ئوقۇش ئەمەس، «ئاللاھ پاكتۇر» دېگەن مەزمۇندا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىش ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

## ⑤ سەجدىدە دۇئا قىلىش

مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر سەجدىدە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەكىلدە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتقاندىن كېيىن دۇئا قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بەندىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ھالىتى ئۇنىڭ سەجدىدىكى ھالىتىدۇر. بۇ ۋاقىتتا دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[2].

ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يەرلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ سەجدىدە ھەر خىل دۇئالارنى قىلغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ. ئۇلاردىن ئىككىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

---

① 17- سۈرە ئىسرا، 107- 108- ئايەت.

② مۇسلىم، سەھىھ، سالات 215 (482)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 152.

**«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي»**

«ئى ئاللاھ! ماڭا مەغپىرەت قىل!»

**«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلَّهُ دِقَّهُ وَجِلَّهُ وَأَوَّلَهُ وَآخِرَهُ وَعَلاَنِيَتَهُ وَسِرَّهُ»**

«ئى ئاللاھ! چوڭ-كىچىك، ئاۋۋال-ئاخىر ۋە ئاشكارا-يوشۇرۇن ئۆتكۈزگەن پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىل!»[1]

بۇ دۇئالارغا قارالسا ئۇلارنىڭ ئايەت ئەمەسلىكى، بەلكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەجدىدە كۆڭلىگە كەلگەن بويىچە دۇئا قىلغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇ سەجدىدە تەسبىھلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خالىغان دۇئانى خالىغان تىلدا قىلىشقا بولىدىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى: ھەدىسلەردىن بىلىنىشىچە سەجدىدە دۇئا قىلىشتا پەرز ياكى نەپلە ناماز دەپ پەرق يوقتۇر. ھەرقانداق نامازنىڭ سەجدىسىدە خالىغانچە دۇئا قىلىشقا بولىدۇ.

## ⑥ سەجدىدىن باش كۆتۈرۈش

ناماز ئوقۇغان كىشى سەجدىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بېشىنى كۆتۈرىدۇ ۋە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشتىمۇ تەئدىل ئەركانغا رىئايە قىلىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامىزىنى تەرىپلەپ بەرگەن ساھابىلەر: «رەسۇلۇللاھنىڭ رۇكۇسى، سەجدىسى ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئولتۇرۇشى بىر-بىرىگە يېقىن ئىدى» دەيدۇ[2].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالات 216 (483)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 152.

② بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 140؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 193-194 (471)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 142-143.

ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئولتۇرۇشتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر خىل دۇئالارنى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ رىۋايەتلەردىن بىر قىسمى مۇنداق:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق دەيتتى:

**«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَارْحَمْنِي وَاجْبُرْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي»**

«ئى ئاللاھ! ماڭا مەغپىرەت قىل، ماڭا رەھىم قىل، تېنىمنى ساق قىل، مېنى ھىدايەت قىل، ماڭا رىزىق ئاتا قىل».[1]

**«رَبِّ اغْفِرْ لِي رَبِّ اغْفِرْ لِي»**

«رەببىم! مېنى ئەپۇ قىل، رەببىم! مېنى ئەپۇ قىل!».[2]

بۇ يەرگە قەدەر بىر رەكئەت نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئۆگىنىشكە تىرىشتۇق. نامازنىڭ باشقا رەكئەتلىرىمۇ بۇ بىر رەكئەتكە ئوخشاش ئوقۇلىدۇ. نامازنىڭ پەرز ياكى سۈننەت (نەپلە) ناماز بولۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. ھەممىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە ئوقۇلىدۇ. بىر نامازنىڭ يەنە بىر نامازدىن پەرقى نىيەتتىلا ئايرىلىدۇ، خالاس. لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى: پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى رەكئەتلىرىدە سۈرە فاتىھەلا ئوقۇلىدۇ، سۈرە زەم قىلىنمايدۇ.

---

① تىرمىزى، سۇنەن، سالات 211؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەت 23.
② ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەت 23.

## 6) ئاخىرقى ئولتۇرۇش (قەئدە ئاخىر)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامازنى خاتا ئوقۇغان كىشىگە: «...ئاندىن سەجدىگە بارغىن ۋە سەجدىدە تۈز بولغىن. ئاندىن تۈپتۈز ئولتۇرغىن، ئولتۇرۇشتا ئارام ئالغىن. ئاندىن ئورنۇڭدىن تۇرغىن ۋە پۈتۈن رەكئەتلەرنى بۇ شەكىلدە ئوقۇغىن، مۇشۇنداق قىلساڭ نامىزىڭ تولۇق بولىدۇ. بۇلاردىن ھەرقانداق بىرىنى كەم قىلساڭ نامىزىڭ كەم بولىدۇ»[1] دېگەنلىكى ئاخىرقى ئولتۇرۇشنىڭ نامازنىڭ بىر ئەركانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ناماز بىر شەرتنىڭ ياكى بىر ئەركانىنىڭ كەم بولۇشى بىلەن كەم بولىدۇ. بۇ ئولتۇرۇشنىڭ شەكلى توغرىسىدا پەرقلىق رىۋايەتلەر بار. ئۇلارنىڭ بىرى مۇنداق:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: مەن دادام ئابدۇللاھنىڭ نامازدا تەشەھھۇدتا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ دادامدەك باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردۇم. ئۇ كۈنلەردە يېشىم كىچىك ئىدى. دادام ئابدۇللاھ مېنى بۇ ئولتۇرۇشتىن مەنئى قىلدى ۋە: «نامازدىكى ئولتۇرۇش ئوڭ پۇتنى تىكلەش، سول پۇتنى ياتقۇزۇش شەكلىدە بولىدۇ» دېدى. مەن: «لېكىن سەن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىسەن» دېسەم، ئۇ: «شۇنداق، مەن باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىمەن. چۈنكى مېنىڭ پۇتلىرىم مېنى كۆتۈرەلمەيدۇ» دېدى[2].

---

[1] تىرمىزى، سۇنەن، سالات 226.

[2] بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 145؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، سالات 51؛ نەسەئى، سۇنەن، تەتبىق 95.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبىرىمىزنى ھەر ئىككى پۇتىنى ياتقۇزۇپ ئولتۇرغانلىقمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئولتۇرۇشنىڭ شەكلى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرى، ئوڭ پۇتنى تىكلەپ ئولتۇرۇش،

يەنى بىرى، ئوڭ پۇتنى ياتقۇزۇپ ئولتۇرۇش.

ھەر ئىككىلىسى سەھىھ رىۋايەتلەردە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلىمالار: «ئوڭ پۇتنى تىكلەپ ئولتۇرۇش مۇستەھەپ بولۇپ، بۇنى تەرك قىلىش جايىزدۇر. رەسۇلۇللاھ جايىزنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەر ئىككىسىنى قىلغان»[1] دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## ① ئەتتەھىيياتۇ ئوقۇش

ناماز ئوقۇغۇچى كىشى نامازنىڭ ئاخىرقى سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن ئولتۇرىدۇ، پەيغەمبىرىمىز ئوقۇغان ۋە ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن «ئەتتەھىيياتۇ...»نى ئوقۇيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ماڭا قوللىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ قۇرئاندىن سۈرە ئۆگەتكەندەك ئەتتەھىيياتۇنى ئۆگەتتى»[2].

---

① ئىبراھىم جانان، ھەدىس ئېنسىكلوپېدىيەسى كۇتۇبى سىتتە، ئاقچاغ-زامان، ئىستانبۇل، 8- جىلد، 82- بەت.

② بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 148، 150، ئەمەل فىسسالات 4؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 55-59 (402)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 215؛ نەسەئى، سۈنەن، تەتبىق 100.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇسا، ھەر ئىككى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىيياتۇ... ئوقۇيتتى» دېگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ[1].

شۇڭا نامازدىكى ئولتۇرۇشلاردا ئەتتەھىيياتۇ ئوقۇلىدۇ. ئەتتەھىيياتۇنىڭ شەكلى توغرىسىدا پەرقلىق رىۋايەتلەر كەلگەن. بىز ئۇلاردىن ئەڭ مەشھۇر بولغىنىنى تۆۋەندە يازىمىز، لېكىن ئەتتەھىيياتۇنىڭ پەرقلىق رىۋايەتلەردىكىدىن خالىغان بىرىنى ئوقۇشقا بولىدۇ. ئەڭ مەشھۇر ئەتتەھىيياتۇ شەكلى مۇنداق:

**«اَلتَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ اَلسَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ اَلسَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ»**

«تىل، بەدەن ۋە مال بىلەن قىلغان ئىبادەتلىرىمىز ئاللاھقا خاستۇر. سالام ساڭا بولسۇن ئى نەبى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرىمۇ ساڭا بولسۇن. سالام بىزلەرگىمۇ ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگىمۇ بولسۇن. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. مەن يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر»[2].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالات 240 (498).

② تىرمىزى، سۇنەن، سالات 215؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 177-178؛ نەسەئى، سۇنەن، ئىفتىتاھ 193؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەت 24. بەزى ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەسسەلامۇ ئەلەيكە

ئەتتەھىييـــاتۇدا ئولتۇرغانـــدا ئـــوڭ قولنىـــڭ ئىشـــارەت بارمىقىنى كۆتۈرىـدىغان ئىـش بـار. مۇناسـۋەتلىك ھەدىسـلەردىن بىلىنىشـىچە ئەتتەھىييـاتۇ ئوقـۇش ئەسناسـىدا ئـوڭ قولنىـڭ ئىشارەت بارمىقىدىن باشقا بارماقلىرى يۇمۇلىدۇ[①].

ئەلـى ئىبنـى ئابـدۇراھمان مۇئـاۋىي مۇنـداق دەيـدۇ: ئابـدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر مېنىـڭ نامـازدا ئۇششـاق تاشـلارنى ئويناۋاتقـانلىقىمنى كـۆردى، نـامىزىم ئاخىرلاشـقاندا مېنـى ئۇنـداق

ئەيىيۇھەننەبىييـۇ «السَّلامُ عَلَيْكَ أَيُّهَـا النَّبِـيُّ»نىـڭ ئورنىغـا ئەسسـەلامۇ ئەلەننەبىـي «السَّلامُ عَلَى النَّبِيِّ» يەنى «سالام نەبىگە بولسۇن» دېيىشكە باشـلىغانلىقى رىـۋايەت قىلىنىدۇ. (بۇخارى، سەھىھ، ئىستىئزان 28). لـېكىن ئابـدۇللاھ ئىبنـى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئەتتەھىيياتۇنى مۇشـۇنداق ئـۆگەتتى، بىزمـۇ مۇشـۇنداق ئـۆگىتىمىز» دەپ «ئەسسـەلامۇ ئەلەيـكە ئەيىيۇھەننەبىييـۇ» دېگەن شەكلى بىلەن ئوقۇلۇشىنىڭ تـوغرا بولىـدىغانلىقىنى ئېيتقـان. (ئەھـمەد نەئىم، تەجرىدى سەرىھ تەرجىمىسـى، 2- جىلـد، 877- بەت، 459- ھەدىسـنىڭ شەرھى). بىزنىڭچىمۇ بۇ توغرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىـز ئۆزىنىـڭ قىيامەتكە قەدەر دۇنياغـا كېلىـدىغان پۈتكـۈل ئىنسـانلارنىڭ پەيغەمبـىرى بولغـانلىقىنى بىلگەن تۇرۇپ «ئەتتەھىيياتۇنى مەن ھايات ۋاقتىـدا مۇنـداق، مەن ئۆلگەنـدىن كېيىن ئۇنداق ئوقۇڭلار» دەپ بىر ئەسكەرتىش قىلمىغان.

① بۇ توغرىدىكى ھەدىسلەرنى مەزھەپ ئـالىملىرى پەرقلىـق چۈشـىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتتەھىيياتۇدا ئولتۇرغاندا كۆرسەتكۈچ بارماق بىـلەن ئىشارەت قىلىشلىرى پەرقلىقتۇر. مەسىلەن: ھەنەفىيلەر كۆرسـەتكۈچ بـارمىقىنى ئەتتەھىيياتۇنـــڭ ئاخىرىـــدا كېلىـــدىغان «ئەشـــھەدۇ ئەنـــلا» دىكـــى «لا»دا كۆتـــۈرۈپ، «ئىللەلـــلاھ»دا قويىـــدۇ. شـــافىئىيلار كۆرســـەتكەچ بـــارمىقىنى ئەتتەھىيياتۇنـــڭ ئاخىرىـــدىكى «ئەشـــھەدۇ ئەنـــلا ئىـــلاھە ئىللەلـــلاھ»دىكـــى «ئىللەلـــلاھ»دا بىـــر قېـــتىملا كۆتۈرىـــدۇ. مـــالىكىيلار كۆرســـەتكەچ بـــارمىقىنى ئەتتەھىيـــاتۇدا ئولتۇرغانـــدىن باشـــلاپ تـــا ســـالام بەرگۈچىلـــك ئـــوڭ ۋە ســـول تەرەپـلەرگە ھەرىكەتلەنـدۈرۈپ تۇرىـدۇ. ھەنبەلىـيلەر كۆرسـەتكۈچ بـارمىقىنى «ئـــاللاھ» زىكـــرى قىلىنغـــان ھەر يەردە كۆتۈرىـــدۇ، لـــېكىن ئـــوڭ-ســـولغا ھەرىكەتلەندۈرمەيدۇ. ــــ سەييىد سابىق، فىقھۇسسۇننە، 12- باسمىسى، 1996، قاھىرە-بېيرۇت، 1- جىلد، 128- بەت.

قىلىشىتىن مەنئىي قىلدى ۋە: سەنمۇ رەسۇلۇللاھ قىلغاندەك قىلغىن دېدى، مەن: رەسۇلۇللاھ قانداق قىلاتتى؟ دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ نامازدا ئولتۇرغان چېغىدا ئوڭ قولىنى ئوڭ يوتىسىنىڭ ئۈستىدە قوياتتى، ھەممە بارماقلىرىنى يۇماتتى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى، سول قولىنى سول يوتىسىنىڭ ئۈستىدە قوياتتى[1].

## ② دۇرۇت ئوقۇش

ئەتتەھىييياتۇدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر مۇنداق:

فەدالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىر ئادەمنىڭ ناماز ئوقۇپ ئەتتەھىييياتۇدا دۇئا قىلغانلىقىنى، دۇرۇت ۋە سالام يوللىمىغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە: «بۇ ئادەم ئالدىراپ كەتتى» دېدى. ئاندىن ئۇنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار ناماز ئوقۇغان چېغىدا ئالالاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلاپ، پەيغەمبەرگە دۇرۇت ۋە سالام يوللىسۇن، ئاندىن خالىغىنىچە دۇئا قىلسۇن»[2].

كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھقا: «ئى ئالالاھنىڭ ئەلچىسى! بىزنى ساڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللاشقا ئەمر قىلدىڭ. سالامنى قانداق يوللاشنى بىلىمىز، دۇرۇتنى قانداق يوللايمىز؟» دەپ سورىغان ئىدۇق. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

---

① مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 116 (580)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 180-181؛ نەسەئى، سۇنەن، سەھۋ 33.

② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ۋىتىر 23؛ تىرمىزى، سۇنەن، دەئەۋات 65؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 18/6.

«اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى اِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ اِبْرَاهِيمَ اِنَّكَ حَمِيد مَجِيدٌ»

«اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى اِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ اِبْرَاهِيمَ اِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ»

«ئــى ئــاللاھ! ئىبراھىمنىــڭ ۋە ئىبراھىمنىــڭ ئــائىلە - تاۋابىئاتىنىــڭ شــەنىنى ئۇلــۇغ قىلغىنىڭــدەك، مۇھەممەدنىــڭ ۋە مۇھەممەدنىــڭ ئــائىلە -تاۋابىئاتىنىــڭ شــەنىنى ئۇلــۇغ قىلغىــن. سەن مەدھىيەگە لايىقسەن ۋە ئۇلۇغسەن!

ئى ئاللاھ! ئىبراھىمغا ۋە ئىبراھىمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىغا بەرىــكەت ياغدۇرغىنىڭــدەك مــۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىــڭ ئــائىلە-تاۋابىئاتىغــا بەرىــكەت ياغــدۇرغىن. ســەن مەدھىــيەگە لايىقسەن ۋە ئۇلۇغسەن»[1].

## ③ دۇئا (رەببەنا) ئوقۇش

نامــاز ئوقۇغــۇچى ئەتتەھىييــاتۇ ۋە دۇرۇتلارنــى ئوقــۇپ بولغانــدىن كېيىن خــالىغىنىچە دۇئــا قىلسا بولىــدۇ. بــۇ توغرىــدا پەيغەمبىرىمىزنىــڭ مۇنــداق دېگەنلىكــى رىــۋايەت قىلىنىــدۇ: «... نامـــاز ئوقۇغـــۇچى (ئەتتەھىييـــاتۇ، ئـــاللاھۇمما ســـەللى ئەلا ۋە ئــاللاھۇمما بارىــك ئەلانــى ئوقــۇپ بولغانــدىن كېــيىن) ئــۆزى خالىغان بىر دۇئانى تاللاپ ئوقۇسا بولىدۇ»[2].

---

① بۇخــارى، ســەھىھ، ئەنبىيــا 10، دەئەۋات 31، 32؛ مۇسـلىم، ســەھىھ، سالات 65، 66، 69؛ تىرمىزى، سۇنەن، تەپسىر (33)، 34؛ ئەبـۇ داۋۇد، سـۇنەن، سالات 178-179؛ نەسەئى، سۇنەن، سەھۋ 49، 50، 51، 54.

② بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 150؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 55-58 (402).

پەيغەمبىرىمىز بۇ توغرىدا باشقىلارنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش بىلەن بىرگە ئۆزى ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا پەرقلىق دۇئالارنى قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خالىغانلار ئۇ دۇئالاردىن بىرنى، خالىغانلار ئۆز كۆڭۈللىرىگە كەلگەن بويىچە، خالىغانلار ھەر بىرى ئايەت بولغان تۆۋەنكى ئىككى دۇئانىڭ بىرىنى ئوقۇسا بولىدۇ:

﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

﴿رەببىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىل، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىل، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلا!﴾[①].

﴿رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ﴾

﴿رەببىمىز! ھېساب ئېلىنىدىغان كۈندە ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە بارلىق مۇئمىنلارغا مەغپىرەت قىل!﴾[②].

## 7) سالام بېرىش

ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى ئەلا، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا ۋە دۇئالار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە، ئاندىن سول تەرەپكە سالام بېرىپ نامازدىن چىقىلىدۇ. ئىفتىتاھ تەكبىرىنىڭ نامازنىڭ بىر ئەركانى بولغانلىقىغا دالالەت قىلغان ھەدىس نامازنىڭ ئاخىرىدا سالام

① 2- سۈرە بەقەرە، 201- بەت.
② 14- سۈرە ئىبراھىم، 41- ئايەت.

بىرىنچىسى، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ نامازنىڭ بىر ئەركانى بولغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇ ھەدىس مۇنداق:

«نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەت، بېشى تەكبىر، ئاخىرى سالامدۇر»[1].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانداق سالام بەرگەنلىكىنى ئەمىر ئىبنى سەئد دادىسىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

رەسۇلۇللاھ نامىزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ئوڭ تەرىپىگە ۋە سول تەرىپىگە سالام بېرەتتى. ھەر تەرىپىگە سالام بەرگەندە يۈزىنى شۇ تەرەپكە بۇرايتتى. مەن ئارقىدا بولغان تۇرۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئېگىكىنىڭ ئاقلىقىنى كۆرەتتىم[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ نامىزى ئاخىرلاشقاندا ئوڭ تەرىپىگە ۋە سول تەرىپىگە سالام بېرىۋېتىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ، ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دەيتتى[3].

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 73-74، تاھارەت 31؛ تىرمىزى، سۇنەن، تاھارەت 3، مەۋاقىت 62؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 3؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 123/1.

② مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 119 (582)؛ نەسەئى، سۇنەن، سەھۋ 68.

③ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 189؛ تىرمىزى، سالات 221؛ نەسەئى، سۇنەن، سەھۋ 71.

## 4ـ نامازنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى

بۇ يەرگىچە نامازنى ئەتراپلىق شەكىلدە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتۇق. ئەمدى نامازنىڭ ئادا قىلىنىشىنى ماددىلارغا بۆلۈپ ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1. ناماز ئۈچۈن ئالدىنقى شەرتلەرنى[①] تولۇقلاپ بولغان كىشى قوللىرىنى مۈرىلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا، بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان شەكىلدە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ «**اَللّٰهُ أَكْبَرُ**» دەپ قوللىرىنى باغلاپ تۇرىدۇ.

2. ئاندىن «**سُبْحَانَكَ اللهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ**»نى ئوقۇيدۇ.

3. ئاندىن «**أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ**»نى ئوقۇيدۇ.

4. ئاندىن «**بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ**»نى ئوقۇيدۇ.

5. ئاندىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ.

6. سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئامىن دەيدۇ.

7. ئاندىن سۈرە زەم قىلىدۇ، يەنى سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ ئامىن دېگەندىن كېيىن بىر سۈرە ياكى بىرقانچە ئايەت ئوقۇيدۇ.

---

① بۇ شەرتلەر 5 بولۇپ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1ـ تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش ۋە ياكى تەيەممۇم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى مەنىۋى نىجاسەتتىن پاكىزلاش، 2ـ بەدەننى، كىيىم-كېچەكنى ۋە ناماز ئوقۇلىدىغان جاينى ماددىي نىجاسەتتىن پاكىزلاش، 3ـ ئەۋرەتنى يېپىش (يەنى ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ زىننەت ھېسابلىنىدىغان كىيىمنى كىيىش- (ئەئراف 31/7)، 4ـ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش، 5ـ نىيەت قىلىش (يەنى، قايسى نامازنى ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈش).

بۇنى پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە ۋە باشقا نامازلارنىڭ ھەر رەكئىتىدە قىلىدۇ. ئەگەر سۈرە فاتىھەنى ۋە زەم قىلىدىغان سۈرە ياكى ئايەتلەرنى ئوقۇشنى بىلمىسە «قىرائەت»نىڭ ئورنىدا يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەدىسلەردە ئۆگىتىلگەن زىكىر، تەسبىھ ۋە دۇئالارنى ئوقۇيدۇ.

8. ئاندىن «**اَللّٰهُ أَكْبَرُ**» دەپ رۇكۇغا بارىدۇ. رۇكۇ مۇنداق: ئېگىلىپ ئىككى ئالقان بىلەن ئىككى تىز تۇتۇلىدۇ. بىلەكلەر ۋە پاچاقلار تۈز تۇتۇلىدۇ، پاچاقلار ئېگىلىپ قالسا بولمايدۇ، باش بىلەن بەل بىر سىزىقتا بولىدۇ.

9. ئاندىن رۇكۇدا تۇرۇپ «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمِ**»نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ.

10. ئاندىن «**سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ**» دەپ رۇكۇدىن باش كۆتۈرىدۇ.

11. ئاندىن تۈز ھالەتتە تۇرۇپ «**رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ**» دەيدۇ.

12. ئاندىن «**اَللّٰهُ أَكْبَرُ**» دەپ سەجدىگە بارىدۇ.

سەجدىدە تىزلار يەرگە قويۇلىدۇ. ئىككى پۇتمۇ يەرگە قويۇلۇپ پۇتلارنىڭ ئۇچلىرى ئالدى تەرەپكە ئېگىلىدۇ. ئىككى ئالقان يەرگە قويۇلىدۇ. پېشانە ۋە بۇرۇن ئىككى ئالقاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. بىلەكلەر بىقىنغا تېگىپ قالسا بولمايدۇ. قورساق بىلەن ئىككى يوتا ئارىسىدا ئوچۇقلۇق بولۇشى لازىم.

13. ئاندىن سەجدىدە تۇرۇپ «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى**»نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ.

14. ئاندىن «**اَللّٰهُ أَكْبَرُ**» دەپ سەجدىدىن باش كۆتۈرىدۇ ۋە بىشى تىك، ۋۇجۇدى تۈز ھالەتتە ئولتۇرىدۇ.

15. ئاندىن «**اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي، وَارْحَمْنِي، وَعَافِنِي، وَاهْدِنِي، وَارْزُقْنِي**» دېگەن دۇئانى بىر قېتىم ئوقۇيدۇ.

16. ئاندىن «**اَللّٰهُ أَكْبَرُ**» دەپ ئىككىنچى سەجدىگە بارىدۇ ۋە «**سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَى**»نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ.

17. ئاندىن «**اَللّٰهُ أَكْبَرُ**» دەپ ئىككىنچى سەجدىدىن باش كۆتۈرىدۇ.

18. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تىك ھالەتكە كېلىپ بولغاندىن كېيىن «**بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ**»نى ئوقۇپ ئىككىنچى رەكئەتنى باشلايدۇ. نامازنىڭ ئىككىنچى رەكئىتى بىرىنچى رەكئىتىدەكلا ئوقۇلىدۇ.

19. ئىككىنچى رەكئەتنىڭ ئىككىنچى سەجدىسىدىن كېيىن ئىككى قولنىڭ بارماق ئۇچلىرى ئىككى تىزنىڭ ئۈستىگە توغرا كېلىدىغان شەكىلدە ئىككى قولنى ئىككى تىزنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئولتۇرىدۇ ۋە ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇيدۇ.

20. ئەگەر ناماز ئىككى رەكئەتلىك بىر ناماز بولسا ئەتتەھىيياتۇدىن كېيىن ئاللاھۇممە سەللى ئەلا، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا ۋە رەببەنالارنى ئوقۇيدۇ.

21. ئاندىن ئاۋۋال ئوڭ تەرەپكە ئاندىن سول تەرەپكە «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ.

22. ئەگەر ناماز ئىككى رەكئەتلىكتىن ئارتۇق ناماز بولسا ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپلا «اَللّٰهُ أَكْبَرُ» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېيىنكى رەكئەتلەرنى ئوقۇيدۇ. ھەر رەكئەت يۇقىرىدىكى شەكىلدە ئوقۇلىدۇ.

23. نامازغا باشلىغاندىن تارتىپ نامازدىن سالام بېرىپ چىققۇچىلىك خۇشۇئ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ ۝ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ﴾

﴿مۇئمىنلار ئەلۋەتتە مۇرادىغا يېتىدۇ. ئۇلار نامىزىدا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقۇچى ۋە ئاللاھقا ئېھتىرام بىلدۈرگۈچى كىشىلەردۇر﴾①.

«خۇشۇئ» دېگەن سۆز ئەيمەنمەك، تەپ تارتماق، سۈر باسماق، تۆۋەنلىمەك، ئېھتىرام بىلدۈرمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

نامازدىكى خۇشۇئ كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا بولغانلىقى چۈشەنچىسى بىلەن تەۋازۇ كۆرسىتىپ بويسۇنۇشنى ئىپادىلەيدۇ. خۇشۇئنىڭ قەلبىي تەرىپى، بەندىنىڭ جانابىي ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈپ قەلبىنىڭ كامالى ئېھتىرام تۇيغۇسى ئىچىدە بولۇشىدۇر. خۇشۇئنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بولسا، ۋۇجۇد ئورگانلىرىدا ئۇ ئېھتىرام تۇيغۇسى بىلەن بىر جىمجىتلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى،

① 23- سۈرە مۇئمىنۇن، 1- ۋە 2- ئايەتلەر.

كۆزلەرنىڭ ئوك-سولغا ئەمەس، سەجدە قىلىدىغان يەرگە تىكىلىپ، باشقا بىر نەرسە بىلەن مەشغۇل بولماسلىقىدۇر[1].

نامازنىڭ قىيامىدا بولمىسۇن، باشقا يەرلىرىدە بولمىسۇن، پۈتكۈل باسقۇچلىرىدا خۇشۇئغا توسالغۇ بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش كېرەك. باشنى ئوك-سولغا بۇرىماق، كۆزنى ئوك-سولغا قاراتماق، كىيىم-كېچەك، چاچ-باش ۋە ساقال-بۇرۇتلارنى ئوينىماق، ئۇ يەر-بۇ يەرنى قاشلىماق، تۈگمىنى ئاچماق ياكى ئەتمەك... قاتارلىق ئىشلار خۇشۇئقا توسالغۇ بولىدىغان ئىشلاردۇر. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھتىن نامازنىڭ ئىچىدە باشنى ئوك-سولغا بۇراشنى سورىدىم. ئۇ: «بەندىنىڭ نامىزىدىن شەيتاننىڭ ئوغرىلىغان بىر نەرسىسىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى[2].

## 5- ئاياللارنىڭ نامىزى

نامازنىڭ ئوقۇلۇشى ئاياللار ئۈچۈن پەرقلىق ئەمەس. ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن پەرقلىق ناماز ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا ھېچقانداق ھەدىس يوقتۇر. پەقەت ئەبۇ داۋۇدنىڭ «مەراسىل» ناملىق كىتابىدا بىر رىۋايەت بار.

---

① ئەلمالىلى مۇھەممەد ھەمدى يازىر، ھەق دىنى قۇرئان دىلى، مەتبەئەئى ئەبۇززىيا، ئىستانبۇل، 1936، 4- جىلد، 3428- بەت.

② بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 93، بەدئۇل خەلق 11؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 161؛ تىرمىزى، سۈنەن، جۇمە 59؛ نەسەئى، سۈنەن، سەھۋ 10؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 7/6، 106.

لېكىن بۇ رىۋايەت ھەم سەھىھ مەنبەلەردە بولمىغانلىقى، ھەمدە مۇرسەل[1] بولغانلىقى ئۈچۈن دەلىل بولالمايدۇ[2].

ئاياللارنىڭ نامىزى توغرىسىدا بەزى كىتابلاردا ئېيتىلغان پەرقلەر فىقھ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدۇر، خالاس. ئۇلار بۇ پەرقلەرنىڭ ئاياللارنى ئوبدان يوشۇرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن: ھەنەفىي فىقھ كىتابلىرىدا ئايال كىشىنىڭ قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدە قويۇشى، رۇكۇدا بوشراق ئېگىلىشى، سەجدىنى ئەر كىشىدىن پەرقلىق قىلىشى... زىكىر قىلىنغاندىن كېيىن، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ئايال كىشى ئۈچۈن «يۆگىلىشكە تېخىمۇ ئۇيغۇن بىر ئىش» بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

بولۇپمۇ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بولغان «ھىدايە» ناملىق كىتابتا بۇنىڭدەك پەرقلەرنىڭ سەۋەبى

---

① مۇرسەل ھەدىس: سەنەدىدىن بىر ساھابە چۈشۈپ قالغان ھەدىس، تابىئىنلاردىن بىرى سەنەدىدە ساھابىنى زىكىر قىلماستىن بىۋاستە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ رىۋايەت قىلغان ھەدىس، دېمەكتۇر. مۇرسەل ھەدىسلەر زەئىپ ھەدىسلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. مۇرسەلنىڭ زەئىپ ھېسابلىنىشىنىڭ سەۋەبى سەنەدىنىڭ مۇتتەسىل (ئۈلىنىپ كەلگەن) بولماسلىقىدۇر. مۇرسەل دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا راۋىيسىنىڭ ئۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان ساھابىنى زىكىر قىلماستىن بىۋاستە رەسۇلۇللاھتىن نەقىل قىلىشىدۇر. مۇرسەل ھەدىس دەلىل بولالمايدۇ. بۇ كۆزقاراش ئۈستىدە ھەدىس ھافىز ۋە مۇھەققىقلىرى بىردەك ئىتتىپاق قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇنى ئەسەرلىرىدە تىلغا ئالىدۇ. مۇسلىم، سەھىھ، ئۆزىنىڭ «سەھىھ»ىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ۋە ھەدىسچىلەرنىڭ قەتئىي قانائىتى شۇدۇركى، مۇرسەل ھەدىس دەلىل بولالمايدۇ» (سۇبھى سالىھ، ھەدىس ئىلىملىرى ۋە ھەدىس ئىستىلاھلىرى، تەرجىمە، م. ياشار قاندىمىر، 4-باسمىسى، ئەنقەرە 1986، 137-139- بەتلەر).

② ناسىرۇددىن ئەلبانى، ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنىڭ شەكلى.

داۋاملىق «**لأَنَّهَا أَسْتُرٌ لَهَا** ــــ بۇ ئۇ ئايالنى تېخىمۇ ئوبدان يېپىپ تۇرغۇچىدۇر» دېگەن شەكىلدە بايان قىلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن پەرقلىق ناماز ئوقۇشىنىڭ «يوشۇرۇنلۇقى تېخىمۇ ئۈيغۇن» بولىدىغانلىقىغا دائىر نە بىر ئايەت، نە بىر ھەدىس يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش نامازلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغاندەك ئوقۇشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر-ئايال ئايرىماستىن: «مېنىڭ قانداق ناماز ئوقۇغانلىقىمنى كۆرگەن بولساڭلار، شۇنداق ناماز ئوقۇڭلار» دېگەن[1].

## 6. نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار

نامازنىڭ ئەركانلىرىدىن ياكى شەرتلىرىدىن بىرىنىڭ كەم بولۇشى نامازنى بۇزىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا نامازنى بۇزىدىغان نەرسىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەتتۇر:

گەپ قىلماق، يۈزنى قىبلىدىن بۇرىماق، يېمەك، ئىچمەك، ئاۋاز بىلەن كۈلمەك، تاھارەتنىڭ سۇنۇپ كېتىشى، دۇنيالىق بىر سەۋەب بىلەن يىغلىماق، ئاھ ئۇرماق، ئۇھ تارتماق، ئىڭرىماق ۋە كۆپ ئىش قىلماق (ئەمەلى كەسىر). ئەمەلى كەسىر نامازدا نامازنى بۇزغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىش قىلماق دېمەكتۇر.

---

[1] بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 18.

## خۇلاسە

يۇقىرىدا نامازنىڭ مەنىسى، شەرتلىرى ۋە ئەركانلىرى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا نامازنىڭ تېشىدىكى ۋە ئىچىدىكى پۈتۈن پەرزلىرى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كىتابنى بۇ يەرگىچە دىققەت بىلەن ئوقۇغان كىشى بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇشنى ئۆگىنەلەيدۇ.

دىنىمىز ئەمىر قىلغان ۋە تەرغىب قىلغان بارلىق نامازلارنىڭ، يەنى پەرز بولسۇن، نەپلە بولسۇن پۈتۈن نامازلارنىڭ شەرتلىرى، شەكىللىرى، ئەركانلىرى ۋە ناماز ئىچىدە ئوقۇلىدىغان زىكىر-تەسبىھ ۋە دۇئالىرى ئوخشاشتۇر. شۇڭا بىر رەكئەت نامازنى ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغان كىشى بارلىق نامازلارنى ئوقۇشنى ئۆگەنگەن بولىدۇ. چۈنكى بىر ناماز بىلەن يەنە بىر نامازنىڭ پەرقى پەقەت نىيەتتىلا كۆرۈلىدۇ.

# ئىككىنچى بۆلۈم
# بەش ۋاخ ناماز

بەش ۋاخ ناماز ئىنسانىنىڭ ئاللاھقا ھۆرمەت قىلغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچلۈك ۋە جانلىق تۇتىدىغان بىر ئىبادەتتى بولۇپ، ئۇ ئىبادەت ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئەركانىدىن بىرىدۇر[1].

«قۇرئان كەرىم»دە كامىل ئوقۇلغان بەش ۋاخ نامازنىڭ يامانلىقلارغا توسالغۇ بولىدىغانلىقى[2]، ئاللاھتىن ياردەم تىلەشنىڭ ئىككى شەرتىدىن بىرىنىڭ بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇش ئىكەنلىكى[3]، بەش ۋاخ نامازنىڭ پەقەت ئاللاھقا چىن قەلبىدىن ئېھتىرام بىلدۈرىدىغانلارغىلا ئېغىر كەلمەيدىغانلىقى، قەلبىدە مەنىۋى كېسەللىك بولغانلارنىڭ ۋە ئاللاھقا سەمىمىي بولمىغانلارنىڭ بەش ۋاخ نامازغا ھۇرۇنلۇق بىلەن تۇرىدىغانلىقى، بەش ۋاخ نامازنىڭ بۇنداقلارغا ئېغىر بىر جاپا تۇيۇلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە[4].

ئاللاھ تائالا بەش ۋاخ نامازغا شۇنچىۋالا ئەھمىيەت بەرگەنكى، ھېچبىر شارائىتتا ئۇلارنى تەرك قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغان، ھەتتا ئۇرۇش ئەسناسىدىمۇ مۇسۇلمانلارنى جامائەتنى

[1] ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى بەش ئەركان ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىرىنچىسى ‹ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ئىككىنچىسى ناماز ئوقۇش، ئۈچىنچىسى زاكات بېرىش، تۆتىنچىسى ھەج قىلىش، بەشىنچىسى روزا تۇتۇشتۇر» — (بۇخارى، سەھىھ، ئىمان 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 19-22).

[2] 29- سۈرە ئەنكەبۇت، 45- ئايەت.

[3] 2- سۈرە بەقەرە، 45- ئايەت.

[4] 2- سۈرە بەقەرە 245- ئايەت؛ 4- سۈرە نىسا 142- ئايەت؛ 9- سۈرە تەۋبە، 54- ئايەت.

ئىككىــگە ئايرىــپ بولســمۇ نامــازنى ئــۆز ۋاقتىــدا ئوقۇشــقا بۇيرۇغان[1].

شــۇنىڭ بىــلەن بىــر ۋاقىتتــا ســەپەر ئۈســتىدە نامــازنى قىســقارتىپ ئوقۇشــقا بولىــدىغانلىقىنىمۇ بايــان قىلىــپ، بــۇ ئىبادەتنىڭ داۋاملىق قىلىنىشى ئۈچۈن بىر قىسىم ئاسانلىقلارنى يولغــا قويــۇپ بەرگەن. جۈملىــدىن قــادىر بولالمىغانلارنىــڭ ئولتۇرۇپ، يېتىپ، مىڭىپ تۇرۇپ، ئۇلاغ ياكى قاتناش ۋاستىسى ئۈســتىدە كېتىۋېتىــپ ئىشــارەت بىــلەن بولســىمۇ نامــازلىرىنى ئوقۇشقا بۇيرۇغان[2]. شۇنىڭدەك، بەزى شارائىتلار ئاستىدا پېشىن بىــلەن نامــازدىگەرنى، نامازشــام بىــلەن نامــاز خــۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغان[3].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿...إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا﴾

﴿...شۈبھىســىزكى، نامــاز مۇئمىنلارغــا ۋاقىتلىــرى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر﴾[4].

بــۇ ئــايەتتە ئــادەم ئەلەيھىســسالامدىن تارتىــپ تــا قىيامەتكىچە پۈتكۈل مۇئمىنلارغا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ پەرز

---

① 4- سۈرە نىسا، 102- ئايەت.

② 4- سۈرە نىسا، 103- ئايەت.

③ «قۇرئــان كەرىــم»دە پېشــىننىڭ ئــاخىرقى ۋاقتــى، نامازدىگەرنىــڭ ئاۋۋالقى ۋاقتى، نامازشامنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى، خۇپتەننىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتى زىكىر قىلىنمايــدۇ. بــۇ، پېشــىن بىــلەن نامــازدىگەرنى، نامازشــام بىــلەن خــۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىس كىتابلىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ نامازلارنى مۇشۇنداق بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ.

④ 4- سۈرە نىسا، 103- ئايەت.

قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. 2- سۈرە بەقەرەنىڭ 238- ئايىتى، 11- سۈرە ھۇدنىڭ 114- ئايىتى ۋە 17- سۈرە ئىسرانىڭ 78- ئايىتى قاتارلىق ئايەتلەردە بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇشنىڭ بىز ئۈممەتى مۇھەممەدىيەگىمۇ پەرز قىلىنغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. دېمەك، نامازنىڭ ۋاقتى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، ئۆز ۋاقتىنىڭ تېشىدا ئوقۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بۇ ئىبادەتنى ئۆز ۋاقتى ئىچىدە ئوقۇشقا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پەرزنى ئادا قىلىشنى ئۆز ئەملىيىتى بىلەن ئۆگەتكەن، شۇنداقلا بەش ۋاخ نامازنى مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان شەرت ئىكەنلىكىنى ھەر پۇرسەتتە ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەقىدىمىزگە شېرىك ئارىلىشىپ قالسا ئەقىدىمىز قوبۇل بولمىغاندەك، ئەمەل-ئىبادەتلىرىمىزگە بىدئەت ئارىلىشىپ قالسا ئەمەل-ئىبادىتىمىز قوبۇل بولمايدۇ. شۇڭا بەش ۋاخ نامازنى تەلەپكە لايىق ئوقۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىنى ئايەت-ھەدىستىن ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 1- بەش ۋاخ نامازنىڭ تارىخى

بەش ۋاخ نامازنىڭ تارىخى يەر يۈزىگە ئىنسان ئاپىرىدە بولۇش بىلەن باشلىنىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلىرىدىن بەش ۋاخ نامازنىڭ تۇنجى بولۇپ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەت ئەمەسلىكى، ئەكسىچە نامازنىڭ تا ئادەم

ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە، شۇنداقلا بارلىق ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغانلىقى چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿شَرَعَ لَكُمْ مِنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ...﴾

﴿ئاللاھ، ئۆزى نۇھقا بۇيرۇغان نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن دىنىنىڭ قانۇنى قىلدى. ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان نەرسىنىمۇ، بىز ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بۇيرۇغان نەرسىنىمۇ سىلەر ئۈچۈن دىنىنىڭ قانۇنى قىلدۇق. ئۇ نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر: دىنىنى توغرا چۈشىنىپ ھۆكۈملىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىڭلار، دىندا پىرقىلەرگە بۆلۈنمەڭلار﴾[1].

بۇ ئايەت دىنىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە بەندىنىڭ رەببى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگەرمەس سىمۋولى بولغان نامازنىڭ پۈتۈن شەرىئەتلەردە بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدەك، تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ نامازنىڭ پۈتكۈل ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغانلىقى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەنمەكتە. ئايەتلەر مۇنداق:

﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِلْعَالَمِينَ﴾

﴿ئىنسانلار ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەتگاھ مەككىدىكى كەئبىدۇر. ئۇ مۇبارەكتۇر، ئالەملەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر﴾[2].

---

① 42- سۈرە شۇرا، 13- ئايەت.

② 3- سۈرە ئال ئىمران، 96- ئايەت.

كەئبە ئىنسانلار ئۈچۈن سېلىنغان تۇنجى ئىبادەتگاھتۇر. بۇ ئايەتتىكى «ئىنسانلار» تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىبادەتگاھتا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە نامازنىڭمۇ بارلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَنْ لَا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ﴾

﴿بىز ئىبراھىمنى بەيتۇللاھنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغان چېغىمىزدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدۇق: «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلما، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ-سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈمنى پاك تۇت»﴾[1].

﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ اجْعَلْ هَذَا الْبَلَدَ آمِنًا وَاجْنُبْنِي وَبَنِيَّ أَنْ نَعْبُدَ الْأَصْنَامَ ۞ رَبِّ إِنَّهُنَّ أَضْلَلْنَ كَثِيرًا مِنَ النَّاسِ فَمَنْ تَبِعَنِي فَإِنَّهُ مِنِّي وَمَنْ عَصَانِي فَإِنَّكَ غَفُورٌ رَحِيمٌ ۞ رَبَّنَا إِنِّي أَسْكَنْتُ مِنْ ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِنْدَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُوا الصَّلَاةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُمْ مِنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ ۞ رَبَّنَا إِنَّكَ تَعْلَمُ مَا نُخْفِي وَمَا نُعْلِنُ وَمَا يَخْفَى عَلَى اللَّهِ مِنْ شَيْءٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ ۞ الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي وَهَبَ لِي عَلَى الْكِبَرِ إِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ إِنَّ رَبِّي لَسَمِيعُ الدُّعَاءِ ۞ رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلَاةِ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم مۇنداق دېدى: رەببىم! بۇ شەھەرنى بىخەتەر قىلغىن، مېنى ۋە ئەۋلادىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ساقلىغىن! رەببىم! ھەقىقەتەن ئۇ بۇتلار نۇرغۇن

---

① 22- سۈرە ھەج، 26- ئايەت.

ئىنسانلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىم ماڭا ئەگەشسە مەندىندۇر، كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا سەن ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مەرھەمەت قىلغۇچىسەن. رەببىمىز! مەن ئائىلەمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ يېنىدىكى زىرائەتسىز ۋادىغا يەرلەشتۈردۈم. **رەببىمىز! ئۇلارنى، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم.** شۇڭا بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارغا ھەر خىل مېۋە ۋە مەھسۇلاتلاردىن رىزىق ئاتا قىلغىن. ئۈمىد قىلىمەنكى، ئۇلار شۈكۈر قىلغاي. رەببىمىز! بىز مەيلى يوشۇرۇن قىلايلى، مەيلى ئاشكارا قىلايلى، سەن بىزنىڭ ھەممە قىلمىشىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن. زېمىندا بولسۇن، ئاسماندا بولسۇن ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي بولۇپ قالمايدۇ. ياشىنىپ قالغان چېغىمدا ماڭا ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ رەببىم دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر. رەببىم! **مېنى نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگۈچى قىلغىن، نەسلىمدىنمۇ نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگۈچى كىشىلەر چىقارغىن.** رەببىمىز! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن﴾[1].

**﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ مِنْ ذُرِّيَّةِ آدَمَ وَمِمَّنْ حَمَلْنَا مَعَ نُوحٍ وَمِنْ ذُرِّيَّةِ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْرَائِيلَ وَمِمَّنْ هَدَيْنَا وَاجْتَبَيْنَا إِذَا تُتْلَى**

[1] 14- سۈرە ئىبراھىم، 35~40- ئايەت.

**عَلَيْهِمْ آيَاتُ الرَّحْمَنِ خَرُّوا سُجَّدًا وَبُكِيًّا ۝ فَخَلَفَ مِنْ بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا﴾**

﴿ئەنە شۇلار ئاللاھ ئىنئام قىلغان نەبىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئادەمنىڭ نەسلىدىندۇر، بەزىسى بىز نۇھ بىلەن بىللە قۇتقۇزغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر، بەزىسى ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ھىدايەت قىلغان ۋە تاللىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا رەھماننىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، يىغلىشىپ سەجدىگە باش قويىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يامان بىر نەسىل كەلدى. ئۇ نەسىل نامازنى زايە قىلغان ۋە خاھىشلىرىغا ئەگەشتى. ئۇلار ئازغۇنلۇقنىڭ جازاسىنى يېقىندا تارتىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم، لۇت، ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسەلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَجَعَلْنَاهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا وَأَوْحَيْنَا إِلَيْهِمْ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَإِقَامَ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءَ الزَّكَاةِ وَكَانُوا لَنَا عَابِدِينَ﴾**

﴿بىز ئۇلارنى ئەمرىمىز بويىچە توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان يېتەكچىلەر قىلدۇق، ئۇلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەشنى، زاكاتنى بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق. ئۇلار بىزگىلا ئىبادەت قىلغۇچىلار ئىدى﴾[2].

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلىنى (ئائىلە-تاۋابىئاتىنى) نامازنى ئۆتەشكە ۋە زاكاتنى

① 19- سۈرە مەريەم، 58- ۋە 59- ئايەتلەر.

② 21- سۈرە ئەنبىيا، 73- ئايەت.

بېرىشــكە بۇيرۇيــدىغان بەنــدە ئىكەنلىكىنـــى بايـــان قىلىـــدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

**﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَبِيًّا. وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا﴾**

﴿ئى مۇھەممەد! بـۇ كىتابتـا ئىسـمائىلنىمۇ زىكـر قىلغىـن. ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇرىـدىغان بىـرى ئىـدى، ئەلچـى ئىـدى، نەبى ئىدى. ئۇ ئائىلىسىنى نامازنى ئۆتەشـكە ۋە زاكـاتنى بېرىشـكە بۇيرۇيتتى. ئۇ رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن بىرى ئىدى﴾[1].

ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسـرائىلغا قىلغـان **﴿وَأَقِيمُوا الصَّـلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الـرَّاكِعِينَ﴾** ﴿نامـازنى تولـۇق ۋە داۋاملىـق ئۆتەڭلار، زاكـاتنى بېـرىڭلار ۋە رۇكـۇ قىلغـۇچىلار بىـلەن بىـرلىكتە رۇكۇ قىلىڭلار﴾[2] دېگەن بۇيرۇقى بىـزگە پەرز قىلىنغـان نامازنىـڭ ئەينـــى شـــەكىلدە يەھۇدىيلارغىمـــۇ پەرز قىلىنغـــانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئـاللاھ تائـالا باشـقا بىـر ئـايەتتە يەھـۇدىيلاردىن ئالغـان ئەھــدىنىڭ ئىچىــدە نامــاز ۋە زاكــاتنىڭمۇ بــارلىقىنى بىلــدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا اللَّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُوا لِلنَّاسِ حُسْنًا وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ إِلَّا قَلِيلًا مِنْكُمْ وَأَنْتُمْ مُعْرِضُونَ﴾**

---

① 19- سۈرە مەريەم، 54- ۋە 55- ئايەت.

② 2- سۈرە بەقەرە، 43- ئايەت.

﴿ئـۆز ۋاقتىـدا بىـز ئىسـرائىل ئەۋلادىـدىن: «ئـاللاھتىن غەيـرىيگە ئىبـادەت قىلمـاڭلار. ئاتـا-ئاناڭلارغـا، ئـۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلارغـا، يېتىملارغـا، مىسـكىنلەرگە ياخشـىلىق قىلىڭـلار؛ ئىنسـانلارغا ياخشـى گەپ قىلىڭـلار. نامـازنى تولـۇق ۋە داۋاملىـق ئـۆتەڭلار. زاكـاتنى بېـرىڭلار!» دەپ كەسـكىن ئەھـدە ئالغـان ئىـدۇق[1]. ئـى ئىسـرائىل ئەۋلادى! ئانـدىن كېـيىن ئـاراڭلاردىكى ئـازغىنە كىشـىلەردىن باشـقا ھەممىڭـلار بـۇ ئەھـدىڭلاردىن يېنىۋالدىڭلار. سىلەر سۆزىدە تۇرمايدىغان كىشىلەرسىلەر﴾[2].

ئـاللاھ تائـالا بـۇ بـۇيرۇقنى مۇسـا ۋە قېرىندىشـى ھـارۇن ئەلەيھىسسالاملارغا قىلغان خۇسۇسـىي بىـر بۇيرۇقنىـڭ ئىچىـدىمۇ تەكرارلايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

**﴿وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى وَأَخِيهِ أَنْ تَبَوَّآ لِقَوْمِكُمَا بِمِصْرَ بُيُوتًا وَاجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ قِبْلَةً وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ﴾**

﴿بىز مۇساغا ۋە قېرىندىشىغا مۇنـداق دەپ ۋەھـيي قىلـدۇق: ئىككىڭـلار مىسـىردا قەۋمىڭـلار ئۈچـۈن ئـۆيلەر تەييـارلاڭلار. ئـى ئىسـرائىل ئەۋلادى! ئـۆيلىرىڭلارنى نامازگـاھ قىلىڭـلار، نامـازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئـۆتەڭلار. ئـى مۇسـا! مۇئمىنلارغـا خـۇش خەۋەر بەرگىن﴾[3].

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئالاھىـدە قىلىـپ مۇنـداق دەيدۇ:

**﴿إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾**

---

① 5- سۈرە مائىدەنىڭ 12- ئايىتىمۇ بۇ ئەھدىنى بايان قىلىدۇ.

② 2- سۈرە بەقەرە، 83- ئايەت.

③ 10- سۈرە يۇنۇس، 87- ئايەت.

﴿شۇبھىسىزكى، مەن ئاللاھدۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. ئۇنداقتا سەن ماڭا ئىبادەت قىلغىن ۋە مېنىڭ زىكرىم ئۈچۈن نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن!﴾[①].

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش بىلەن ياردەم تەلەپ قىلىش» توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ھەم مۇسۇلمانلارغا ھەم بەنى ئىسرائىلغا قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق:

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾**

﴿ئى مۇئمىنلار! سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئۆتەش ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. شۇبھىسىزكى ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[②].

**﴿وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ﴾**

﴿سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش بىلەن ياردەم تىلەڭلار. شۇبھىسىزكى، ناماز ھەقىقەتەن ئېغىر بىر ۋەزىپىدۇر. لېكىن ئۇ ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقۇچى ۋە ئاللاھقا ئېھتىرام بىلدۈرگۈچىلەر ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس﴾[③].

ئەھلى كىتابقا قەتئىي شەكىلدە قىلىنغان ئەمرلەرنىڭ ئىچىدە نامازنىڭمۇ بارلىقى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن ئېنىق بىلىنىدۇ. ئۇ ئايەتلەردىن بىرى مۇنداق:

---

① 20- سۈرە تاھا، 14- ئايەت.

② 2- سۈرە بەقەرە، 153- ئايەت.

③ 2- سۈرە بەقەرە، 45- ئايەت.

﴿وَمَا تَفَرَّقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَّا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَتْهُمُ الْبَيِّنَةُ. وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾

﴿كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىن پىرقىلەرگە ئايرىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ۋە ھەقىقەتنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان ھالدا ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەشكە، زاكاتنى بېرىشكە ئەمر قىلىنغان ئىدى. ئەنە شۇ توغرا دىندۇر﴾[①].

لۇقمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتلىرىدىن بىرىنىڭ ناماز ئىكەنلىكىنى مۇنۇ ئايەت ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

﴿يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾

﴿ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن ۋە بېشىڭغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغىن. مانا بۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر﴾[②].

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغانلىقىنى سۆزلىگەنلىكى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنىدۇ:

---

① 98- سۈرە بەييىنە، 4- ۋە 5- ئايەتلەر.

② 31- سۈرە لۇقمان، 17- ئايەت.

﴿...وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَا دُمْتُ حَيًّا﴾

﴿ئاللاھ مېنى ھاياتلا بولسام نامازنى ئۆتەشكە ۋە زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇدى﴾[1].

بۇ ئايەتلەر بىزگە پەرز قىلىنغان نامازنىڭ تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئېتىبارەن پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە پەرز قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ناماز ۋاقىتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر «جىبرىئىل ھەدىسى»دە بايان قىلىنغانىدەك جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى كۈن ئىماملىق قىلغان، بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئەمەلىيەتتە تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھەممەد! مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىدۇر. سېنىڭ ناماز ئوقۇش ۋاقتىڭ مۇشۇ ئىككى ۋاقىتنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتتۇر» دېدى[2].

دېمەككى، بەش ۋاخ ناماز بەش ۋاقىت بىلەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە پەرز قىلىنغان ئەڭ ئاساسلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

## 2. ئاخىرقى ئۈممەتتە بەش ۋاخ ناماز

ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرقى ئۈممەتكە (يەنى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە) ناماز توغرىلىق قىلغان

---

① 19- سۈرە مەريەم، 31- ئايەت.

② بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىت 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 166-167؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 1؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 2.

بۇيرۇقى ﴿أَقِيمُــــوا الصَّـــلَاةَ﴾ ﴿نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئوقۇڭلار﴾ دېگەن شەكىلدىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلىرىدە «نامازنى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز «**الصَّلَاةَ**» مەئرىفە (يەنى ئېنىق ئىسىم) بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە پەرز قىلىنغان بەش ۋاقىت نامازنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەتلەرمۇ ئۇتتۇرىغا قويغان ئىدى.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿أَقِيمُــــوا الصَّـــلَاةَ﴾ ﴿نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئوقۇڭلار﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ:

«ئى ئۈممەتى مۇھەممەد! مەن تارىختىن بۇيان پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئۈممەتلىرىگە پەرز قىلغان بەش ۋاخ نامازنى سىلەرگىمۇ پەرز قىلدىم، بۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىلەرمۇ ئۇ بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلىڭلار».

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ تائالا ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا 2- سۈرە بەقەرەنىڭ 238- ئايىتى، 11- سۈرە ھۇدنىڭ 114- ئايىتى ۋە 17- سۈرە ئىسرانىڭ 78- ئايىتى قاتارلىق ئايەتلەرنى نازىل قىلىش بىلەن بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

## 3- بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿...إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا﴾**

﴿...شۇبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلارغا ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى مۇئمىنلارنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇشلىرىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بولسا، بۇ نامازنىڭ بەش ۋاخ ناماز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

﴿**حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَى...**﴾

﴿نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار...﴾[2].

بۇ ئايەتتە «نامازلار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە سەلەۋات «**الصَّلَوَاتِ**»دۇر. بۇ كەلىمە سەلات «**الصَّلَاة**»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. ئەرەبچىدە كۆپلۈك شەكىل (جەمئى) ئەڭ ئاز ئۈچ نەرسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداقتا ئايەتتىكى سەلەۋات «**الصَّلَوَاتِ**»نىڭ مەنىسى ئەڭ ئاز «ئۈچ ناماز» بولىدۇ. ئايەتتە بۇ «نامازلار» بىلەن بىرلىكتە «ئوتتۇرا ناماز» دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم بىر ناماز ئەمر قىلىنماقتىدۇر. ئۈچتىن كېيىن ئوتتۇرىسى بولغان تۇنجى سان بەشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەت ئەڭ ئاز بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ پەرزلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا بۇ ئايەتتىكى «**الصَّلَوَاتِ** (نامازلار)» تۆت ۋاخ نامازنى، «**الصَّلَاةِ الْوُسْطَى** (ئوتتۇرا ناماز)» بىر ۋاخ نامازنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئايەتتە «نامازلار» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سەلەۋات «**الصَّلَوَاتِ**» سەلات «**الصَّلَاةُ**»نىڭ

---

[1] 4- سۈرە نىسا، 103- ئايەت.

[2] 2- سۈرە بەقەرە، 238- ئايەت.

كۆپلۈك شەكلى (جەمئىسى)دۇر. ئەرەبچىدە كۆپلۈك شەكىل (جەمئى ) ئۈچ نەرسىنى ۋە ئۈچتىن ئارتۇق نەرسىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر بۇ سەلەۋات «**الصَّلَوَاتِ**» دېگەن كەلىمە كۆپلۈكنىڭ ئەڭ ئاز تەرىپى بولغان ئۈچنى ئىپادىلىسە، بۇ تەقدىردە ئۇ «**الصَّلَوَاتِ** (نامازلار)»، «**الصَّلاَةِ الْوُسْطَى** (ئوتتۇرا ناماز)» بىلەن بىرلىكتە تۆت ۋاقىت ناماز بولىدۇ.

تۆتنىڭ ئوتتۇرىسى يوقتۇر. بۇ تەقدىردە «**الصَّلاَةِ الْوُسْطَى** (ئوتتۇرا ناماز)»، «**الصَّلَوَاتِ** (نامازلار)»غا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا»لىق ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەۋات «**الصَّلَوَاتِ** (نامازلار)» دېگەن كۆپلۈك كەلىمە ئۆزىنىڭ مەنىلىرىدىن بىرى بولغان تۆتنىلا ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى بۇ كەلىمىنىڭ ئۆز مەنىلىرىدىن بولغان باشقا مەنىلەرنى (مەسىلەن: 5، 6، 7 لەرنى) ئىپادىلىشىگە، بەش ۋاقىت ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئايەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر توسالغۇ بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق بولغاندا يەنى سەلەۋات «**الصَّلَوَات** (نامازلار)» دېگەن كۆپلۈك كەلىمە تۆتنى ئىپادىلىگەندە، سالاتىل ۋۇستا «**الصَّلاَةِ الْوُسْطَى** (ئوتتۇرا ناماز)»، ئۇ «نامازلار»غا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا»لىق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ، چۈنكى بۇ تەقدىردە بۇ نامازلار توپلام «بەش ناماز» بولىدۇ. بەشنىڭ ئوتتۇرى بولىدۇ: (11<u>1</u>11).

ئـايەتتىكى «حَـــافِظُوا (مۇھـاپىزەت قىلىڭـلار)» دېـگەن بـۇيرۇق بولسـا، ئـۇ «بەش نامـاز»نـى ئـۆز ۋاقتـىدا ئـادا قىلىشـنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 4. بەش ۋاخ نامازنىڭ ھېكمىتى

بەش ۋاخ نامـــاز ئوقـــۇش ئىنســـاننى قەبىـــھ ســـۆز. ھەرىكەتلەردىــن ۋە يامـان ئىشـلاردىن توسـۇپ، ئۇنىـڭ روھىنـى پـاكلاپ، ئـۇنى دۇنيـا ۋە ئـاخىرەتتە ئاللاھنىـڭ رەھمـىتىگە لايىـق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿اُتْلُ مَا أُوحِيَ إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ وَأَقِمِ الصَّلَاةَ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَلَذِكْرُ اللَّهِ أَكْبَرُ وَاللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَصْنَعُونَ﴾

﴿ئى مۇھەممەد! سەن ئۆزۈڭگە ۋەھىـي قىلىنغـان كىتـابنى تـــلاۋەت قىلغـــن، نامـــازنى تولـــۇق ۋە داۋاملىـــق ئـــۆتىگىن. شۈبھىســـىزكى، نامـــاز قەبىـــھ ســـۆز.ھەرىكەتلەردىـــن ۋە يامـــان ئىشـلاردىن توسـىدۇ. ئاللاھنىـڭ زىكـرى ئەڭ بۈيۈكتـۇر. ئـاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىدۇ﴾[1].

## 5. بەش ۋاخ نامازنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بىـر كـۈنى يېنىـدىكى سـاھابىلىرىگە:

[1] 29. سۈرە ئەنكەبۇت، 45. ئايەت.

«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! بىرىڭلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇ كۈنىگە بەش قېتىم شۇ ئۆستەڭدىكى سۇغا چۆشۈپ يۇيۇنۇپ تۇرسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىر قالامدۇ؟» دېگەن ئىدى، ئۇلار: «ياق، ئۇنىڭ كىرلىرىدىن ھېچ نەرسە قالمايدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا بۇ بەش ۋاخ نامازنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ بەش ۋاخ ناماز بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى[1].

## 6- بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى[2]

بەش ۋاخ نامازنىڭ «نامازنىڭ تەرىپى»دە زىكىر قىلىنغان شەرتلىرىدىن[3] باشقا بىر شەرتى بار بولۇپ، بۇ شەرت ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ۋاقتىنىڭ كىرىشىدۇر. بىر نامازنى

---

① بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىت 6؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 282؛ تىرمىزى، سۇنەن، ئەمسال 5؛ نەسەئى، سۇنەن، سالات 7.

② بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرى تەبىئىي سائەت بولغان كۈن بىلەن بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ الشَّمْسَ ضِيَاءً وَالْقَمَرَ نُورًا وَقَدَّرَهُ مَنَازِلَ لِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ مَا خَلَقَ اللَّهُ ذَلِكَ إِلَّا بِالْحَقِّ يُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ شۇنداق زاتكى كۈننى نۇر مەنبەسى، ئاينى نۇر ئەكس ئەتتۈرگۈچى قىلدى ۋە ئايغا مەنزىللەر تەيىن قىلدى. ئاللاھ بۇنى يىللارنىڭ سانىنى ۋە ۋاقىتلارنىڭ ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى. ئاللاھ بۇلارنى پەقەت ھەق بىلەنلا ياراتتى. ئاللاھ ئايەتلىرىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ﴾ (10- سۈرە يۇنۇس، 5- ئايەت). ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ۋاقىتلارنى ئاي ۋە كۈن بىلەن بەلگىلىشىمىزنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ۋاقىتلار كۈنلۈك، ئايلىق ۋە يىللىق بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئايلىق ۋە يىللىق ھېساب ئاي بىلەن، كۈنلۈك ھېساب كۈن بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

③ بۇ شەرتلەر بەش بولۇپ، مۇنۇلاردىن ئىبارەتتۇر: 1- مەنىۋى نىجاسەتتىن پاكلانماق، 2- ماددىي نىجاسەتتىن پاكلانماق، 3- ئەۋرەتنى ياپماق، 4- قىبلىگە يۈز كەلتۈرمەك، 5- نىيەت قىلماق.

ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى ئوقۇغىلى بولمىغاندەك، ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿...إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا﴾

﴿شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلارغا ۋاقىتلىرى بەلگىلەنگەن **پەرزدۇر**﴾[1].

«قۇرئان كەرىم»دە بۇ ۋاقىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئايەتلەر بار. ئۇ ئايەتلەر نامازلارنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇلۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، كۈندە قانچە ۋاخ ناماز ئوقۇشنىڭ لازىملىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىككى يەردە «**أَقِمِ الصَّلَاةَ** (نامازنى تولۇق ئادا قىلغىن)» دېگەن ئەمرى بىلەن نامازنى تولۇق ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەقىم «**أَقِـــمِ**» ـــ «قىيام» مەسدىرىدىن تۈرلەنگەن ئۆتۈملۈك بۇيرۇق پېئىلى بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «ئۆرە تۇرغۇزغىن» دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىككى ئايەتتە ئەقىم ئەمرىدىن كېيىن كەلگەن كەلىمە ئەسسەلات «**الصَّلَاةَ**»دۇر. بۇ ئەسسەلات مەئرىفە (ئېنىق ئىسىم)دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايەتلەردىكى ئەسسەلات «**الصَّـــلَاةَ**» مۇئمىنلار تەرىپىدىن تونۇلغان نامازنى يەنى كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنى كۆرسىتىدۇ.

نامازنى ئۆرە تۇرغۇزۇشقا قىلىنغان بۇيرۇق، بەش ۋاخ نامازنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا، بەلگىلەنگەن شەكىللەردە

---

[1] 4ـ سۈرە نىسا، 103ـ ئايەت.

ئوقۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز بۇ ئەسىرىمىزدە ئەسلى لۇغەت مەنىسى «ئۆرە تۇرغۇزغىن» بولغان ئەقىم «**أَقِم**» پېئىلىگە «تولۇق ئادا قىلغىن» دەپ مەنا بېرىمىز. چۈنكى بىزچە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن ئىككىنچىسىنى ئاسان چۈشەنگىلى بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق:

**1. ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِنَ اللَّيْلِ ...﴾**

﴿نامازنى كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن...﴾[1].

بۇ ئايەتنىڭ «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە» دەپ تەرجىمە قىلىنغان قىسمى تەرەفەيىننەھار «**طَرَفَيِ النَّهَارِ**»دۇر. تەرەفەيىننەھار «**طَرَفَيِ النَّهَارِ**» ئىزافەتلىك بىرىكمىدۇر. بۇ بىرىكمىدە مۇزافۇ ئىلەيھ تەرەفەي «**طَرَفَي**»دۇر. تەرەفەي، تەرەف «**طَرَف**» كەلىمىسىنىڭ ئىككىلىك شەكلىدۇر.

تەرەپ كەلىمىسى ئەرەبچىدە بىر تەرەپ، بىر تۇپ، بىر تۈركۈم، چېگرا، يان دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ[2]. بۇ كەلىمە «قۇرئان كەرىم»دە مۇزاف (ئېنىقلانغۇچى) بولۇپ كەلگەندە مۇزافۇن ئىلەيھ (ئېنىقلىغۇچى)نىڭ بىر پارچىسى بولۇپ كېلىدۇ[3]. بۇنىڭغا ئاساسەن ئايەتتە ئۆتكەن «كۈندۈزنىڭ

---

① 11- سۈرە ھۇد، 114- ئايەت.

② ئىبنى فارىس، مەقايىسۇللۇغە ت ر ف؛ راغىب ئەلئىسفەھانى، مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان ت ر ف؛ ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇل ئەرەب ت ر ف.

③ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر: 3- سۈرە ئال ئىمران، 127- ئايەت؛ 13- سۈرە رەئد، 41- ئايەت؛ 20- سۈرە تاھا، 130- ئايەت؛ 21- سۈرە ئەنبىيا، 44- ئايەت.

ئىككى تەرىپى» كۈندۈزگە تەۋە بولغان ۋاقىتلاردىن ئىككىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان قىسمى زۇلەفەن مىنەللەيل «**زُلَفاً مِّنَ اللَّيْلِ**»دۇر. زۇلەف «**زُلَف**»، زۇلفە «**زُلْفَة**»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆپلۈك ئەرەبچىدە ئەڭ ئاز ئۈچنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ كەلىمىنىڭ لۇغەت مەنىسى «يېقىنلىق» دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا زۇلەفەن مىنەللەيل «**زُلَفاً مِّنَ اللَّيْلِ**»نىڭ مەنىسى «كېچىدىن بولۇپ كۈندۈزگە يېقىن بولغان ئۈچ ۋاقىت» دېگەن بولىدۇ.

ئايەتتىكى «نامازنى كامىل ئۆتىگىن» دېگەن بۇيرۇق، كۈندۈزگە تەۋە ئىككى ۋاقىتتا ۋە كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ئۈچ بۆلۈمىدە يەنى بەش ۋاقىتتا نامازنى ئۈزلۈكسىز ئادا قىلىش بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ 2- سۈرە بەقەرەنىڭ 238- ئايىتىدىكى «نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقمۇ پەقەت بۇ شەكىلدىلا ئورۇندىلىدۇ. چۈنكى ئۈزلۈكسىز ئۆرە تۇرغۇزۇلمىغان نەرسە مۇھاپىزەت قىلىنغان بولمايدۇ.

دېمەك، بۇ ئايەتتىكى «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە» ئوقۇلۇشى پەرز بولغان ئىككى ۋاقىت ناماز بامدات بىلەن نامازشام ئەمەس، پېشىن بىلەن نامازدىگەردۇر. چۈنكى بامدات ۋە نامازشامنىڭ ۋاقىتلىرى كېچىگە تەۋە ۋاقىتلاردۇر. بۇ ۋاقىتلارغا كۈندۈزنىڭ تەرەپلىرى دېيىلمەيدۇ. «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا» ئوقۇلۇشى پەرز بولغان ئۈچ ناماز

بولسا، نامازشام، خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىدۇر. چۈنكى بۇ ئۈچ ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرى كېچىگە تەۋە ۋاقىتلاردۇر، ھەممىدە كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلاردۇر.

**2. ﴿أَقِمِ الصَّلَاةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ وَقُرْآنَ الْفَجْرِ...﴾**

﴿نامازنى كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقۇچىلىق بولغان ئارىلىقتا تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن...﴾[1].

«كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ» دېگەن ئىپادە، 11- سۈرە ھۇدنىڭ 114- ئايىتىدىكى «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپى»نىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

«كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقۇچىلىق» دېگەن ئىپادە بولسا، يەنە 11- سۈرە ھۇدنىڭ 114- ئايىتىدىكى «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرى»نىڭ بىرىنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتە «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرى»دىن بىرى «بامدات» دەپ ئايرىم زىكىر قىلىنىدۇ.

**3. ﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا وَمِنْ آنَاءِ اللَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ النَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَى﴾**

﴿ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىل. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ

---

[1] 17- سۈرە ئىسرا، 78- ئايەت.

تەسبىھ ئېيتىش. كېچىنىڭ ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ تەرەپلىرىدىمۇ تەسبىھ ئېيتقىن. رازى بولۇشۇڭ مۇمكىن﴾[1].

بۇ ئايەت بەش ۋاخ نامازنىڭ ئالدى-كەينىدىكى نەپلە (سۈننەت) نامازلارنىڭ، چاشگاھ ۋە تەھەججۇد نامازلىرىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىغا، بامداتنىڭ ۋە نامازدىگەرنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغا، بەش ۋاخ نامازنىڭ، تەھەججۇد ۋە چاشگاھ نامازلىرىنىڭ ۋاقىتلىرىغا دالالەت قىلىدۇ.

**4. ﴿فَسُبْحَانَ اللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَعَشِيًّا وَحِينَ تُظْهِرُونَ﴾**

﴿ئاخشامغا ئۇلاشقان ۋە ئاخشامدا بولغان، ئەتىگەنگە ئۇلاشقان ۋە ئەتىگەندە بولغان چاغلىرىڭلاردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىلماقتىدۇر. كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدىمۇ، چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتقا ئۇلاشقان ۋە بۇ ۋاقىتتا بولغان چاغلىرىڭلاردىمۇ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾[2].

بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرىنچىسىدە ئاللاھ تائالا، 11- سۈرە ھۇدنىڭ 114- ئايىتىدە ئۆتكەن «كېچىدىن بولۇپ كۈندۈزگە يېقىن ئۈچ ۋاقىت»نىڭ ئىككىسىنى مەسائ «**مساء**» ۋاقتى، بىرىنى سەباھ «**صباح**» ۋاقتى دەپ، ئەسلىدە ئۇ ئۈچ ۋاقىتنىڭ ئىككى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

① 20- سۈرە تاھا، 130- ئايەت.

② 30- سۈرە رۇم، 17- ۋە 18- ئايەتلەر.

يەنى «ئاخشامغا ئۇلاشقان ۋە ئاخشامدا بولغان»دا ئىككى قېتىم ناماز ئوقۇلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى نامازشام، يەنە بىرى خۇپتەندۇر. بۇ ئىككى نامازنىڭ ۋاقتى ئايرىم-ئايرىم ئىككى ۋاقىت بولسىمۇ ئەسلىدە ھەر ئىككى ۋاقىت «ئاخشام (**مساء**)» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئەتىگەنگە ئۇلاشقان ۋە ئەتىگەندە بولغان»دا ئوقۇلىدىغان ناماز بامدات نامىزىدۇر. «كۈندۈزنىڭ ئاخىرى»دا ئوقۇلىدىغان ناماز نامازدىگەردۇر. «چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتقا ئۇلاشقان ۋە بۇ ۋاقىتتا بولغان»دا ئوقۇلىدىغان ناماز پېشىندۇر.

**5. ﴿وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ﴾**

﴿كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭگە ھەمد ئېيتىپ تەسبىھ ئېيتقىن﴾[1].

بۇ ئايەت بامدات بىلەن نامازدىگەرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىنى بەلگىلەيدۇ.

## 1) پېشىننىڭ ۋاقتى

پېشىننىڭ ۋاقتى كۈن تىكلىنىپ غەرب تەرەپكە قايرىلغاندا باشلىنىدۇ. ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايىتىدە ئۆتكەن «**لِدُلُوكِ الشَّمْسِ** (كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ)» دېگەن ئىپادە بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

---

① 50- سۈرە قاف، 39- ئايەت.

## 2) نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى

نامازدىگەرنىڭ ۋاقتى كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدۇر. 30- سۈرە رۇمنىڭ 18- ئايىتىدە ئۆتكەن «**عَشِيّاً** (كۈندۈزنىڭ ئاخىرى)» دېگەن ئىپادە بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. 20- سۈرە تاھانىڭ 130- ئايىتىدىكى ۋە 50- سۈرە قافنىڭ 39- ئايىتىدىكى «**قَبْلَ غُرُوبِهَا**، **قَبْلَ الْغُرُوبِ** (كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى)» دېگەن ئىپادە نامازدىگەرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3) نامازشامنىڭ ۋاقتى

نامازشامنىڭ ۋاقتى كۈن كىرىپ كەتكەن ھامان باشلىنىدۇ. 30- سۈرە رۇمنىڭ 17- ئايىتىدىكى «**حِينَ تُمْسُونَ** (ئاخشامغا ئۇلاشقان ۋە ئاخشامدا بولغان چېغىڭلاردا)» دېگەن ئىپادە نامازشام بىلەن خۇپتەننىڭ ھەممە ۋاقتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، نامازشامنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## 4) خۇپتەننىڭ ۋاقتى

خۇپتەننىڭ ۋاقتى نامازشامنىڭ ۋاقتىدىن كېيىنلا كىرىپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا ئاخىرلىشىدۇ. 17- سۈرە ئىسرانىڭ 78- ئايىتىدىكى «**إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ** (كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقانغا قەدەر)» ئىپادىسى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

ئـايەتلەردە پېشـىنىنىڭ ئـاخىرقى ۋاقتـى، نامازدىگەرنىـڭ ئـاۋۋالقى ۋاقتـى، نامازشـامنىڭ ئـاخىرقى ۋاقتـى ۋە خۇپتەنىنىـڭ ئاۋۋالقى ۋاقتى بايـان قىلىنمايـدۇ. بـۇ كـۈن قايرىلغانـدىن تارتىـپ كـۈن پـاتقۇچە بولغـان ئـارىلىقتىكى ۋاقتىنىـڭ پېشـىن بىـلەن نامازدىگەرنىـڭ ئورتـاق ۋاقتـى ئىكەنلىكىـگە، كـۈن پاتقانـدىن باشلاپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقۇچىلىق بولغان ئـارىلىقتىكى ۋاقتىنىڭ نامازشام بىلەن خۇپتەنىنىڭ ئورتـاق ۋاقتـى ئىكەنلىكـگە دالالەت قىلىدۇ.

پەيغەمـــبەر ئەلەيهىسســـالامنىڭ پېشـــىن بىـــلەن نامـازدىگەرنى، نامازشـام بىـلەن خـۇپتەننى بىرلەشـتۈرۈپ بەزىـدە ئالـدىغا تارتىـپ (جەمئـي تەقـدىم قىلىـپ)، بەزىـدە كېچىكتـۈرۈپ (جەمئي تەخىر قىلىپ) ئوقۇشىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ.

## 5) بامداتنىڭ ۋاقتى

بامداتنىڭ ۋاقتى تاڭنىڭ يورۇشـى بىـلەن باشـلىنىدۇ. 30- سـۈرە رۇمنىـڭ 17- ئايىتىـدىكى «**حِـينَ تُصْـبِحُونَ** (ئەتىگەنـگە ئۇلاشـقان ۋە ئەتىگەنـدە بولغـان چـېغىڭلاردا)» دېـگەن ئىپـادە بامـدات نامىزىنىـڭ ھەمـمە ۋاقتىنـى كۆرسـىتىش بىـلەن بىـرگە، ئـاۋۋالقى ۋاقتىنىمـۇ كۆرسـىتىدۇ. 20- سـۈرە تاھانىـڭ 130- ئايىتىدىكى ۋە 50- سۈرە قافنىـڭ 39- ئايىتىـدىكى «**قَبْلَ طُلُـوعِ الشَّـمْسِ** (كـۈن چىقىشـتىن ئىلگـىرى)» دېـگەن ئىپـادە بولسـا، بامـدات نامىزىنـىڭ ئـاخىرقى ۋاقتىنـى كۆرسـىتىدۇ. 17- سـۈرە ئىسرانىڭ 78- ئايىتىـدىكى «**الْفَجْرِ** (بامـدات)» ئىپادىسـى بامـدات

نامىزنىڭ ھەممە ۋاقتىنى كۆرسەتتى. چۈنكى بامدات تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ كۈن چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتتۇر.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى كۈن ئىمامىلىق قىلىپ كۆرسىتىپ قويغان ناماز ۋاقىتلىرى يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە بەلگىلەنگەن ۋاقىتلارنىڭ ئۆز ئەينىدۇر. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس تۆۋەندىكىچە:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل كەئبىنىڭ يېنىدا ماڭا ئىككى قېتىم ئىمام بولدى. بىرىنچى قېتىمدا، پېشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئاياغنىڭ (كەشىنىڭ) بوغقۇچىسىدەك بولغاندا ئوقۇدى، نامازدىگەرنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزى بىلەن تەڭ بولغاندا ئوقۇدى، نامازشامنى كۈن پاتقان ۋە روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلغان چاغدا ئوقۇدى، خۇپتەننى شەپەق يوق بولغاندا ئوقۇدى، بامداتنى تاڭ يورۇپ روزا تۇتقۇچىغا يېمەك-ئىچمەك ھارام بولغان چاغدا ئوقۇدى. ئىككىنچى قېتىمدا پېشىننى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بويىغا تەڭ كېلىدىغان بولغاندا يەنى بىرىنچى قېتىمدا نامازدىگەرنى ئوقۇغان ۋاقىتتا ئوقۇدى، نامازدىگەرنى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئىككى ئوخشىشىغا تەڭ بولغاندا ئوقۇدى. نامازشامنى يەنە بىرىنچى قېتىم ئوقۇغان ۋاقىتتا ئوقۇدى، خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندە ئوقۇدى، بامداتنى ئەتراپ ئاقارغاندا ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ماڭا قاراپ مۇنداق دېدى: ‹ئى مۇھەممەد! مانا بۇ سەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز

ئوقـۇش ۋاقتـىـدۇر. سـىنىڭ نامـاز ئوقـۇش ۋاقتـىـڭ مۇشـۇ ئىككـى ۋاقتىننىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتتۇر››»[1].

## 7ـ ئەزان

### 1) ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا نَادَيْتُمْ إِلَى الصَّلَاةِ اتَّخَذُوهَا هُزُوًا وَلَعِبًا ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَعْقِلُونَ﴾

﴿سىلەر نامازغا ئەزان ئېيتقان چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى مەسـخىرە ۋە ئويـۇن ئـوبيېكتى قىلىۋالـدۇ. چـۈنكى ئـۇلار ئەقىلسىزلىكتىن ئىشلەتمەيدىغان قەۋمدۇر﴾[2].

ئاللاھ تائالا بـۇ ئـايەتتە بەش ۋاخ نامـازنى مۇسـۇلمانلارنىڭ جامـائەت بولـۇپ ئوقۇشـىنىڭ ۋە ئـۇ نامازلارغـا ئەزان ئېيتىشـنىڭ لازىملىقىنـى ئوتتۇرىغـا قويـدۇ. سـۈرە جۈمـۇئەدە بولسـا جـۈمە نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئېيتىشنىڭ لازىملىقىنـى ئالاھىـدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

---

[1] بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىـت 2؛ مۇسـلىم، سـەھىھ، مەسـاجىد 166ـ167؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 1؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 2.

[2] 5ـ سۈرە مائىدە، 57ـ ۋە 58ـ ئايەتلەر.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِي لِلصَّلَاةِ مِن يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلار! جۈمە كۈنى نامازغا ئەزان ئېيتىلغاندا، ئاللاھنىڭ زىكرىگە يۈگۈرۈڭلار. ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾[1].

دېمەككى، ئەزان نامازغا چاقىرىش بىلەن بىرگە يەنە ئىسلامنىڭ شوئارىدۇر. يەنى ئەزان 5- سۈرە مائىدەنىڭ 58- ئايىتى، 62- سۈرە جۇمۇئەنىڭ 9- ئايىتى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بىلەن يولغا قويۇلغان بىر ئىبادەتتۇر.

## 2) ئەزاننىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلار ئەگەر ئەزان ئېيتىشنىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشتىن باشقا چارە تاپالمىسا ئىدى، چوقۇم چەك تاشلىغان بولاتتى»[2].

---

① 62- سۈرە جۇمۇئە، 9- ئايەت.

② بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 9، 32، شاھادەت 30؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 129 (437)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 166 (225)؛ نەسەئى، سۇنەن، مەۋاقىت 22 (1، 269)، ئەزان 31 (2، 23)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، نىدا 3 (1، 68).

«نامازغا ئەزان ئېيتىلسا، شەيتان ئەزاننى ئاڭلىماي دەپ ئوسۇرغان پېتى كەينىگە قاراپ تىكىۋېتىدۇ»[①].

پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەدىستە ئەزان ئېيتىشنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى، مۇئەززىننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتىنىڭ ناھايىتى كاتتا ئىكەنلىكىنى، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ، بولۇپمۇ نامازغا بۇرۇن كېلىپ بىرىنچى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇشقا ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرگەن.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى مۇئەززىنلەرنىڭ (ئەزان ئېيتقۇچىلارنىڭ) بويۇنلىرى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ»[②].

مۇئەززىننىڭ بوينىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۇنىڭ شەرىپىنى ۋە قىيامەتتىكى مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى مۇئەززىن كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىپ ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. كىمكى ياخشىلىققا يېتەكلىسە، شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغىمۇ يېتىپ تۇرىدۇ.

---

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 49، ئەمەل قىسسالات 18، سەھۋى 6، بەدئۇلخەلق 11؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 19 (389)، مەساجىد 83 (389)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 31 (516)؛ نەسەئى، سۇنەن، ئەزان 30 (2، 21)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، نىدا 6 (1، 69).

② مۇسلىم، سەھىھ، سالات 14 ـ (387)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئەزان 5، 725.

## 3) مۇئەززىننىڭ ۋەزىپىسى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مۇئەززىن ئامانەتچىدۇر»①، دېگەن. چۈنكى مۇئەززىنگە نامازنىڭ ۋاقىتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن ئامانەت قويۇلغان، ئۇ بۇ ئامانەتنى ھەر نامازنىڭ ۋاقتىدا ئەزان ئوقۇش ئارقىلىق ئامانەت ئىگىلىرى بولغان مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرىدۇ.

شۇڭا مۇئەززىن نامازنىڭ ۋاقتىغا دىققەت قىلىپ تۇرۇپ ۋاقىت كىرگەن ھامان ئەزان ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەر ساھەسىدە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكەنلەر تۇيۇقسىز ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ-دە، ناماز ۋاقتى بوپتۇ، دەپ تاھارەت ئېلىپ مەسجىد-جامەلەرگە يۈگۈرىدۇ. ھېچبولمىسا تۇرغان يەرلىرىدە بولسىمۇ نامازلىرىنى ئادا قىلىدۇ.

## 4) ئەزاننى ئاڭلىغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەزاننى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەڭلار. ئاندىن ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار. كىمكى ماڭا بىر دۇرۇت ئېيتسا، ئۇنىڭ بىر دۇرۇتى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئون رەھمەت ئاتا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالادىن مەن ئۈچۈن ۋەسىلىنى سوراڭلار، ۋەسىلە جەننەتتىكى بىر ئورۇن بولۇپ، ئۇ

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 32 (517)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 153 (207)؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 485/14، 390/16.

پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرلا بەندىگە نېسىپ بولىدۇ. شۇ بەندىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن، كىمكى ئاللاھ تائالادىن ماڭا شۇ ئورۇننى تىلەيدىكەن، ئۇنىڭغا شاپائىتىم نېسىپ بولىدۇ»[1].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەندە، سىلەردىن كىم سەممىيلىك بىلەن: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېسە، مۇئەززىن: «ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەندە، «ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېسە، مۇئەززىن: «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېگەندە، «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېسە، مۇئەززىن: «ھەييە ئەلەسسالاھ» دېگەندە، «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دېسە، مۇئەززىن: «ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېگەندە «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دېسە، مۇئەززىن: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەندە، «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېسە، مۇئەززىن: «لا ئىلاھە ئىللاھ» دېگەندە، «لا ئىلاھە ئىللاھ» دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ[2].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالات 7، 11 (384)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 523؛ تىرمىزى، سۈنەن، مەناقىب 3614؛ نەسەئى، سۈنەن، ئەزان 678.

② مۇسلىم، سەھىھ، سالات 12 (385)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 36 (527).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بولۇپ تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇيدىكەن، قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ:

**«اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ، وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الوَسِيلَةَ وَالفَضِيلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ»**

«ئى بۇ كامىل دەۋەتنىڭ ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋەسىلىنى ۋە پەزىلەتنى ئاتا قىل. ئۇنى، سەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان مەدھىيەلىنىدىغان بىر ماقامغا ئېرىشتۈرگىن»[1].

(كامىل دەۋەت ئەزاندۇر. ۋەسىلە جەننەتتە بىر جاي بولۇپ، پەقەت بىر كىشىگىلا نېسىپ بولىدۇ، پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۇ كىشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. پەزىلەت ئالىي مەرتىۋە دېمەكتۇر. مەدھىيەلىنىدىغان ماقام سۈرە ئىسرانىڭ 79-ئايىتىدە ۋەدە قىلىنغان).

## 8- نامازنىڭ رەكئەتلىرى

نامــاز تــۇنجى بولــۇپ بىرنىــڭ پەيغەمبىرىمىــزگە پەرز قىلىنغــان ئىبــادەت ئەمەس. ئەكســىچە نامــاز يۇقىرىــدا دەپ

---

[1] بۇخـارى، سـەھىھ، ئەزان 8؛ ئەبـۇ داۋۇد، سـۈنەن، سـالات 28 (529)؛ تىرمىـزى، سـۈنەن، سـالات 157 (211)؛ نەسـەئى، سـۈنەن، ئەزان 38 (2، 26)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئەزان 4 (722).

ئۈتكىنىمىزدەك پۈتكۈل پەيغەمبەر ۋە بارلىق ئۈممەتلەرگىمۇ بەلگىلەنگەن ئىبادەتتۇر. ئىبراھىم، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان مەككىلىكلەرنىڭ نامازدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ:

﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَبِيًّا ۞ وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا﴾

﴿بۇ كىتابتا ئىسمائىلنىمۇ زىكىر قىلغىن. ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغان بىرى ئىدى، رەسۇل ئىدى، نەبى ئىدى. ئۇ ئائىلىسىنى نامازنى ئۆتەشكە ۋە زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇيتتى. ئۇ رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن بىرى ئىدى﴾.[1]

بۇ سەۋەبتىن ناماز پەرز قىلىنغان چاغدا مەككىلىكلەر ئۇچۇن بۇ ئىبادەتنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقى نامەلۇم ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىدە ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەلگەن تۇنجى ئەمرلەر «**وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ** (نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەڭلار)»[2] دېگەن شەكىلدە بولغان. يەنى بۇ ئايەتلەر ئۇلارغا: «سىلەر بىلىدىغان ئۇ نامازنى ئادا قىلىڭلار» دېگەنلىك بولاتتى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ناماز پەرز قىلىنغاندا مەككىلىكلەر ھەيران قالمىغان.

① 19- سۈرە مەريەم، 54- ۋە 55- ئايەتلەر.
② 6- سۈرە ئەنئام، 72- ئايەت؛ 30- سۈرە رۇم، 31- ئايەت.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال ھەج ئىبادىتىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا: ﴿**الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ**﴾ ﴿ھەج بىلىنگۈچى ئايلاردىدۇر﴾[1] دېگەن، لېكىن ھېچبىر ئايەتتە بۇ ئايلارنىڭ قايسى ئايلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلمىغان. ھەجنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلغان باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**وَيَذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ فِي أَيَّامٍ مَعْلُومَاتٍ عَلَى مَا رَزَقَهُمْ مِنْ بَهِيمَةِ الْأَنْعَامِ**﴾

﴿ئۇلار ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلىرىدىن بىلىنگەن كۈنلەردە بىسمىللاھ دەپ قۇربانلىق قىلسۇن﴾[2].

ئاللاھ تائالا بۇ يەردىمۇ بۇ «بىلىنگۈچى كۈنلەر»نى بايان قىلمىغان. دېمەككى، ھەج ۋە قۇربانلىقنىڭ زامانى خۇددى نامازدا بولغاندەك مەككىلىكلەر تەرىپىدىن ناھايىتى ياخشى بىلىنەتتى.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِنْدَ اللَّهِ اثْنَا عَشَرَ شَهْرًا فِي كِتَابِ اللَّهِ يَوْمَ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ**﴾

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 197- ئايەت.

② 22- سۈرە ھەج، 28- ئايەت.

﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئايلارنىڭ سانى، ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان كۈندىكى ھۆكمىگە ئاساسەن ئون ئىككى ئايدۇر. بۇلاردىن تۆتى ھارام ئايلاردۇر﴾[1].

لېكىن بۇ ھارام ئايلارنىڭ قايسى ئايلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلمايدۇ. چۈنكى ھارام ئايلارنىڭ زۇلقەئىدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەب ئايلىرى ئىكەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلەتتى.

ناماز رەكئەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھارام ئايلاردەك تەۋاتۇرەن (ئۈزۈلۈكسىز) بىلىنىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق ئاللاھ تائالا يەنىلا بۇ توغرىدا بەزى يىپ ئۇچلىرىنى بەرگەن. مۇناسىۋەتلىك بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

**﴿وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي الْأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَقْصُرُوا مِنَ الصَّلَاةِ إِنْ خِفْتُمْ أَنْ يَفْتِنَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا إِنَّ الْكَافِرِينَ كَانُوا لَكُمْ عَدُوًّا مُبِينًا ۞ وَإِذَا كُنْتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلَاةَ فَلْتَقُمْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُوا فَلْيَكُونُوا مِنْ وَرَائِكُمْ وَلْتَأْتِ طَائِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّوا فَلْيُصَلُّوا مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُمْ مَيْلَةً وَاحِدَةً وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِنْ كَانَ بِكُمْ أَذًى مِنْ مَطَرٍ أَوْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَنْ تَضَعُوا أَسْلِحَتَكُمْ وَخُذُوا حِذْرَكُمْ إِنَّ اللَّهَ أَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا﴾**

---

① 9- سۈرە تەۋبە، 36- ئايەت.

﴿ئى مۇئمىنلار! سەپەرگە چىققان چېغىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقساڭلار، نامازدىن قىسقارتىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق[1]. شۈبھىسىزكى، كاپىرلار سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر. ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارغا ئىمام بولۇپ نامازنى تولۇق ئوقۇغان چېغىڭدا، ئۇلاردىن بىر جامائە سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن ۋە قورال-ياراغلىرىنى تۇتسۇن. بۇلار سەجدە قىلىپ بولغاندا ئارقاڭلاردىن قوغدىغۇچى بولۇپ تۇرسۇن. ناماز ئوقۇمىغان يەنە بىر جامائە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇسۇن. بۇلارمۇ ھوشيار تۇرسۇن ۋە قورال-ياراغلىرىنى تۇتسۇن. كاپىرلار سىلەرنىڭ قورال-ياراغلىرىڭلاردىن ۋە نەرسە-كېرەكلىرىڭلاردىن خەۋەرسىز قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە يامغۇردىن بىر ئەزىيەت بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، قورال-ياراغلىرىڭلارنى قويۇپ قويۇشۇڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىرلار ئۈچۈن خارلىغۇچى ئازاب تەييارلىدى﴾[2].

بۇ ئايەتلەردە قورقۇش نامىزىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى، رەكئەت سانى ۋە ئوقۇلۇش شەكلى بايان

---

① يەنى سەپەردىكى چېغىڭلاردا ئىككى رەكئەت ئوقۇيدىغان نامىزىڭلارنى دۈشمەنىنىڭ ئۆزۈڭلارغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قورقساڭلار، قىسقارتىپ بىر رەكئەتتىن ئوقۇشۇڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

② 4- سۈرە نىسا، 101- ۋە 102- ئايەتلەر.

قىلىندۇ. سەپەر ئۈستىدە كاپىرلارنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورققان مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇشى كېرەك بولغان ناماز پەقەتلا بىر رەكئەتلىك نامازدۇر. بۇ بىر رەكئەتلىك ناماز ئادەتتە سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ قەسىر قىلىنىپ (قىسقارتىلىپ) ئوقۇلغان شەكلىدۇر.

سەپەر ئۈستىدە دۈشمەنىنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقۇش ئەسناسىدا، نورمال سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت نامازنىڭ بىر رەكئەتكە چۈشۈرۈلىشى، ئۇ نامازنىڭ مۇقىملىقىنىڭ خاتىرجەملىك ئەسناسىدا تۆت رەكئەت بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى سەپەر ئۈستىدە بولۇشقا قورقۇش قوشۇلغاندا ئادەتتە ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەتنى كېمەيتىپ بىر رەكئەت ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى، سەپەر ئۈستىدە قورقۇش يوقالغاندا ئادەتتىكى ئىككى رەكئەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ، سەپەر ئۈستىدە بولۇشمۇ يوقالغاندا ئادەتتىكى ئىككى رەكئەتنى زىيادە قىلىپ تۆت رەكئەت ئوقۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿حَافِظُواْ عَلَى الصَّلَوَاتِ والصَّلاَةِ الْوُسْطَى﴾

﴿نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار﴾[1].

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 238- ئايەت.

بۇ ئايەتتە مۇقىم بولسۇن مۇساپىر بولسۇن، پۈتۈن مۇسۇلمانلار «نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى» مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇ «ئوتتۇرا ناماز»، سەپەردە قورقۇش بولمىغاندا «نامازلار»نى 2 رەكئەتتىن ئوقۇغان مۇساپىرلار ئۈچۈنمۇ، «نامازلار»نى مۇقىملىقتا تولۇق ئوقۇۋاتقان مۇقىملار ئۈچۈنمۇ «ئوتتۇرا ناماز» بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ ئايەتتىكى ئىلاھى بۇيرۇق ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چۈشۈرۈلگەن.

شۇنداق بولغاندا بەش ۋاخ نامازنىڭ ئىچىدە سەپەردىمۇ، مۇقىملىقتىمۇ 3 رەكئەتلىك بىر نامازنىڭ بولۇشى، مۇقىملىقتا بىر نامازنىڭ ئىككى رەكئەتلىك، ئۈچ نامازنىڭ تۆت رەكئەتلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى 3، ئىككى دانە 2 نىڭمۇ ئوتتۇرىسىدۇر (2 **3** 2)، ئىككى دانە 4 نىڭمۇ ئوتتۇرىسىدۇر (4 **3** 4)، بىر دانە 2 بىلەن بىر دانە 4 نىڭمۇ ئوتتۇرىسىدۇر (2 **3** 4).

بامداتنىڭ 2، نامازشامنىڭ 3، پېشىن، نامازدىگەر ۋە خۇپتەننىڭ 4 رەكئەتلىك بولۇشى بۇنى كۆرسىتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ 5 ۋاقىت نامازنى بۇ شەكىلدە ئوقۇغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەككى، مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە 5 ۋاخ نامازنىڭ رەكئەت سانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

رەكئەت سانى ئېتىبارى بىلەن «ئوتتۇرا ناماز» بولغان 3 رەكئەتلىك نامازنىڭ، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەنمۇ «ئوتتۇرا ناماز» بولۇشى لازىم. ھۇد سۈرىسىنىڭ 114- ۋە

ئىسرا سۈرىسىنىڭ 78- ئايەتلىرىدە تۈنجى نامازنىڭ پېشىن، ئاخىرقى نامازنىڭ بامدات ئىكەنلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى نامازشامنىڭ «ئوتتۇرا ناماز» ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. چۈنكى نامازشام ئۈچ رەكئەتلىك بىر ناماز بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئىككى ۋاخ ناماز، ئۆزىدىن كېيىن ئىككى ۋاخ ناماز بولغان نامازدۇر.

**مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:**

1- ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پېشىننى رەسۇلۇللاھ بىلەن مەدىنىدە تۆت رەكئەت ئوقۇدۇق. رەسۇلۇللاھ مەككىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدى، زۇلھۇلەيفەگە كەلگەندە نامازدىگەرنى ئىككى رەكئەت ئوقۇدى[1].

دېمەك، پېشىن بىلەن نامازدىگەر قىسقارتىلماستىن ئوقۇلغاندا تۆت رەكئەتتىن ئوقۇلىدىغان نامازلاردۇر.

2- ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ نامازدىگەرنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇپ سالام بەردى ۋە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. خىرباق دېيىلىدىغان ۋە ئىككى قولى ئۇزۇنراق بولغان بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: يارەسۇلۇللاھ! دېدى ۋە نامازدىگەرنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى ئەسلەتتى.

---

① بۇخارى، سەھىھ، تەقسىرۇسسالات 5، ھەج 24، 25، 27، 117، 119، جىھاد 104، 126؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 11 (690)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 271 (1202)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 391 (546)؛ نەسەئى، سۇنەن، سالات 17، 1، (237).

شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ رىداسىنى سۆرەپ خاپا ھالدا چىقىپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە: «بۇ توغرا سۆزلەۋاتامدۇ؟» دېدى، ھەممەيلەن: ھەئە، دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىر رەكئەت ئوقۇدى، ئىككى سەجدە قىلدى ۋە سالام بەردى[1].

3ـ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىن بىلەن نامازدىگەرنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىنىڭ ھەر بىرىدە فاتىھە بىلەن بىر سۈرە ئوقۇيدىغانلىقى، ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە پەقەت فاتىھەنىلا ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[2]. بۇ رىۋايەتمۇ پېشىن بىلەن نامازدىگەرنىڭ تۆت رەكئەتتىن ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھقا دەسلەپتە نامازشامدىن باشقا نامازلار ئىككى رەكئەتتىن پەرز قىلىنغان. نامازشام ئۈچ رەكئەت ئىدى. كېيىن ئاللاھ تائالا سەپەر ئۈستىدە بولمىغانلار ئۈچۈن پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەننى تۆت رەكئەتتىن قىلىپ تاماملىدى، سەپەر ئۈستىدىكىلەر ئۈچۈن نامازنى دەسلەپكى ھالىتى بىلەن مۇقىملاشتۇردى[3].

5ـ قەيس ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىر كىشىنىڭ بامداتتىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ: «بامدات نامىزى

---

[1] مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 19 (101 ـ (574))؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، فەرزۇسسالات 1018؛ نەسەئى، سۈنەن، سەھۋ 1237، 1331؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات ۋەسسۇننەتۇ فىيھا 134 (1215).

[2] بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 107؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 155 (451).

[3] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 357/43.

ئىككى رەكئەتتۇر» دېدى. ئۇ كىشى: مەن ئىككى رەكئەت بامداتتىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەتنى ئوقۇمىغان ئىدىم، ھازىر ئۇنى ئوقۇدۇم، دېدى. رەسۇلۇللاھ گەپ قىلمىدى[1].

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان پۈتكۈل دەلىللەر دالالەت قىلىدۇكى، پېشىن 4 رەكئەت ، نامازدىگەر 4 رەكئەت ، نامازشام 3 رەكئەت ، خۇپتەن 4 رەكئەت ، بامدات 2 رەكئەتتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ، تا كۈنىمىزگىچە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ بەش ۋاخ نامازنى رەسۇلۇللاھتىن ئۆگىنىشى ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا شۇ بويىچە ئوقۇپ كېلىشىمۇ مەزكۇر رەكئەت سانىنىڭ توغرىلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھتىن كېيىن تا كۈنىمىزگىچە بولغان ئارىلىقتا يەر يۈزىدە بەش ۋاخ ناماز جامائەت بولۇپ ئوقۇلمىغان ھېچبىر كۈن ئۆتمىگەن. بۇنى تارىخ ئىسپاتلايدۇ، ئەمەلىيەت ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېمەككى، بەش ۋاخ نامازنىڭ شەكلى، رەكئەت سانى ۋە ۋاقىتلىرى... نەسىلدىن نەسىلگە، جامائەتتىن جامائەتكە، ئەسىردىن ئەسىرگە ئەينەن نەقىل قىلىنىپ كۈنىمىزگە كەلگەن. بۇ قىيامەتكىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. چۈنكى بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ئەمرىدۇر. قۇرئان كەرىمنى ساقلاشنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1267؛ بەيھەقى، سۇنەنى كۇبرا، سالات 4228.

﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئەلۋەتتە بىز قوغدايمىز﴾[1].

## 9- بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ھۆكمى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِنْ تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَخَلُّوا سَبِيلَهُمْ﴾

﴿ئۇلار ئەگەر تەۋبە قىلسا، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىسە ۋە زاكاتنى بەرسە ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار﴾[2].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىشى بىلەن شېرىك ۋە كۇفرى ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر»[3].

«بىز بىلەن كاپىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە نامازدۇر. كىمكى نامازنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ چوقۇم كاپىر بولىدۇ»[1].

---

① 15- سۈرە ھىجر، 9- ئايەت.

② 9- سۈرە تەۋبە، 5- ئايەت.

③ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمان 134 - (82)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سۈننەت 4678؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئىمان 2619؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات ۋەسسۈننەتى فىيھا 77، 1078، 1080.

شەقىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى نامازدىن باشقا بىرەر ئەمەلنىڭ تەرك ئېتىلىشىنى كۇفرىلىق دەپ قارىمايتتى»[②].

## 10ـ جامائەت

### 1) جامائەتنىڭ ھۆكمى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «نامازنى ئىقامە قىلىش»قا ئەمىر قىلغان[③]. ئىقامە ئۆرە تۇرماق مەنىسىدىكى ئۆتۈمسىز مەسدەر بولغان «قىيام»دىن تۈرلەنگەن ئۆتۈملۈك مەسدەر بولۇپ مەنىسى ئۆرە تۇرغۇزماق دېگەن بولىدۇ. نامازنى ئۆرە تۇرغۇزماق، نامازنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا، شەرتلىرىگە ۋە شەكىللىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، تەلەپكە لايىق رەۋىشتە ئادا قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

2ـ سۈرە بەقەرەنىڭ 3ـ ئايىتىدە «نامازنى ئىقامە قىلىش»نىڭ تەقۋادارلارنىڭ بىر سۈپىتى ئىكەنلىكىنى، 8ـ سۈرە ئەنفالنىڭ 3ـ ئايىتىدە «نامازنى ئىقامە قىلىش»نىڭ «ئاللاھ»

---

① تىرمىزى، سۈنەن، ئىمان 2621، ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات ۋەسسۈننەتى فىيھا 77، 1079.

② تىرمىزى، سۈنەن، ئىمان 2622.

③ 2ـ سۈرە بەقەرەنىڭ 110ـ ئايىتى، 4ـ سۈرە نىسانىڭ 103ـ ئايىتى، 6ـ سۈرە ئەنئامنىڭ 72ـ ئايىتى، 22ـ سۈرە ھەجنىڭ 78ـ ئايىتى، 24ـ سۈرە نۇرنىڭ 56ـ ئايىتى، 30ـ سۈرە رۇمنىڭ 31ـ ئايىتى، 58ـ سۈرە مۇجادەلەنىڭ 13ـ ئايىتى ۋە 73ـ سۈرە مۇززەممىلنىڭ 20ـ ئايىتى قاتارلىق ئايەتلەردە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى «نامازنى ئىقامە قىلىش»قا ئەمىر قىلغان.

دېيىلسە قەلبلىرى تىترەپ كېتىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان ۋە رەببى بولغان ئاللاھقىلا تايىنىدىغان ھەقىقىي مۇئمىنلارنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكى، 9- سۈرە تەۋبەنىڭ 71- ئايىتىدە «نامازنى ئىقامە قىلىش»نىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولغان مۇئمىنلارنىڭ بىر سۈپىتى ئىكەنلىكى، 27- سۈرە نەملىنىڭ 3- ئايىتىدە «نامازنى ئىقامە قىلىش»نىڭ قۇرئان ھىدايەت ۋە خۇش خەۋەر بولغان مۇئمىنلارنىڭ بىر سۈپىتى ئىكەنلىكى، 31- سۈرە لۇقماننىڭ 4- ئايىتىدە «نامازنى ئىقامە قىلىش»نىڭ قۇرئان ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان مۇھسىنلارنىڭ بىر سۈپىتى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

دېمەككى، ھەر كۈن بەش ۋاخ «نامازنى ئىقامە قىلىش»، يەنى بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەر بىرىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەر مۇئمىنغا ئالاھىدە ۋە پۈتۈن مۇئمىنلارغا ئومۇمىي بىر شەكىلدە قىلغان ئەمرىدۇر. شۇنداقلا مۇئمىنلارنىڭ سۈپىتى، مۇھسىنلارنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىس مۇنداق:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار. چۈنكى سەپلەرنى تۈز قىلىش ‹نامازنى ئىقامە قىلىش›تىن ھېسابلىنىدۇ»[1].

جامائەتنىڭ نامازدا قاتار، رەتلىك ۋە تۈز تۇرۇشىنىڭ «نامازنى ئىقامە قىلىش»تىن ھېسابلىنىشى نامازنى جامائەت

---

[1] بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 723.

بىــلەن ئوقۇشــنىڭ ئاللاھنىــڭ بىــر ئەمــرى ئىكەنلىكىنــى ئىپادىلەيــدۇ. چــۈنكى يــالغۇز نامــاز ئوقۇمــاقچى بولغــان كىشــى سەپنى تــۈز قىلىشــقا بۇيرۇلمايــدۇ. دېمەككــى، بەش ۋاخ نــامىزنى جامــائەتكە قېتىلىــپ، پەيغەمبىرىمىزنىــڭ سەپلەرنى تــۈز قىلىشــقا چۈشۈرگەن بۇيرۇقنى بەجا كەلتــۈرگەن هــالەتتە ئوقۇغــان كىشــى ئاللاھنىــڭ «نامــازنى ئىقــامە قىــل» دېــگەن ئەمــرى ئــۆز ئىچىــگە ئالغان ئەمرلەردىن بىرىنى ئىجرا قىلغان بولىدۇ.

## 2) جامائەتنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەهمىيىتى

ئىبنى ئــۇمەر رەزىيەللاهــۇ ئەنهــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، رەســۇلۇللاھ ئەلەيهىسســالام مۇنــداق دېــگەن: «جامــائەت بىــلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى يــالغۇز ئوقۇلغــان نامازنىــڭ ساۋابىدىن 27 هەسسە ئارتۇق بولىدۇ»[①].

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالام مۇنــداق دېــگەن: «بىــر كىشــىنىڭ جامــائەت بىــلەن ئوقۇغــان نــامىزى، ئۇنىــڭ ئۆيىــدىكى يــاكى بــازاردىكى ئوقۇغــان نامىزىــدىن 25 هەســسە ئــارتۇق بولىــدۇ. ســەۋەبى شــۇكى، ئــۇ كىشــى تاهــارەتنى كامىــل ئېلىــپ، ئانــدىن مەســجىدكە پەقەت نامــاز ئوقــۇش ئۈچــۈنلا كەلســە، ئــۇ ئــادەم مەسجىدكە كەلگۈچە ئۇنىڭ باسقان هەر بىــر قەدىمــى ئۈچــۈن بىــر دەرىجە يــۇقىرى كۆتۈرۈلىــدۇ ۋە باسقان هەر بىــر قەدىمــى ئۈچــۈن بىــر خاتــالىق ئۆچۈرۈلىــدۇ. نامــاز ئوقــۇپ بولــۇپ تاهــارىتى سۇنماستىن مەسجىدتە ئولتۇرسىلا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئــاللاھتىن رەهمەت تىلەپ: ‹ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەهمىتىڭنــى نازىــل قىلغىــن،

---

① بۇخارى، سەهىه، ئەزان 30؛ مۇسلىم، سەهىه، سالات 272.

ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن›، دەيدۇ. ئۇ ئادەم مادامىكى، نامازنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ناماز ئىچىدە تۇرغاندەك بولىدۇ»[①].

«مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز خۇپتەن بىلەن بامداتتۇر. ئەگەر ئۇلار بۇ ئىككى نامازنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، بۇ نامازلارنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشقا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئوتۇنغا بۇيرۇسام، ئوتۇن ئېلىپ كېلىنسە، ئاندىن ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇسام، ئەزان ئېيتىلسا، ئاندىن بىر كىشىنى بۇيرۇسام ئىمام بولسا، ئاندىن ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى قالدۇرۇپ، نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىسام دەيمەن»[②].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بىر ئەما كىشى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم يوق» دەپ رەسۇلۇللاھتىن نامازنى ئۆيدە ئوقۇشقا رۇخسەت سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ كىشى كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلامسەن؟»

① بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 30، جۇمە 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالات 272 (649)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 49 (559)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 245 (330)؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، مەساجىد 16 (788).

② بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 29، خۇسۇمات 5، ئەھكام 52؛ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 252 (651)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، سالاتۇل جۇمۇئە 3 (1، 129ـ160)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 47 (548، 549)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 162 (217)؛ نەسەئى، سۇنەن، ئىمامەت 49 (2، 107).

دېدى. ئۇ كىشى: «ھەئە» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق بولسا نامازغا كەلگىن» دېدى[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەدىنە دېگەن ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھاشارەتلەر ۋە يىرتقۇچلار كۆپ جاي» دېۋىدىم، رەسۇلۇللاھ: «نامازغا ۋە نىجاتلىققا كېلىڭلار دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىساڭلا نامازغا كەلگىن» دېدى[2].

ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەيلى ئاۋات جاي بولسۇن ياكى ئاھالىسى شالاڭ جاي بولسۇن، ئۈچ نەپەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار جامائەت بولماي ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت بولۇشنى چىڭ تۇتۇڭلار، چۈنكى پادىدىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەپ كېتىدۇ»[3].

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، گويا كېچىنىڭ يېرىمىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ. كىمكى بامداتنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، گويا كېچىچە ناماز ئوقۇغاندەك بولىدۇ»[4].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 255 (653)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 47 (552)؛ نەسەئى، سۇنەن، ئىمامەت 50 (2، 109).

② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 553؛ نەسەئى، سۇنەن، ئىمامەت 851.

③ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 547.

④ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد 260 (656)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، سالاتۇلجۇمۇئە 7 (1، 132)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 48 (555)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 165 (221).

## خۇلاسە

بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئاللاھنىڭ ئەمرى، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ۋە ئىسلامنىڭ شوئارىدۇر. بىر كىشىنىڭ نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى ئۇنىڭ تەقۋادارلىقىنىڭ ئالامىتى، نەپسىنىڭ خاھىشىغا بويۇن ئەگمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭدەك، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش بەدەننىڭ راھىتىنى روھنىڭ غىزالىنىشىغا قۇربان قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانلىقتا ۋەدە قىلىنغان ساۋابقا ئىشەنگەنلىكىنىڭ ۋە ئۇنى ئۈمىد قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا غەيرەت قىلىشى، نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغانلىقتا ۋەدە قىلىنغان ساۋابنى كۆزلىشى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىشى ۋە شۇنى ئۇنتۇماسلىقى لازىمكى:

ئىمامنىڭ تاھارىتىدە بىر نۇقسانلىق ياكى ئەقىدىسىدە بۇزۇقلۇق ۋە ياكى نىيىتىدە ئەگرىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن نامىزىنىڭ قوبۇل بولماسلىقى، ئارقىسىدا ئىقتىدا قىلىپ (ئەگىشىپ) ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامىزىغا ھېچقانداق دەخلى يەتكۈزمەيدۇ ۋە ئەسلا زىيىنى بولمايدۇ. چۈنكى ئىمامۇ ئۆزىنىڭ نامىزىنى ئوقۇيدۇ، جامائەتمۇ ئۆزىنىڭ نامىزىنى ئوقۇيدۇ.

جامائەتنىڭ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دېمەك، نامازنى ئىمامغا يۈكلىۋېتىپ ئارقىسىدا بىكار تۇرۇش ئەمەس، بەلكى نامازنى ئوقۇشتا ئىمامغا ئەگىشىش دېمەكتۇر. ئىمامنىڭ جامائەتكە ئىمام بولۇشى دېمەك، جامائەتنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بېرىش ئەمەس، بەلكى جامائەتكە باشچىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ نامىزىنى ئوقۇش دېمەكتۇر.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ ئىمام ھەققىدىكى سەلبىي گۇمانلىرى، ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ ئىمام ھەققىدە ئاڭلىغان-بىلگەن سەلبىي مەلۇماتلىرى جامائەتنى تەرك ئېتىشكە سەۋەب بولالمايدۇ.

شۇنىڭدەك، ناماز ئوقۇلىدىغان جاينىڭ (مەسجىد-جامەنىڭ) ياكى جامائەتنىڭ بىرەر مەنسۇبىنىڭ ھەققىدىكى گۇمان ۋە سەلبىي كۆزقاراشلارمۇ جامائەتنى تەرك ئېتىشكە باھانە بولالمايدۇ.

چۈنكى قۇرئان-ھەدىسنىڭ، جۈملىدىن يۇقىرىدىكى ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمى ئالەمشۇمۇل بولۇپ، قىيامەتكە قەدەر ھەر ماكاندا، ھەر زاماندا ۋە ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن كۈچكە ئىگىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە ياكى ھەدىس شەرىفلەردە يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ بەزى زامان بىلەن ياكى بەزى ماكان بىلەن ۋە ياكى بەزى كىشىلەر بىلەن چەكلىنىدۇ دەپ ئەسكەرتىلمەسلىكى ئۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ قىيامەتكە قەدەر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىيامەتكە قەدەر بەش ۋاخ نامازنى جامائەت

بىلەن ئوقۇشلىرىنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىنى دەۋا قىلغۇچىلار ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا قارشى چىققان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ غەرەزلىك ياكى غەرەزسىز ھالدا، بىلىپ ياكى بىلمەي: «ھازىرقى ئىماملار ئۇنداق، مۇئەززىنلەر مانداق، مەسجىد-جامە ئۇنداق پۇلغا سېتىلىنغان، مەسجىد-جامەلەر گۇمانلىق، جامائەتنىڭ ئىچىدە ئۇنداق يامان ئادەم بار، مۇنداق ئەسكى كىشى بار...» دېگەندەك گەپ-سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماسلىقى لازىم.

# ئۈچىنچى بۆلۈم
# نەپلە نامازلار

## 1ـ ۋاقتى بەلگىلەنگەن نەپلە نامازلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا وَمِنْ آنَاءِ اللَّيْلِ فَسَبِّحْ وَأَطْرَافَ النَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضَى﴾

﴿ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىل. كۈننىڭ چىقىشىدىن ئىلگىرى ۋە كۈننىڭ پېتىشىدىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيت. كېچىنىڭ ۋاقىتلىرى بىلەن كۈندۈزنىڭ تەرەپلىرىدىمۇ تەسبىھ ئېيت، رازى بولۇشۇڭ مۇمكىن﴾[1].

11ـ سۈرە ھۇدنىڭ 114ـ ئايىتىدىكى ﴿وَأَقِمِ الصَّلاَةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ اللَّيْلِ﴾ ﴿...كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن﴾ دېگەن بۇيرۇقنىڭ ئەقىم «أَقِم (ئۆرە تۇرغۇزغىن)» شەكلىدە كېلىشى بۇ ۋاقىتلاردا ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ پەرز نامازلار ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە بولسا بىر- كېچە-كۈندۈزنىڭ مۇئەييەن بۆلۈملىرىدە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىش ئەمىر قىلىنىدۇ. بۇ تەسبىھ ۋاقىتلارغا باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈن

[1] 20ـ سۈرە تاھا، 130ـ ئايەت.

نامـاز ئوقـۇش مەنىسـىنى ئىپادىلەيـدۇ. ئايەتنىـڭ ﴿**لَعَلَّـــكَ تَرْضَـــى**﴾ ﴿رازى بولۇشـۇڭ مـۇمكىن﴾ دېـگەن شـەكىلدە ئاخىرلىششى بۇ ئەمرىنىـڭ پەرز (قەتئىـي بـۇيرۇق) ماھىيىتىـدە ئەمەس، بەلكـى تەشـۋىق ماھىيىتىـدە بىـر ئەمىـر ئىكەنلىكىنـى كۆرسىتىدۇ.

ئەرەبچىــدە كۆپلـۈك (جەمئـى ) كەلىــمە ئەڭ ئــاز ئـۈچنى ئىپادىلەيــدۇ. شــۇنىڭ ئۈچــۈن كېچىنىـــڭ ۋاقىتلىـــرى (ئانائىللەيــل)، كۈنــدۈزنىڭ تەرەپلىــرى (ئەترافەننەھــار) ئــاز بولغانــدا ئــالتە ۋاقىتنــى ئىپادىلەيـدۇ. ئـۇ ئـالتە ۋاقىتقـا كـۈن چىقىشتىن ئىلگىرى بىر، كۈن پېتىشتىن ئىلگـىرى بىـر بولـۇپ جەمئىــي ئىككــى ۋاقىــت قوشۇلســا، يۇقىرىــدىكى ئــايەت ئــاز بولغانــدا سـەككىز ۋاقىــت نەپـلە (سۈننەت) نامازنىـڭ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇ نامازلار تۆۋەندىكىچە:

## 1) چاشگاھ نامىزى

### ① پەزىلىتى

ئەبــۇ زەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېــگەن: «ھەر ســەھەردە سىلەرنىڭ ھەر بىـر ئـۇگەڭلەر ئۈچـۈن بىـر سـەدىقە بېرىش لازىـم بولىــدۇ. ‹ســۇبھانەللاھ › دېــيىش بىــر ســەدىقىدۇر. ‹ئەلھەمــدۇ لىللاھ › دېيىش بىر سەدىقىدۇر. ‹لائىلـەھە ئىللەللاھ › دېيىش بىـر سـەدىقىدۇر. ‹ئـاللاھۇ ئەكـبەر › دېـيىش بىـر سـەدىقىدۇر. ياخشىلىققا بـۇيرۇش بىـر سـەدىقىدۇر. يامـانلىقتىن توسـۇش بىـر

سەدىقىدۇر. چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كۇپايە قىلىدۇ»[①].

### ② ۋاقتى

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندىن تارتىپ تاكى كۈن تىكلەنگەنگە قەدەر چاشگاھ نامىزى ئوقۇشقا بولىدۇ. كۈن كۆتۈرۈلۈپ قاتتىق قىزىغاندا چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر جامائەنىڭ چاشگاھ نامىزى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: بۇ جامائەگە نامازنىڭ بۇ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا ئوقۇلسا ئەۋزەل بولىدىغانلىقى شەكسىز مەلۇمدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ نامىزى يەنى چاشگاھ نامىزى بوتىلاقلار ئىسسىقتىن پۇتلىرىنى يەرگە قويالمىغان چاغدىكى نامازدۇر» دېگەن[②].

بۇ ھەدىستىن چاشگاھ نامىزىنى كۈن كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ كۈن تىكلەنگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى، لېكىن كۈن كۆتۈرۈلۈپ ئالەم قىزىشقا باشلىغاندا ئوقۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى چىقىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى چاشگاھ نامىزى ئوقۇلغان ۋاقىتنىڭ ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن كۈن چىقىش ۋاقتىدىن يىراق بولۇشى ئۈچۈندۇر.

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 84 (720)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1285، 1286، ئەدەب 5243.

② مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 143 (748)، 144 (748).

### ③ رەكئەت سانى

چاشگاھ نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا زىكىر قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسەن بۇ نامازنىڭ تۆۋىنى ئىككى رەكئەتتۇر. يۇقىرىسىنىڭ چېكى يوقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نامازنى بەزىدە تۆت رەكئەت، بەزىدە سەككىز رەكئەت، بەزىدە بولسا خالىغان مىقداردا ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام چاشگاھ نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى، خالىسا زىيادە قىلاتتى[1].

ئۇممۇ ھانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەككە فەتىھ بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ بارسام غۇسلى قىلىۋاتقانىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غۇسلى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بۇ چاشگاھ نامىزى ئىدى[2].

### ④ ئوقۇلۇش شەكلى

چاشگاھ نامىزى ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ، يەنى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىلىدۇ، ھەر رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسى ۋە باشقا بىر سۈرە ياكى بىرقانچە ئايەت ئوقۇلىدۇ، باشقا زىكىر ۋە تەسبىھلىرى ئادەتتىكى نامازلاردىكىگە ئوخشاشتۇر.

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 78 ـ (719)، 79 ـ (719)

② بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1103؛ مۇسلىم، سەھىھ 71 ـ (336)، 72 ـ (336).

ئۇممۇ ھانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاشگاھ نامىزىنى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ سەككىز رەكئەت ئوقۇدى[①].

چاشگاھ نامىزىنىڭ قىرائىتى مەخپىي ئوقۇلىدۇ، چۈنكى ئۇ كۈندۈز نامىزىدۇر.

## 2) پېشىنىنىڭ سۈننەتلىرى

پېشىنىنىڭ سۈننىتىنىڭ رەكئەت سانى توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك پەرقلىق رىۋايەت بار: بىرىنچىسى تۆت رەكئەت ، ئىككىنچى ئالتە رەكئەت ، ئۈچىنچىسى سەككىز رەكئەت دېگەن رىۋايەتلەر.

### ① تۆت رەكئەت دېگەن رىۋايەت

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئون رەكئەت نامازنى ئۆگىنىپ ئېسىمدە ساقلىۋالدىم: پېشىندىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ، نامازشامدىن كېيىن ئۆيىدە ئىككى رەكئەت ، خۇپتەندىن كېيىن ئۆيىدە ئىككى رەكئەت ، بامداتتىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت[②].

تىرمىزىنىڭ بىر رىۋايىتىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن پېشىندىن

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1290.

② بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1180؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 433.

ئىلگىرى ئىككى رەكئەت ۋە پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم»[①].

## ② ئالتە رەكئەت دېگەن رىۋايەت

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر كېچە-كۈندۈزدە ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ: پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ، كېيىن ئىككى رەكئەت ، نامازشامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ، بامداتتىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت[②].

## ③ سەككىز رەكئەت دېگەن رىۋايەت

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «كىمكى پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ، پېشىندىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوزاخقا ھارام قىلىدۇ»[③].

---

① تىرمىزى، سۇنەن، سالات 425.

② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1269؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 414؛ نەسەئى، سۇنەن، قىيامۇل لەيل 1801، 1812، 1814، 1815، 1816.

③ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 427؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەتۇسسالات ۋەسسۇننەتى فىيها 108، 1160؛ نەسەئى، سۇنەن، قىيامۇل لەيلى ۋە تەتەۋۋۇئۇننەھارى 1814، 1815.

### 3) نامازدىگەرنىڭ سۈننەتلىرى

### ① ئىلگىرىكى سۈننىتى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ نامازدىگەردىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە رەھىم قىلسۇن»[①].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ نامازدىگەردىن ئىلگىرى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى»[②].

### ② كېيىنكى سۈننىتى

بۇ نامازدىگەردىن كېيىن ئوقۇلۇشى تەرغىب قىلىنغان ئىككى رەكئەتلىك نەپلە (سۈننەت) ناماز بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنى داۋاملىق ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ نامازدىگەردىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇمىغان كۈن يوق»[③].

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1271؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 430.

② تىرمىزى، سۈنەن، سالات 429؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىمامەت 874.

③ بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىتۇسسالات 31، 33؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 299-301 (835)؛ تىرمىزى، سۈنەن، مەۋاقىت 21؛ نەسەئى، سۈنەن، مەۋاقىت 36. ھەدىس كىتابلىرىدا نامازدىگەردىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇشنى چەكلەيدىغان ھەدىسلەرمۇ بار. ئۇلاردىن بىرى مۇنداق: ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۈن چىقىپ يۈكسەلگەنگە قەدەر ناماز يوق،

## 4) نامازشام ۋە خۇپتەننىڭ سۈننەتلىرى

بۇ سۈننەتلەر پەرزلەردىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. چۈنكى 11-سۈرە ھۇدنىڭ 114- ئايىتىدە بۇ ئىككى ناماز ئۇچۇن بەلگىلەنگەن ۋاقىت كۈن پاتقاندىن كېيىن كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن بولغان ئىككى ۋاقتىدۇر. ئەگەر بۇ نامازلاردىن ئىلگىرى سۈننەت ئوقۇلسا بۇ نامازلار «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرى»دا ئوقۇلمىغان بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىس مۇنداق:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۆيۈمدە پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن مەسچىتكە چىقىپ كىشىلەر

---

نامازدىگەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۈن پېتىپ بولغانغا قەدەر ناماز يوق. (بۇخارى، سەھىھ، مەۋاقىت 31؛ مۇسلىم، سەھىھ، مۇسافىرىن 288 (827)؛ نەسەئى، سۈنەن، مەۋاقىت 35). بىر-بىرىگە زىت كۆرۈنگەن بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىزنىڭ نامازدىگەردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىدىغان ھەدىسلىرىنىڭ كۈن پېتىشقا يېقىنلىشىپ قالغان چاغدا ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلىدىغانلىقىنى، نامازدىگەردىن كېيىن ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىدىغان ھەدىسلىرىنىڭ نامازدىگەردىن كېيىن كۈن تېخى يۇقىرىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا يەنى كۈن ساغىرىپ كەتمىگەن ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈنەنى ئەبى داۋۇد ۋە سۈنەنى نەسەئىدە بۇنى تەكىتلەيدىغان ھەدىسلەر بار: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ نامازدىگەردىن كېيىن كۈن يۇقىرىدا بولمىغان چاغلاردا ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلغان. (ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 299). «رەسۇلۇللاھ كۈن نۇرلۇق ۋە ئېگىز بولمىسا نامازدىگەردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن مەنئى قىلاتتى. (نەسەئى، سۈنەن، مەۋاقىت 18، 36). دېمەككى، نامازدىگەردىن كېيىن كۈن تېخى پېتىشقا يېقىنلاشمىغان بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوقۇغىنىدەك ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ. لېكىن كۈن پېتىش ئالدىدا تۇرغان بولسا بولمايدۇ.

بىلەن پېشىننى ئوقۇيتتى، ئاندىن كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، كىشىلەر بىلەن نامازشامنى ئوقۇيتتى، ئاندىن كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئىنسانلار بىلەن خۇپتەننى ئوقۇيتتى ۋە ئۆيۈمگە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى»[1].

## 5) تەھەججۇد نامىزى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇد نامىزىنى ئىككى رەكئەت ، ئىككى رەكئەت ئوقۇپ، ئاخىرىدا بىر رەكئەت ئوقۇپ، ئوقۇپ بولغان نامازلىرىنى تاق قىلاتتى[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ئون بىر رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى...[3]. (بۇ ناماز توغرىسىدا كېيىنچە تەپسىلىي توختىلىمىز).

---

[1] مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىنە ۋە قەسرىها 16، 105 - (730). ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1251

[2] بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 995؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىها 157 (749)؛ تىرمىزى، سۈنەن، ۋىتىر 461؛ نەسەئى، سۈنەن، ئەزان 685؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات 116، (1174)، 171 (1318).

[3] بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 994، 1123؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىها 121 (736)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1335، 1336؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 440؛ نەسەئى، سۈنەن، ئەزان 685، ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات 1358.

## 6) بامداتنىڭ سۈننىتى

بۇ سۈننەت بامداتنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدۇ. چۈنكى 11- سۈرە ھۇدنىڭ 114- ئايىتىدە بۇ سۈننەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت كۈن پاتقاندىن كېيىن كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن بولغان بىر ۋاقتىدۇر. ئەگەر بۇ سۈننەت پەرزدىن كېيىن ئوقۇلسا بامداتنىڭ پەرزى «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرى»نىڭ بىرىدە ئوقۇلمىغان بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بامداتنىڭ سۈننىتىنى دائىم پەرزدىن ئىلگىرى ئوقۇشىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ناماز ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر»[1]. «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەپلە نامازلارنىڭ ئىچىدە بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى»[2]. «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنىڭ ئەزان ۋە تەكبىرى ئارىسىدا يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى»[3].

يۇقىرىدا چاشگاھ نامىزى، پېشىننىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى سۈننەتلىرى، نامازدىگەرنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى سۈننەتلىرى، نامازشام ۋە خۇپتەننىڭ سۈننەتلىرى، تەھەججۇد

---

[1] مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 14، 96 (725)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 416؛ نەسەئى، سۇنەن، قىيامۇل لەيل 1759.

[2] بۇخارى، سەھىھ، جۇمە 1169؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن ۋە قەسرىھا 14، 94 - (724)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1254.

[3] بۇخارى، سەھىھ، ئەزان 619؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 14، 91 (724).

نامىزى، بامداتنىڭ سۈننىتى بولۇپ، جەمئىي توققۇز ۋاخ ناماز زىكىر قىلىندى. دېمەككى، بىر كېچە-كۈندۈزدە توققۇز قېتىم نەپلە (سۈننەت) ناماز ئوقۇلىدۇ. بۇنى يۇقىرىدىكى ئايەتتە (20-سۈرە تاھانىڭ 130- ئايىتىدە) كەلگەن ۋاقىت ئىپادىلىرى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 2- ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن نەپلە نامازلار

### 1) تەھىييەتۇل مەسجىد

بىر كىشى مەسجىدكە كىرگەن چېغىدا پەرز ناماز باشلانغان بولسا شۇ پەرز نامازغا ئىقتىدا قىلىدۇ، پەرز ناماز باشلانمىغان بولسا ۋە پەرز نامازنىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازلاردىن بىرىنى ئوقۇماقچى بولسا شۇ سۈننەت نامازنى ئوقۇيدۇ.

ئەمما پەرز باشلانمىغاندا مەسجىدكە كىرگەن ياكى ئالدىدا سۈننىتى يوق پەرز نامازنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كىرگەن ۋە ياكى نامازنىڭ سۈننىتىنى ئۆيدە ئوقۇپ مەسجىدكە كىرگەن كىشىلەر كىرىپلا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ (كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ) ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ ناماز فىقھ كىتابلىرىدا «تەھىييەتۇل مەسجىد» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە بۇ ناماز ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

① **«تەھىييەتۇل مەسجىد»نىڭ مەنىسى**

ئـۆمرىنى ئـۇزارتىش، ياشـىتىش، ئـاللاھ ئـۆمرۈڭنى ئـۇزۇن قىلسۇن دەپ دۇئا قىلىش، ئامانلىق تىلەش، تەبرىكلەش، سالام بېرىش قاتارلىق مەنىلەردە كېلىدىغان تەھىييە **(تَحِيَّـــــةُ)** كەلىمىسى مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان مەخسۇس ئىبادەتخانىسى دېگەن مەنىدە كېلىدىغان ئەلمەسجىد **(المَسْــجِد)** كەلىمىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىزافەتلىك بىرىكمە بولغان «تەھىييەتۇل مەسجىد» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بار:

1ـ مەسجىدنىڭ ئـۆمرىنى ئـۇزارتىش يەنـى مەسـجىدنى رېمونـت قىلىش، خاراب بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭ ئىبادەتخانا بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى پۈتۈن لازىمەتلىك ئىشلارنى قىلىش دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ

﴿**إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللّهِ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَأَقَامَ الصَّلاَةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلاَّ اللّهَ فَعَسَى أُوْلَـئِكَ أَن يَكُونُواْ مِنَ الْمُهْتَدِينَ**﴾

﴿ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت ئاللاھقا ۋە ئـاخىرەت كـۈنىگە ئىمـان ئېيتقـان، نامـازنى ئوقۇغـان، زاكـاتنى بەرگەن، ئاللاھتىن غەيرىيدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى مۇمكىن﴾[1].

① 9ـ سۇرە تەۋبە، 18ـ ئايەت.

چۈنكى «مەسجىدنى ئاۋات قىلىش» مەسجىدنى ماددىي جەھەتتىن رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش بىلەن، مەنىۋى جەھەتتىن مەسجىدتە ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنى مەسجىدنىڭ ئۆمرى بۇ ئىشلار بىلەن ئۇزىرايدۇ.

2. مەسجىدكە سالام بېرىش دېگەن بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا مەسجىدكە كىرىپلا تۇنجى بولۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش مەسجىدكە كىرىپلا مەسجىدنىڭ ئىگىسىگە سالام بەرگەنلىك بولىدۇ. يەنى بىر كىشى باشقا بىر كىشى بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە تۇنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى سالام بېرىش بولغاندەك[①]، ئاللاھنىڭ ئۆيىگە كىرگەن كىشىمۇ تۇنجى بولۇپ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان مەسجىدكە كىرىپ ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا سالام بەرگەن بولىدۇ.

دېمەككى، تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزىنى مەسجىدنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش يەنى مەسجىدنى ھەر جەھەتتىن جانلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش نامىزى دېيىشكىمۇ، مەسجىدنىڭ ئىگىسىگە سالام بېرىش نامىزى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ نامازغا نىيەت قىلغاندا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇش نىيىتىنى قىلىش (كۆڭۈلگە پۈكۈش) لازىم.

---

① 24- سۈرە نۇرنىڭ 27- ۋە 61- ئايەتلىرى بۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

**② ئەھمىيىتى**

ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار مەسجىدكە كىرگەن چېغىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماستىن ئولتۇرمىسۇن»[①].

**③ ئوقۇش ئۇسۇلى**

1- مەسجىدكە كىرگەن كىشى ئەگەر پەرز نامازغا يېتىشمىگەن ياكى ئالدىدا سۈننىتى يوق پەرز نامازغا بۇرۇنراق كىرگەن بولسا، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا شۇرۇئ قىلىپ، ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇسا تەھىييەتۇل مەسجىد ئوقۇغان بولىدۇ.

2- بىر كىشى مەسجىدكە كىرگەن چېغىدا پەرز ناماز باشلانغان بولسا ياكى بىر كىشى مەسجىدكە كىرىپلا پەرز نامازنىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدىغان سۈننەت نامازنى ئوقۇماقچى بولسا، بۇ كىشىلەر تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزىنى ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ شۇ نامىزىنى ئوقۇشى كېرەك. بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى مەسجىدكە كىرىپلا قىلىنىدىغان ئىشنىڭ ناماز ئوقۇش بولۇشىدۇر. بۇ نامازنىڭ قايسى ناماز بولۇشى مۇھىم ئەمەس.

---

① بۇخارى، سەھىھ، سالات 60، تەھەججۇد 25؛ مۇسلىم، سەھىھ، مۇسافىرىن 69 (714)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، قەسرۇسسالات 57 (162/1)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 19 (367، 368)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 235 (316)؛ نەسەئى، سۇنەن، مەساجىد 37 (730).

### 2) ئىستىخارە نامىزى

**① مەنىسى**

لۇغەتتە «خەيرلىك بولغىنىنى تەلەپ قىلىش» مەنىسىدە كەلگەن ئىستىخارەنىڭ ئاتالغۇ مەنىسى «ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇش ۋە دۇئا قىلىش بىلەن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا خەيرلىك بولغىنىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تەلەپ قىلىش» دېگەن بولىدۇ.

**② دەلىلى**

قۇرئان كەرىمدە ئىنسانىنىڭ زىيانلىق نەرسىنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ ۋە پايدىلىق نەرسىنى يامان كۆرۈشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى (بەقەرە 216/2)، ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى (ئال ئىمران 26/3)، بىر ئىشقا باشلاشتىن ئىلگىرى باشقىلارغا مەسلىھەت سېلىش ۋە قەتئىي ئىرادىگە كەلگەندە ئاللاھقا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىشنىڭ لازىملىقىنى، بۇنداق قىلغۇچىلارغا ئاللاھنىڭ كۇپايە بولىدىغانلىقىنى (ئال ئىمران 159/3، تالاق 3/65) ئىپادىلەيدىغان ئايەتلەر ئىستىخارىگە دەلىل قىلىنىدۇ[1].

پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ئاللاھقا يېلىنىپ مەخسۇس بىر دۇئا قىلىش شەكلىدە ئۆگەتكەن. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

---

① سالىم ئۆغۈت، «ئىستىخارە»، تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 23- جىلد، 333- بەت، ئىستانبۇل 2001.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلىرىمىزدا ئىستىخارە قىلىشنى بىزگە خۇددى «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگەتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «سىلەردىن بىر كىم بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: ‹ئى ئاللاھ! ماڭا بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئىلمىڭ بىلەن بىلدۈرۈشىڭنى تىلەيمەن، قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن، چۈنكى سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەسمەن، سەن ھەممىنى بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن، ھەممە غەيىب ساڭا ناھايىتى ئايدىڭ، ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ دىنىم ۋە دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن. ياخشىلىق قەيەردە بولسۇن، ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغىن. شۇنىڭ بىلەن مېنى مەمنۇن قىلغىن›»[1].

[1] بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە، بابۇ ماجائە فىتتەتەۋۋۇئى مەسنا-مەسنا، دەئەۋات 6382، تەۋھىد 7390؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1538؛ تىرمىزى، سۈنەن، ۋىتىر 480؛ نەسەئى، سۈنەن، نىكاھ 3253؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات 188 (1383).

### ③ ئوقۇش ئۇسۇلى

ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولمايدىغان بىر ۋاقىتتا ئىستىخارە (ئاللاھدىن خەيرلىك بولغىنىنى تىلەش) نىيىتى بىلەن ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇپ، ئاندىن يۇقىرىدىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ.

ئىستىخارە نامىزىدا مۇئەييەن بىر سۈرە ياكى مۇئەييەن بىر ئايەت ئوقۇش بەلگىلەنمىگەن، بۇنىڭغا ئاساسەن ھەر ئىككى رەكئەتتە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە ياكى بىلگىنىچە ئاز بولغاندا ئۈچ ئايەت مىقدارى ئايەت ئوقۇسا بولىدۇ.

ئىستىخارىدە دىنىمىز قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ئىشلاردىن بىرىنى قىلىشنى ياكى ئۇلاردىن بىرىنى تاللاشنى ئاللاھتىن سوراشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ ئۆينى ئالايمۇ ئالمايمۇ؟ بۇ قىز ياكى ئايال بىلەن (ياكى ئوغۇل ياكى ئەر بىلەن) توي قىلايمۇ، قىلمايمۇ؟ بۇ تىجارەتنى قىلايمۇ قىلمايمۇ؟ ... دەپ ئىككىلىنىپ قالغان كىشى ئىستىخارە سالسا بولىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

1. ئىستىخارىدىن كېيىن كۆڭۈل بىر تەرەپكە مايىل بولمىسا، بىر قانچە قېتىم، (ھەتتا يەتتە قېتىم) ئىستىخارە سېلىشقا بولىدۇ. ئىستىخارىدە مۇھىم بولغىنى چۈش كۆرۈش ئەمەس، كۆڭۈلنىڭ بىر تەرەپتىن سوۋۇپ، يەنە بىر تەرەپكە قىزىقىشىدۇر.

2. ھەر كىم ئۆز ئىستىخارىسىنى ئۆزى سالىدۇ. باشقا بىرىگە ئىستىخارە سالدۇرۇش ياكى ئىستىخارە سېلىپ بېرىش بىدئەتتۇر.

3- ئىستىخارە دۇئاسىنى ئوقۇپ «بۇ ئىش» دېگەن يەرگە كەلگەندە قىلماقچى بولغان ئىشنى ئاتاش ياكى كۆڭلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

### 3) هاجەت نامىزى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلاَّ عَلَى الْخَاشِعِينَ﴾

«سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز ھەقىقەتەن ئېغىر بىر ۋەزىپىدۇر. لېكىن ئۇ ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتقۇچى ۋە ئاللاھقا ئېھتىرام بىلدۈرگۈچىلەر ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس»[1].

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ إِنَّ اللّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾

﴿ئى مۇئمىنلار! سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئۆتەش ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[2].

بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن ئاللاھ تائالادىن بىرەر ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى تىلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ بۇ تىلىكىنى ناماز ئوقۇپ تىلىشى ياخشى بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 45- ئايەت.

② 2- سۈرە بەقەرە، 153- ئايەت.

ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كامىل تاھارەت ئېلىپ كامىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ تىلىكىنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ياكى كېيىن ئىجابەت قىلىدۇ»[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئاللاھقا ياكى ئادەم ئەۋلادىدىن بىرىگە بىر ئېھتىياجى چۈشسە تاھارەت ئالسۇن، تاھارەتنى كامىل ئالسۇن، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتسۇن، ئاندىن مۇنداق دېسۇن: ھەلىم ۋە سېخىي ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق. ئەرشى ئەزىمنىڭ ئىگىسى ئاللاھ پاكتۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. ئى ئاللاھ! مەن سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى، مەغپىرىتىڭگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى سورايمەن. ھەر خاتالىقتىن پاك قېلىشنى، ھەر ياخشىلىقتىن قولغا كەلتۈرۈشنى، ھەر گۇناھتىن ساق قېلىشنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ قانداق گۇناھىم بولسا ئۇنى مەغپىرەت قىلماي قويمىغىن، مېنىڭ قانداق غەم-قايغۇم بولسا ئۇنى كۆتۈرۈۋەتمەي قويمىغىن، سەن مېنىڭ قانداق ھاجىتىمدىن رازى بولساڭ ئۇنى راۋا قىلغىن، ئى ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زات!»[2].

---

① ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 589/45.

② تىرمىزى، سۈنەن، سالات 348 (479)؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەت 189 (1384).

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بىر ئىش ئېغىر كەلسە ناماز ئوقۇيتتى[1].

## 4) تەۋبە نامىزى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَظَنَّ دَاوُودُ أَنَّمَا فَتَنَّاهُ فَاسْتَغْفَرَ رَبَّهُ وَخَرَّ رَاكِعًا وَأَنَابَ﴾

﴿داۋۇد ئۆزىنى بىزنىڭ سىنىغانلىقىمىزنى چۈشەندى، دەرھال رەببىدىن مەغپىرەت تىلىدى، ئېگىلىپ سەجدىگە يىقىلدى ۋە رەببىگە يۆنەلدى﴾[2].

بۇ ئايەت ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلغان كىشىنىڭ تەۋبە قىلىش ئەسناسىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. تۆۋەندىكى رىۋايەتمۇ تەكىتلەيدۇ:

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ: «بىر گۇناھنى قىلغان كىشى كامىل تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، تەتەۋۋۇئ 1321، سالات 1319؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 330/38.

[2] 38- سۈرە ساد، 24- ئايەت.

﴿وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ ۝ أُولَئِكَ جَزَاؤُهُمْ مَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَجَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَنِعْمَ أَجْرُ الْعَامِلِينَ﴾

﴿تەقۋادارلار بىرەر قەبىھ ئىش قىلغان ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان چاغلىرىدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. گۇناھلارنى ئاللاھدىن باشقا كىم مەغپىرەت قىلىدۇ؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ مۇكاپاتى رەببى تەرىپىدىن مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!﴾[1].

## 5) سەپەردىن قايتىش نامىزى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللّهِ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَأَقَامَ الصَّلاَةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلاَّ اللّهَ فَعَسَى أُوْلَـئِكَ أَن يَكُونُواْ مِنَ الْمُهْتَدِينَ﴾

---

① 3- سۈرە ئال ئىمران، 135- ۋە 136- ئايەتلەر.

﴿ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگەن، زاكاتنى بەرگەن، ئاللاھتىن غەيرىيدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى مۇمكىن﴾[1].

«مەسجىدنى ئاۋات قىلىش» مەسجىدنى ماددىي جەھەتتىن رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش بىلەن، مەنىۋى جەھەتتىن مەسجىدتە ناماز ئۆتەش، زىكىر-تەسبىھ ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن مەسچىتنى مەنىۋى جەھەتتىن ئاۋات قىلىشتىن بىر مۇددەت توختاپ قالغان كىشىنىڭ سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇقىملىقتىكى ئىشلىرىنى بۇ ئاۋات قىلىشتىن باشلىشى ياخشى ئىشتۇر. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس: رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سەپەردىن قايتسا ئالدى بىلەن مەسچىتكە بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى[2].

① 9- سۈرە تەۋبە، 18- ئايەت.

②بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 4418، مەغازى 4156؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇل مۇسافىرىن 74 (716)، تەۋبە 53 - ( 2769 )؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جىھاد 2773، 2781؛ نەسەئى، سۈنەن، مەساجىد 731.

# تۉتینچی بۉلوٗم
# باشقا نامازلار

## 1ـ جۈمە نامىزى

ئىسلام دىنىدا ناماز ئىبادىتى ئەڭ مۇھىم ئىبادەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئىنكار قىلغان كىشى مۇسۇلمان دېيىلمەيدۇ. جۈمە نامىزىمۇ ئەنە شۇ نامازلاردىن بىرىدۇر. جۈمە نامىزىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغانلىقتىن «قۇرئان كەرىم»دىكى بىر سۈرىمۇ شۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا نُودِيَ لِلصَّلَاةِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ وَذَرُوا الْبَيْعَ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ ۞ فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْأَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

﴿ئى مۇئمىنلار! جۈمە كۈنى نامازغا ئەزان ئېيتىلغاندا، ئاللاھنىڭ زىكرىگە[1] يۈگۈرۈڭلار، ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار. ناماز ئادا قىلىنىپ بولغاندا دەرھال زېمىنغا تارقىلىڭلار، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئاللاھقا كۆپ زىكرى ئېيتىڭلار، مۇرادىڭلارغا يېتەلەيسىلەر﴾[2].

تۆۋەندە بۇ ئىككى ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇقتىلارنى مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمىز:

---

① زىكرىدىن مەقسەت: جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاش ۋە جۈمە نامىزىنى ئوقۇشتۇر.

② 62ـ سۈرە جۇمۇئە، 9~10ـ ئايەت.

## 1) جۈمە كۈنى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەت بولغان بىزلەر قىيامەت كۈنى ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بولىمىز. ھالبۇكى، باشقا ئۈممەتلەرگە بىزدىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەن. ئەسلىدە جۈمە كۈنى ئۇلارغىمۇ بېرىلگەن ئىدى، لېكىن ئۇلار بۇ كۈن ھەققىدە ئىختىلاپلاشتى. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ بۇ كۈننى بىزگە بەردى. باشقا ئۈممەتلەر بولسا، بىزگە ئەگەشتۈرۈلدى. يەھۇدىيلارنىڭ كۈنى ئەتە (شەنبە)، خىرىستىيانلارنىڭ كۈنى بولسا، ئۆگۈنلۈككە (يەكشەنبە)دۇر»[1].

## 2) جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«جۈمە كۈنى جۇنۇپلۇقتىن غۇسلى قىلغاندەك غۇسۇل قىلىپ، بىرىنچى پەيتتە جۈمە نامىزىغا بارغان كىشى، ئاللاھ يولىدا بىر تۆگە، ئىككىنچى پەيتتە كەلگەن كىشى بىر كالا، ئۈچىنچى پەيتتە كەلگەن كىشى مۈڭگۈزلۈك بىر قوچقار، تۆتىنچى پەيتتە كەلگەن كىشى بىر توخۇ، بەشىنچى پەيتتە كەلگەن كىشى بىر دانە تۇخۇم سەدىقە بەرگەندەك بولىدۇ. ئىمام خۇتبىگە چىققاندا پەرىشتىلەر تەييار بولىدۇ ۋە خۇتبىگە قۇلاق سالىدۇ»[2].

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 21.

② بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 4؛ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 10.

«كىم غۇسۇل قىلىپ جۈمە نامىزىغا كەلسە، كۈچىنىڭ يېتىشىچە نەپلە ناماز ئۆتىسە، خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقاندا گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ خۇتبە ئاڭلىسا، كېيىن ئىمام بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنى ئۆتىسە، شۇ جۈمە بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى جۈمە ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە ئۈچ كۈنلۈك گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»[①].

سەلمان پارىسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى جۈمە كۈنى غۇسۇل قىلىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە پاكلىنىپ، بولسا بەدىنىنى ياغلاپ ياكى ئۆيىدىكى خۇشپۇراق نەرسىلەردىن ئىشلىتىپ نامازغا چىقسا، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمىسە، ئاندىن كېيىن پەرز قىلىنغان نامازنى ئوقۇسا، ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا گەپ قىلمىسا شۇ كىشىنىڭ بۇ جۈمەدىن كېلىدىغان جۈمە كۈنىگىچە بولغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»[②].

### 3) جۈمە نامىزى پەرز بولغان كىشىلەر

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن جۈمە نامىزىنىڭ ھەممە ئادەمگە پەرز قىلىنمىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئايەت جۈمە نامىزىنىڭ سودا-سېتىق بولىدىغان جايلاردا ئوقۇلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. سودا-سېتىق بازارلاردا بولىدۇ، بازارلار مەركىزىي كەنتلەردە بولىدۇ. لېكىن

---

① مۇسلىم، سەھىھ، جۈمۇئە 27.

② بۇخارى، سەھىھ، جۈمۇئە 6.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى مەركىزى كەنتتە ياشىمايدۇ. دېمەككى، مەركىزىي كەنتتىن يىراق چەت جايلاردا ياشايدىغان، يايلاقلاردا پادىچىلىق قىلىدىغان، جۈمە نامىزى ئوقۇلمايدىغان رايونلاردا خىزمەت ياكى ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە قىلسا قىلىپ جۈمە نامىزى ئۆتىلىدىغان يەرلەرگە كېلىشى، شۇنداقلا جۈمە نامىزى ئوقۇشى كېرەك ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر ياشاۋاتقان يەرلىرىدە پېشىن نامىزىنى ئادا قىلسا بولىدۇ.

**مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر:**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە نامىزى ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەممە ئادەمگە پەرزدۇر»[①].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يامغۇرلۇق بىر كۈنى مۇئەززىنگە مۇنداق دېگەن: ئەزان ئېيتقان چېغىڭدا «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دەپ بولغاندىن كېيىن «ھەييە ئەلەسسەلاھ (نامازغا كېلىڭلار)» دېمەي، «ئەسسەلاتۇ فىررىھال (نامىزىڭلارنى ئۆيلىرىڭلاردا ئوقۇڭلار)» دېگىن. ئىنسانلارنىڭ بۇ سۆزگە ھەيران قېلىشقانلىقىنى كۆرگەن ئىبنى ئاباس: «بۇ ئىشنى مەندىن ياخشى كىشى[②] قىلغان. جۈمە ئوقۇش بىر ۋەزىپە. سىلەرگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇشنى خالىمىدىم. ئۇنداق بولمىغاندا پاتقاقلىق ۋە تېيىلغاق يەرلەردە ماڭغان بولاتتىڭلار» دېگەن[③].

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1067.

② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى.

③ بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 14.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار تۇرۇۋاتقان يەرلىرىدىن ۋە شەھەر سىرتىدىن نۆۋەتلىشىپ جۈمە نامىزى ئۈتىگىلى كېلەتتى. چاڭ-تۇزان ئىچىدە كېلەتتى، تەرلەيتتى ۋە تەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «كاشكى، بۈگۈن ئۈچۈن بىر يۇيۇنغان بولساڭلار» دېدى[1].

مۇئاۋىيە زەيد ئىبنى ئەرقەمدىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئىككى ھېيتنىڭ بىر كۈنگە توغرا كەلگىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ سورىدى. زەيد: كۆردۈم دەپ جاۋاب بەردى. مۇئاۋىيە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق قىلدى؟ دەپ سورىدى، زەيد: ھېيت نامىزىنى ئوقۇدى، جۈمە نامىزىنى ئىختىيارىمىزغا قويۇپ قويدى ۋە «خالىغانلار ئۈتىسۇن» دېدى دەپ جاۋاب بەردى[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن ئىككى ھېيت بىر كۈنگە توغرا كەلدى. خالىغانلار جۈمە نامىزىنى ئۈتىمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بىز ئۈتەيمىز»[3].

① بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 15.

② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1070، نەسەئى، ئىيد 1592، ئىبنى ماجە، سۇنەن، سالات 1310.

③ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1073.

## 4) جۈمە نامىزىغا غۇسۇل قىلىپ چىقىش

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە نامىزىغا تاھارەت ئالسا بولىدۇ. لېكىن غۇسۇل قىلسا تېخىمۇ ياخشى»①.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن بىر كىشى جۈمە نامىزىغا چىقىدىغان چاغدا غۇسۇل قىلسۇن»②.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمە كۈنى ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى، دەسلەپكى مۇھاجىرلاردىن بىر كىشىنىڭ مەسجىدكە كىرگەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۇنى چاقىرىپ: «بۇ قايسى ۋاقىت؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: «ئىشىم بار ئىدى، ئەزان ئوقۇلغانغا قەدەر ئۆيگە قايتالمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاران تاھارەت ئېلىشقا ئۈلگۈردۈم» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆمەر: «يەنە تاھارەت ئالدىڭمۇ؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى بىلىسەن ئەمەسمۇ؟» دەپ كايىپ كەتتى③.

---

① تىرمىزى، سۇنەن، جۇمۇئە 497.

② بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 2.

③ بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 2.

## 5) جۈمە نامىزىغا خۇشپۇراق نەرسە ئىشلىتىپ چىقىش

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنى غۇسۇل قىلىش بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى. چىشلىرىنى تازىلاش ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىشمۇ شۇنداق»[①].

## 6) جۈمە كۈنىگە مەخسۇس كىيىم كىيىش

مۇھەممەد ئىبنى يەھيا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئىمكانىيىتىڭ يار بەرسە جۈمە ئۈچۈن ئىش كىيىمىڭدىن باشقا مەخسۇس بىر قۇر كىيىمىڭ بولسۇن»[②].

## 7) جۈمەگە مېڭىش شەكلى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نامازغا يۈگۈرۈپ كەلمەي، تەمكىن ھالەتتە كېلىڭلار. يېتىشەلىگەنلىرىڭلارنى ئوتەڭلار، يېتىشەلمىگىنىڭلارنى تولۇقلاڭلار»[③].

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۈمۇئە 3.
② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۈمۇئە 1078.
③ بۇخارى، سەھىھ، جۈمۇئە 8.

### 8) جۇمە نامىزىنىڭ ۋاقتى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇمە نامىزىنى كۈن ئېگىلگەندە ئۆتىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[1] ۋە مۇنداق دەيدۇ: بىز جۇمەگە بالدۇر تەييارلىناتتۇق، چۈشلۈك ئۇيقۇمىزنى جۇمەدىن كېيىن ئۇخلايتتۇق[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇمە نامىزىنى ھاۋا سوغۇق چاغدا بالدۇر ئوقۇيتتى. ئىسسىق بولغان چاغلاردا ھاۋانىڭ سوۋۇشىنى كۈتەتتى[3].

سەلەمە ئىبنى ئەل ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە جۇمە نامىزىنى كۈن ئېگىلگەندە ئۆتەيتتۇق. ئاندىن كېيىن قايتىپ بىرىپ سايە ئىزدەيتتۇق[4].

سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە جۇمە نامىزىنى ئۆتەيتتۇق ۋە تام تۈۋلىرىدىن ئىزدەپ سايە تاپالمايتتۇق[5].

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 16؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1084؛ تىرمىزى، سۇنەن، جۇمۇئە 503.

② بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 16.

③ بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 17.

④ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 32.

⑤ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 32.

## 9) جۈمەگە ئەزان

جۈمۇئە سۈرىسىنىڭ 9- ئايىتىدە ﴿ئى مۇئمىنلار! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلغاندا...﴾ دېيىلگىنىدىن قارىغاندا جۈمە نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئېيتىش كېرەك.

مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر بۇ ئەزاننىڭ ئىمام خۇتبىگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان ئەزان ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جۈمە كۈنى ئوقۇلىدىغان ئىككىنچى ئەزان، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يولغا قويۇلغان، ئەسلىدە جۈمە كۈنىدىكى ئەزان ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرغان چاغدا ئوقۇلاتتى[①].

ئۇ كىشى يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ دەۋرىدە ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان ئەزان بىرىنچى ئەزان ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغان چېغىدا مۇسۇلمانلار كۆپەيگەنلىكتىن ئىككىنچى ئەزاننى ئوقۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن زەۋرا دېگەن يەردە ئىككىنچى ئەزان ئوقۇلدى. ئاندىن ئەزان مەسىلىسى مۇشۇ بويىچە مۇقىملاشتى[②].

زىيادە قىلىنغان بۇ ئەزان پېشىن ۋاقتىنىڭ كىرىشى بىلەن ئوقۇلىدۇ ۋە كۈنىمىزدە بىرىنچى ئەزان دەپ ئاتىلىدۇ، لېكىن جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان ئىقامەت (تەكبىر)مۇ ئەزان دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەزان ئۈچىنچى ئەزان ھېسابلانغان.

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۈمۇئە 24.

② بۇخارى، سەھىھ، جۈمۇئە 25.

ئەبۇ ئۇمامە ئىبنى سەھل ئىبنى ھۇنەيف مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئولتۇرغاندا مۇئەززىن ئوقۇغان ئەزاننى ئاڭلاپ ئولتۇردى. مۇئەززىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەندە ئۇمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېدى. مۇئەززىن «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەندە ئۇ: «مەنمۇ» دېدى. مۇئەززىن «ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» دېگەندە ئۇ: «مەنمۇ» دېدى. ئەزان ئاخىرلاشقاندا ئۇ: «ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇ مۇنبەر ئۈستىدە مۇئەززىن ئەزان ئوقۇغاندا سىلەر مەندىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى تەكرارلىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى[1].

### 10) خۇتبە

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىزنى جۈمە خۇتبىسىنى قىسقا ئوقۇشقا بۇيرىدى[2].

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ جۈمە كۈنى خۇتبىنى قىسقا ئوقۇيتتى. قىلغان بارلىق سۆزلىرى بىر نەچچە كەلىمىدىن ئاشمايتتى[3].

مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر نەچچە قېتىم ناماز ئۆتىدىم، رەسۇلۇللاھ نامازنىمۇ ئوتتۇرھال ئۆتەيتتى، خۇتبىنىمۇ شۇنداق

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۈمۈئە 23.
② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۈمۈئە 1106.
③ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۈمۈئە 1107.

ئوقــــۇيتتى، خۇتبـــــده ئـــــايەتلەر ئوقـــــۇپ ئىنســـــانلارغا مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەسلەتتى[1].

ئەبۇ ۋائىل مۇنـداق دەيـدۇ: ئەممـار بىـزگە خـۇتبە ئوقـۇدى، خـۇتبىنى قىسـقا ۋە چۈشىنىشـلىك قىلـدى. مۇنبەردىن چۈشـكەن چېغىدا بىـز ئۇنىڭغـا: ئـى ئەبـال يەقـزان! چۈشىنىشـلىك ۋە قىسـقا خۇتبە ئوقـۇدىڭىز. كاشـكى، بىـر ئـاز ئـۇزۇنراق ئوقۇغـان بولسـىڭىز دېدۇق. ئـۇ: مەن رەسـۇلۇللاھنىڭ «كىشـىنىڭ نامىزىنىـڭ ئـۇزۇن، خۇتبىسـىنىڭ قىسـقا بولۇشـى ئۇنىـڭ دىنىنـى چۈشـەنگەنلىكىدىن دېـرەك بېرىـدۇ. نامـازنى ئـۇزۇن ئـوقۇڭلار، خـۇتبىنى قىسـقا قىلىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى[2].

ئابدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام ئىككـى خـۇتبە ئوقـۇيتتى. مـۇنبەرگە چىققانــدا ئەزان ئوقۇلــۇپ بولغانغــا قەدەر ئولتــۇراتتى. مـۇئەززىن ئەزان ئوقۇۋاتقانـــدا خـــۇددى ئـــۇنى كۆرگەنـــدەك هېسســـىياتقا كېلەتتىم. ئەزانـدىن كېيىـن ئورنىـدىن تـۇرۇپ خـۇتبە ئوقـۇيتتى، ئانـــدىن ئولتـــۇراتتى ۋە بـــۇ ئەســـنادا گەپ قىلمـــايتتى. ئانـــدىن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە خۇتبە ئوقۇيتتى[3].

ئابدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خـۇتبىنى ئـۆرە تـۇرۇپ ئوقـۇيتتى. ئارىـدا بىر ئولتۇرۇپ خۇددى شۇئان سىلەر تۇرغاندەك تۇراتتى[4].

---

① مۇسلىم، سەهىه، جۇمۇئە 41؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1101.

② مۇسلىم، سەهىه، سالاتۇلمۇسافىرىن 47/13 (869).

③ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1092.

④ بۇخارى، سەهىه، جۇمۇئە 27؛ مۇسلىم، سەهىه، جۇمۇئە 33.

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى خۇتبە ئوقۇيتتى ۋە ئىككى خۇتبە ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. قۇرئان ئوقۇپ ئىنسانلارغا مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتەتتى[①].

## ① خۇتبە ئەسناسىدا ناماز ئۆتەش

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا بىر ئادەم مەسجىدكە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ناماز ئۆتىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ كىشى ياق دەپ جاۋاب بەرگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتەشكە بۇيرىدى[②].

جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا غەتەفان قەبىلىسىدىن سۇلەيك ئىسىملىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى ۋە ئولتۇردى. ئۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئورنۇڭدىن تۇر! ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتە. مۇمكىن قەدەر قىسقا بولسۇن» دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەردىن كىم ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا مەسجىدكە كىرسە، ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتىسۇن ۋە مۇمكىن قەدەر قىسقا ئۆتىسۇن»[③].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە، 34؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1094؛ نەسەئى، سۇنەن، جۇمۇئە 1419؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، جۇمۇئە 1106.

② بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 33؛ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە، 55.

③ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 60.

## ② خۇتبە ئەسناسىدا گەپ قىلماسلىق

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا يېنىڭدىكى كىشىگە گەپ قىلما دېسەڭمۇ بىكار (پايدىسىز) گەپ قىلغان بولىسەن»①.

«كىم كامىل تاھارەت ئېلىپ جۈمە نامىزىغا كەلسە، خۇتبىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىسا، خۇتبە ئەسناسىدا گەپ قىلمىسا، شۇ جۈمە بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى جۈمە ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە ئۈچ كۈنلۈك گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. كىم تاشنى سىلىسا ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولىدۇ»②.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۇفەدە جامائەتكە مۇنداق دەپ خىتاب قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: جۈمە كۈنى كېلىش بىلەن تەڭ شەيتانلار بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ بازارلارنى ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ئىنسانلارنى جۈمە نامىزىدىن توسۇش ئۈچۈن ھەرخىل باھانىلەرنى توقۇپ چىقىدۇ. پەرىشتىلەر بولسا، بالدۇر كېلىپ مەسجىدنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرىدۇ. ئىمام مۇنبەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى پەيتتە كەلگەنلەرنى تىزىملايدۇ. كىشى ئىمامنى كۆرۈپ خۇتبىنى ئاڭلىيالايدىغان بىر يەردە جىم ئولتۇرۇپ خۇتبىنى تىڭشىسا ۋە ئورۇنسىز ئىش قىلمىسا ئىككى ساۋاب ئالىدۇ. خۇتبىنى ئاڭلىيالمايدىغان بىر يەردە ئولتۇرۇپ خۇتبىنى ئاڭلىيالمىسا ۋە ئورۇنسىز ئىش قىلمىسا ئۇنىڭغا بىر ساۋاب بولىدۇ. كىم ئىمامنى

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 36؛ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 11.

② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1050.

كۆرەلەيدىغان ۋە خۇتبىنى ئاڭلىيالايدىغان يەردە ئولتۇرۇپ، خۇتبىنى ئاڭلىماي بىكار ئىش قىلسا، بىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. كىم يېنىدىكى كىشىگە «جىم ئولتۇر!» دېسە ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولىدۇ. بىكار ئىش قىلغان كىشى ئۆتنگەن جۈمەدىن نېسىۋىسىنى ئالالمىغان بولىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

### ③ خۇتبە دۇئاسى

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىنى مۇنداق باشلايتتى:

«ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن. بىز ئاللاھدىن ياردەم تىلەيمىز، ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمىز. نەپسىلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرۇۋېتەلمەيدۇ. ئاللاھ ئازدۇرۇۋەتكەن كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، ئاللاھ ئۇنى قىيامەتنىڭ ئالدىدا خۇش خەۋەرچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى. كىم ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلسا توغرا ئىش قىلغان بولىدۇ. كىم ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلسا،

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1051.

ئۆزىگىلا زىيان يەتكۈزگەن بولىدۇ. ئۇ ئاللاھقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»①.

ئىبنى شىھاب بۇ دۇئاغا مۇنۇلارنى ئىلاۋە قىلىدۇ: «رەببىمىز ئاللاھتىن بىزنى ئۆزىگە ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان، ئۆزىنى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەردىن قىلىشىنى تىلەيمىز. بىزنىڭ بار بولۇشىمىزنىڭ سەۋەبى ئاللاھتۇر ۋە بىز ئاخىرىدا ئۇنىڭ ھوزۇرىغا قايتىمىز»②.

### ④ خەتىپكە يېقىن ئولتۇرۇش

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خۇتبىگە ھازىر بولۇڭلار ۋە ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇڭلار»③.

## 11) جۈمە نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى

1. مەسجىدكە كىرىپلا ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇلىدۇ. بۇ نامازنىڭ جۈمە نامىزى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئۇنى باشقا ۋاقىتلاردا مەسجىدكە كىرگەن چېغىمىزدىمۇ ئوقۇشىمىز سۈننەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1097.
② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1098.
③ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جۇمۇئە 1108.

رەكـئەت تەھىييەتـۇل مەسـجىدنى جۈمەنىـڭ سـۈننىتى دېـيىش توغرا ئەمەس.

2. جۈمەنىڭ پەرزىـدىن ئىلگـىرى ئوقۇلـىدىغان جۈمەنىـڭ سـۈننىتى توغرىسـىدا سـەھىھ ھەدىـس يـوق. سـەھىھ ھەدىسـلەردە جـۈمەگە بـۇرۇنراق كەلگەنـلەر ئـۆزلىرى خالىغـان مىقـداردا نەپـلە ناماز ئوقۇسا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بـۇ توغرىـدا جۇمـۇئە سۈرىسـىنىڭ 9 ـ ئـايىتى ئۈسـتىدە ئوبدان پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك. بـۇ ئـايەتتە ئـاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ئـى مـۇئمىنلار! جـۈمە كـۈنى جـۈمە نامىزىغـا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنىڭ زىكرىگە ئالدىراپ بېرىڭلار...﴾

بـۇ ئـايەتتە زىكىـر قىلىنغـان ئەزان، ئىمـام خـۇتبە ئوقـۇش ئۈچـۈن مـۇنبەرگە چىقىـپ ئولتۇرغانـدا ئوقۇلـىدىغان ئەزانـدۇر. ھازىر ئوقۇلۇۋاتقـان بىرىنچـى ئەزان پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ زامانىدا يـوق ئىـدى. ئـۇ، ئوسـمان رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ زامانىـدا پەيـدا قىلىنغـان ئەزانـدۇر. جـۈمە نامىزىنىـڭ ئەزانـى بولغـان ھـازىرقى ئىككىنچـى ئەزان ئوقۇلغانـدا خاتىـپ مـۇنبەردە تـۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيدۇ، جامائەت ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

دېمەككى، جۈمەگە بارغانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇل مەسجىد نـامىزىنى ئوقـۇپ خـۇتبە ئـاڭلاش ۋە ئىمامغـا ئىقتىـدا قىلىـپ جـۈمەنى ئوقۇشـتۇر. ئىمـام خـۇتبىگە چىقىشـتىن بـۇرۇن جـۈمە ئوقۇلـىدىغان جايغـا كەلگەنـلەر خالىسـا ئـۆزى چاغلىغـان مىقـداردا نەپـلە نامـاز ئوقۇيـدۇ. خالىسـا قۇرئـان كەرىـم ئوقۇيـدۇ. خالىسـا باشـقا زىكىـر ـ تەسـبىھلەرنى ئوقـۇپ ئولتۇرىدۇ.

3. جۈمە نامىزى ئىككى رەكئەتلىك ناماز بولۇپ، جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدۇ. جۈمەنىڭ ئىچىدە ئوقۇلىدىغان ئايەت، زىكىر، تەسبىھ ۋە دۇئالار باشقا نامازدىكى بىلەن ئوخشاشتۇر. جۈمە نامىزى باشقا نامازلاردىن پەقەت نىيەت بىلەنلا پەرقلىنىدۇ.

## 12) جۈمەدىن كېيىنكى سۈننەت

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمەدىن كېيىن مەسجىدتىن ئايرىلماي تۇرۇپ ناماز ئۆتىمىگەن. مەسجىدتىن ئايرىلىپ ئۆيدە ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتىگەن[1].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ جۈمەدىن كېيىنكى سۈننىتىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرگەن ئەنە شۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىنىڭ ئارقىسىدىن مەسجىدتىن چىقماي تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتىگەن بىر ئادەمنى كۆرۈپ ئۇنى سىلكىگەنلىكى، ئۇنىڭغا «جۈمەنى تۆت رەكئەت ئۆتىمەكچىمۇسەن؟» دېگەنلىكى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئادەتتە جۈمە نامىزىدىن قايتىپ بېرىپ ئۆيدە ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتەيدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىلاتتى، دەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[2].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمەدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتەيتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىلاتتى دەيتتى[3].

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۈمۈئە 39؛ مۇسلىم، سەھىھ، جۈمۈئە 71؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1252؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىمامە 873.

② ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جۈمۈئە 1127.

③ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جۈمۈئە 1128.

ئـاللاھ تائـالا جـۈمە (جۇمـۇئە) سۈرىسـىنىڭ 9- ئايىتىـدە جـۈمە ئوقۇشـقا ئەمىـر قىلىـپ بولغانـدىن كېيىن 10- ئايىتىـدە ﴿**فَإِذَا قُضِيَتِ الصَّلَاةُ فَانتَشِرُوا فِـي الْـأَرْضِ**﴾ دەيـدۇ. ئـاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىنى چۈشىنىشكە تىرىشايلى:

بۇ ئايەتتىكى ﴿**الصَّـلَاةُ** (نامـاز)﴾دىـن، جۈمەنىـڭ پەرزى مەقسـەت قىلىنىـدۇ. فەنتەشـىرۇ ﴿**فَانتَشِـرُوا**﴾ دېگەن سـۆزنىڭ بېشـىدىكى «**فَ**» ھەرپىنىـڭ بـۇ يەردىكـى مەنىسـى «دەرھـال» دېگەن بولىدۇ.

بـۇ ئـايەت، «نامـاز» دەپ تەرجىـمە قىلىنغـان ئەسسـەلات «**الصَّـــلَاةُ**» كەلىمىسـىنىڭ بېشـىدىكى ئەلىــف لام «**ال**» ۋە «تارقىلىڭلار» دەپ تەرجىـمە قىلىنغـان فەنتەشـىرۇ «**فَانتَشِــرُوا**» كەلىمىسـىنىڭ بېشـىدىكى «**ف**» دىققەتـكە ئېلىنىـپ، «جۈمەنىـڭ پەرزى ئـادا قىلىنىـپ بولغانـدا دەرھـال زېمىنغـا تـارقىلىڭلار...» دېـگەن شـەكىلدە تەرجىـمە قىلىنسـا، تولـۇق تەرجىـمە قىلىنغـان بولىدۇ.

دېمەككى، جۇمۇئە سۈرىسـىنىڭ 10- ئايىتىنـىڭ مەزمۇنىغـا ئاساسـەن، جـۈمە نـامىزى ئوقۇلـۇپ بولغانـدىن كېيىن دەرھـال تارقىلىـپ كېـتىش كېـرەك. بـۇنى يۇقىرىـدىكى ھەدىسـلەرمۇ تەكىتلەيدۇ.

بۇ توغرىدا يەنە مۇنـداق بىـر ھەدىسمۇ رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېـگەن: «جـۈمەدىن كېيىن

ناماز ئوقۇماقچى بولساڭلار، تۆت رەكئەت ئوقۇڭلار»[1]. لېكىن بۇ ھەدىس يۇقىرىقى ئايەتكە يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ 62- سۈرىسى بولغان جۈمە (جۇمۇئە) سۈرىسىنىڭ 10- ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمەدىن كېيىن مەسجىدتىن چىقىپ ئۆيىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەدىسلەرگە زىت كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ ھەدىس بۇخارىدا يوق.

## 13) جۈمە كۈنىدىكى دۇئا قوبۇل بولىدىغان پەيت

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنى بىر پەيت بار. مۇسۇلمان كىشى ئۇ پەيتتە ئاللاھتىن بىر نەرسە تىلىسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تىلىگەن نەرسىسىنى بېرىدۇ. ئۇ پەيتنى نامازدىگەردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىن ئىزدەڭلار»[2].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنى ئاللاھقا دۇئا قىلىدىغان پەيتنى نامازدىگەردىن كۈن پاتقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىن ئىزدەڭلار»[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنىدە بىر پەيت باركى، ئۇ پەيتتە بىر مۇسۇلمان ناماز ئوقۇپ ئاللاھتىن بىر نەرسە

① مۇسلىم، سەھىھ، جۈمە 68؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جۈمە 1131؛ تىرمىزى، سۈنەن، جۈمە 523.

② ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جۇمۇئە 1048.

③ تىرمىزى، سۈنەن، جۇمۇئە 489.

تىلىسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تىلىگەن نەرسىسىنى چوقۇم بېرىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتنىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكىنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتكەن[1].

## 2ـ ئىككى ھېيت نامىزى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَنْ شَهِدَ مِنْكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَنْ كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ۞ وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيبُوا لِي وَلْيُؤْمِنُوا بِي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ﴾

﴿ئۇ ساناقلىق كۈنلەر رامىزان ئېيىدۇر. ئۇ شۇنداق ئايكى، ئىنسانلار ئۈچۈن ھىدايەت بولغان، ھىدايەتنىڭ ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى ھۆكۈملەرنىڭ دەلىللىرى بولغان قۇرئان ئەنە شۇ ئايدا نازىل قىلىنغان. سىلەردىن كىم بۇ ئايدا ھازىر بولسا[2]، ئۇنى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزسۇن. كىم كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ روزىسىنى تۇتالمىسا باشقا كۈنلەردە بىر كۈنگە بىر كۈن تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى ئىرادە قىلىدۇ، تەسلىكنى

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 37؛ مۇسلىم، سەھىھ، جۇمۇئە 13.

② يەنى رامىزان ئېيى يېتىپ كەلگەندە ھايات بولسا.

ئىرادە قىلمايدۇ. سانىنى تولۇقلىغايسىلەر[1]، ئاللاھقا تەكبىر ئېيتقايسىلەر! چۈنكى ئاللاھ سىلەرگە توغرا يولنى كۆرسەتتى. شۈكۈر قىلغايسىلەر!

بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا، مەن ناھايىتى يېقىن. مەن ماڭا دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. ئۇنداقتا ئۇلار مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن، كامالەتكە يېتەلەيدۇ﴾[2].

﴿لَنْ يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ كَذَلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَبَشِّرِ الْمُحْسِنِينَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا قۇربانلىقلارنىڭ گۆشلىرىمۇ، قانلىرىمۇ يەتمەيدۇ. ئاللاھقا سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلار يېتىدۇ. ئاللاھ ئۇ ھايۋانلارنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئاللاھقا تەكبىر ئېيتقايسىلەر! ئاللاھ سىلەرگە توغرا يولنى كۆرسەتتى. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[3].

بىرىنچى ئايەتتىكى يەنى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 185- ئايىتىدىكى ﴿ئاللاھقا تەكبىر ئېيتقايسىلەر!﴾ دېگەن ئىپادە روزا ھېيت نامىزى ئوقۇشنىڭ لازىملىقىغا، ئىككىنچى ئايەتتىكى يەنى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 186- ئايىتىدىكى ﴿ئۇلارمۇ مېنىڭ

[1] يەنى كېسەل ياكى سەپەر سەۋەبىدىن بىر ئاي رامىزاننىڭ قانچە كۈنىدە روزا تۇتالمىغان بولساڭلار، باشقا كۈنلەردە ئۇ كۈنلەرنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ بىر ئايلىق سانىنى تولۇقلىغايسىلەر.

[2] 2- سۈرە بەقەرە، 185- ۋە 186- ئايەتلەر.

[3] 22- سۈرە ھەج، 37- ئايەت.

دەۋتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن﴾ دېگەن ئىپادىلەر روزا ھېيت نامىزىدا خۇتبە ئوقۇشنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئۈچىنچى ئايەتتىكى يەنى ھەج سۈرىسىنىڭ 37- ئايىتىدىكى ﴿ئاللاھقا تەكبىر ئېيتقايسىلەر!﴾ دېگەن ئىپادە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنىڭ لازىملىقىغا، ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ دېگەن ئىپادە بولسا قۇربان ھېيت نامىزىدا خۇتبە ئوقۇشنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايەتلەردىكى ﴿ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىش﴾ ۋەزىپىسى كۆپچىلىككە، «كۆپچىلىككە ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشلىرىنىڭ ۋە ئاللاھقا ئىشىنىشلىرىنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇش، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بېرىش» ۋەزىپىسى بىر كىشىگە يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇلغان.

مۇنداقچە ئېيتقاندا بەقەرە سۈرىسىنىڭ 185- ئايىتى، روزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەج سۈرىسىنىڭ 37- ئايىتى، قۇربانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بايان قىلىنغاندىن كېيىن ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ھەر بىرىدە نامازغا كىرىشىۋېتىپ، نامازنىڭ ئىچىدە ۋە نامازدىن قايتىشتا تەكبىر ئېيتىشى ۋە مۇسۇلمانلارنى تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇشى، ھەر ئىككى ھېيت نامىزىدا خۇتبە ئوقۇشى، ئۇنىڭ مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرى-ياش، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى ھېيت نامىزىغا ھازىر بولۇشقا

چاقىرغانلىقى، ھەتتا ئادەت كۆرۈۋاتقان خانىم-قىزلارنىمۇ بۇ ناماز ئوقۇلغان يەرگە ھازىر بولۇپ نامازنى ئوقۇماي تەكبىرگە قېتىلىشىنى بۇيرۇشى بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ناھايىتى مۇھىمدۇر[①].

## 1) نامازغا بېرىشتىن بۇرۇن قىلىنىدىغان ئىشلار

### ① روزا ھېيت كۈنىنى بەلگىلەش

روزا ھېيت كۈنى ئەتە شەۋۋال ئېيىغا بىر دېگەن كۈنىنىڭ ئاخشىمى يەنى رامىزان ئېيىنىڭ 29- كۈنىنىڭ ئاخشىمى يېڭى ئاينى كۆرۈش بىلەن، ئەگەر ئاي كۆرۈنمىسە رامىزان ئېيىنى 30 كۈن قىلىپ تاماملاش بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن رامىزانىنىڭ 29 - كۈنى كەچتە يېڭى ئاينى كۆرسەك، ئەتىسى روزا تۇتۇشىمىز توغرا ئەمەس. ئەگەر رامىزانىنىڭ 29 - كۈنى كەچتە يېڭى ئاينى كۆرمىسەك، ئەتىسى بىر كۈن روزا تۇتۇپ رامىزاننى 30 كۈن قىلىپ تاماملايمىز ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈندە روزا تۇتمايمىز. چۈنكى ئۇ كۈن روزا

---

① ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ بىزنى ھېيت نامىزىغا ياش قىزلارنى، چېدىرلىرىدىن چىقمايدىغان مەستۇرە قىزلارنى ۋە ئادەت كۆرۈۋاتقان خانىم-قىزلارنى ئېلىپ چىقىشقا ئەمىر قىلدى. ئادەت كۆرۈۋاتقان خانىم-قىزلار مۇسۇلمانلارنىڭ جامائىتى قاتارىدا بولاتتى، ئۇلارنىڭ دۇئالىرىغا قېتىلاتتى، ناماز ئوقۇلىدىغان جاينىڭ تېشىدا بىر چەتتە تۇراتتى. — بۇخارى، سەھىھ، ئىيدەين 15، 20، ھەيز 23، سالات 2، ھەج 81؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىيدەين 10 (890)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 247 (1136-1139)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 388 (539، 540؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىيدەين 3، 4، (3/180-181). مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئۇممۇ ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزلىرىنىڭ ئىچىدە: «ھەيزدار ئاياللار ئىنسانلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ تەكبىر ئېيتاتتى» دېگەن ئىپادىمۇ بار. —مۇسلىم، سەھىھ، ئىيدەين 11 (890).

ھېيت كۈندۇر. ھېيت كۈندە روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ. بۇ ئىش، بىرەر سەۋەب بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇش كېچىككەن بولسىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. يەنى بىز رامىزان ئېيىنىڭ 29- كۈنى ئاخشامدا ئاي كۆرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ياكى رامىزاننى 30 كۈن قىلىپ تاماملىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ھېيت نامىزى ئوقۇلمىسىمۇ روزا تۇتمايمىز. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ رامىزان ھەققىدە سۆز قىلىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار، ئاينى كۆرمىگىچە ئېغىز ئاچماڭلار (ھېيت قىلماڭلار)»①.

### ② سەدىقە فىترىنى ئادا قىلىش

سەدىقە فىترىنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن بېرىۋېتىش كېرەك. ھېيتتىن بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن بەرسەكمۇ بولىدۇ. بۇنى بېرىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە مەلۇم بىر نىسابقا يېتىش شەرت ئەمەس، ھەتتا بۇنى بىر كۈنلۈك ئوزۇق-

---

① بۇخارى، سەھىھ، سەۋم 11، 5، 13، تالاق 25؛ مۇسلىم، سەھىھ، سىيام 9 (1080)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، سىيام 1 (286/1)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سەۋم 4 (2320)؛ نەسەئى، سۇنەن، سەۋم 10، 11، (134/4). بۇخارىنىڭ بىر رىۋايىتىدە «بۇلۇت ئاينى كۆرۈشۈڭلارغا توسالغۇ بولسا سانىنى ئوتتۇز قىلىپ تاماملاڭلار» دېيىلىدۇ، مۇسلىم ۋە نەسەئىنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان رىۋايىتىدە «ھاۋا بۇلۇتلۇق بولسا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇڭلار» دېيىلىدۇ. بۇ ھەقتە بۇخارى، سەھىھ، مۇسلىم ۋە تىرمىزىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاي كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار، ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا شەئبان ئېيىنى 30 كۈن قىلىپ تاماملاڭلار»، «رامىزان كىرىشتىن ئاۋۋال روزا تۇتماڭلار، ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار، ئەگەر ئاي بۇلۇتلۇق بولۇپ، ھىلالنى كۆرگىلى بولمىسا شەئبان ئېيىنى 30 قىلىڭلار».

تۈلـۈكى بــار كىشــىلەرمۇ بېرىشــى كېــرەك. مۇناســۋەتلىك بىــر ھەدىس:

ئىبنىــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: رەســۇلۇللاھ پىتىــر زاكىتىنــى روزا تۇتقــۇچىنى ئاغزىــدىن چىقىــپ كەتــكەن بىھــۇدە ســۆز ۋە ســەت گەپلەردىـــن پاكلىســۇن، مىسكىنلەرگە تاماق بولسۇن دەپ پەرز قىلدى. كىم ئۇنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ئادا قىلسا ئۇ مەقبۇل بىر زاكات بولىدۇ. كىم ئۇنى ھېيت نامىزىدىن كېيىن ئادا قىلسا سەدىقىلەردىن بىر سەدىقە بولىدۇ[1].

## ③ روزا ھېيت نامىزىغا يەپ-ئىچىپ چىقىش

روزا ھېيــت نامىزىغــا بىــر نەرســە يەپ-ئىچىــپ چىقىــش، مــۇمكىن بولســا خورمــا يەپ چىقىــش ياخشــىدۇر. ئەنەس رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، «رەســۇلۇللاھ روزا ھېيــت كــۈنى نامازغــا بىرقــانچە خورمــا يېمەســتىن چىقمــايتتى. رەسۇلۇللاھ خورمىلارنى تاق يەيتتى»[2].

## ④ قۇربان ھېيت نامىزىغا يەپ-ئىچمەي چىقىش

قۇربان ھېيت كۈنى ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغۇچە بىر نەرســە يېمەســلىك ياخشــىدۇر. بۇرەيــدە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، «رەســۇلۇللاھ روزا ھېيــت كــۈنى ھېيــت

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، زاكات 18.

② بۇخارى، سەھىھ، ئىيدەيىن 4؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 390 (543).

نامىزىغا بىر نەرسە يېمەستىن چىقمايتتى. قۇربان ھېيت كۈنى ھېيت نامىزى ئوقۇماستىن بىر نەرسە يېمەيتتى»[①].

### ⑤ ھېيت نامىزىغا غۇسۇل قىلىپ بېرىش

ھېيت نامىزىغا غۇسۇل قىلىپ يەنى بوي تاھارەت ئېلىپ، تازىلىق قىلىپ بېرىش ياخشىدۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ روزا ھېيت كۈنى ۋە قۇربان ھېيت كۈنى غۇسۇل قىلاتتى»[②].

### ⑥ ھېيت نامىزىغا ئائىلە ئەزالىرى بىرلىكتە بېرىش

ھېيت نامىزىغا بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرلىكتە بېرىش ۋە يولدا كېتىۋېتىپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىلھەمد» دېگەن تەكبىرنى ئېيتىش ياخشىدۇر.

زۇھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ روزا ھېيت نامىزىغا چىقسا نامازگاھقا كېلىپ نامازنى ئادا قىلغانغا قەدەر تەكبىر ئېيتاتتى، نامازنى ئادا قىلغان چېغىدا تەكبىر ئېيتىشنى توختىتاتتى»[③].

نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئىككى ھېيتتا فەزل ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا، ئابباس، ئەلى، جەئفەر ھەسەن، ھۇسەين ئۇسامە ئىبنى زەيد، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئەيمەن

---

① تىرمىزى، سۇنەن، سالات 390 (542).

② ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەتۇسسالات 169 (1315).

③ ئەبۇ بەكىر ئىبنى ئەبى شەيبە، مۇسەننەف، سالاتۇل ئىيدەين 5 (5621).

(رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇم)لار بىـلەن بىـرلىكتە چىقـاتتى ۋە نامازگاھقـا كەلگەنــگە قەدەر يــۇقىرى ئــاۋاز بىــلەن تەھلىـــل ۋە تەكبىـــر ئېيتاتتى[1].

## 2) ھېيت نامىزى

### ① ھۆكمى

ئىككــى ھېيــت نــامىزىنى ئوقــۇش نامازگاھقــا ھــازىر بولالىغانلارغا پەرزدۇر، دەلىلى ئـاللاھ تائالانىـڭ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 185- ئايىتىـــدىكى ۋە ھەج سۈرىســـىنىڭ 37- ئايىتىـــدىكى «ئاللاھقا تەكبىر ئېيتقايسىلەر!» دېگەن مەنىـدىكى سۆزلىرىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ ئەمرنىـڭ بىرىنـى رامىـزان روزىسـى بىـلەن مۇناســۋەتلىك ھۆكــۈملەرنى، يەنە بىرىنــى قۇربــانلىق بىــلەن مۇناسـۋەتلىك ھۆكـۈملەرنى بايـان قىلغانـدىن كېـيىن بـارلىق مۇســۇلمانلارغا قارىتىــپ چۈشــۈرىدۇ. دېمەككــى، ئــاللاھ تائــالا مۇسـۇلمانلارنى رامـزان روزىسـى تۈتۈشـقا ۋە قۇربـانلىق قىلىشـقا ئەمر قىلىش بىلەن بىرگە تەكبىر ئېيتىشقىمۇ بۇيرۇغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېرى-ياش، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال پۈتكــۈل مۇســۇلمانلارنى ھەر ھېيــت نامىزىغــا ھــازىر بولۇشــقا چاقىرغانلىقى، ھەتتا ئادەت كۆرۈۋاتقان خانىم-قىزلارنىمۇ بـۇ نـاماز ئوقۇلغــان يەرگە ھــازىر بولــۇپ نامــازنى ئوقۇمــاي تەكبىــرگە قېتىلىشنى بۇيرۇشـى، شـۇنداقلا ھېيـت نامـازلىرىنى بـۇ شـەكىلدە

① بەيھەقى، ئەسسۇنەنۇلكۇبرا، سالاتۇل ئىيـدەين 2 (6130)؛ بـۇ ھەدىـس بەيھەقىنىـڭ ئەسسۇنەنۇسسـۇغرا، شـۇئەبۇلئىمان ۋە فەزائىلـۇل ئەۋقـات نـاملىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆتىدۇ.

ئوقۇشى ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بولماي پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ئىجتىھات قىلىپ ئوقۇغان ناماز بولسا ئىدى، بۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلمىگەن ۋە ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولاتتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ھەر بىرىدە نامازغا كېتىۋېتىپ يولدا بىرقانچە يەردە تەكبىر ئېيتىشى ۋە باشقىلارنى بۇنىڭغا بۇيرۇشى، ھەر ھېيت نامىزىنى باشقا نامازدىن پەرقلىق ھالدا، نامازنىڭ ئىچىدە بىرقانچە قېتىم تەكبىر كەلتۈرۈپ ئوقۇشى، نامازدىن قايتىشتا يەنە يولدا بىر قانچە يەردە تەكبىر ئوقۇشى ۋە باشقىلارنى بۇنىڭغا بۇيرۇشى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ﴿تەكبىر ئېيتقايسىلەر!﴾ دېگەن ئىلاھىي بۇيرۇقنى ئەنە شۇنداق رەۋىشتە ئىجرا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداقتىمۇ ھېيت نامازلىرى جۈمە نامىزىغا ئوخشاش جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان ناماز بولغاچقا، زۆرۈرىيەتتىن ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان يەرگە ھازىر بولالمىغانلار، ئۆزلىرى يالغۇز ھېيت نامىزى ئوقۇمايدۇ ۋە قازاسىنىمۇ قىلمايدۇ، شۇنداقلا گۇناھكارمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش، ياكى تىجارەت ۋە ياكى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان يەرگە ھازىر بولالماسلىقنى چاغلىغانلارنىڭ ئوقۇش يېرىنى ياكى تىجارەت ۋە خىزمەت قىلىش ئورنىنى تەرك ئېتىپ، ھېيت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ئاتايىن باشقا شەھەرگە بېرىشىغا ھاجەت يوقتۇر.

## ② ئوقۇش ئۇسۇلى

1. ھېيت نامىزى ئىككى رەكئەتتۇر ۋە ئالدى-كەينىدە سۈننەت (نەپلە) ناماز ئوقۇلمايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ھېيت كۈنى چىقىپ ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزى ئوقۇدى. بۇ ئىككى رەكئەت نامازدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى»[①].

2. ھېيت نامازلىرىنىڭ ئىچىدە تەكبىرلەر ئوقۇلىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىدا بىرىنچى رەكئەتتە يەتتە تەكبىر، ئىككىنچى رەكئەتتە بەش تەكبىر ئېيتاتتى. بۇ تەكبىرلەرنىڭ ئىچىدە رۇكۇنىڭ ئىككى تەكبىرى يوق ئىدى»[②].

① بۇخارى، سەھىھ، ئىيدەيىن 8، 16، 18، 26، 32، ئەزان 161، زاكات 21، 33، تەپسىر مۇمتەھىنە 1، نىكاھ 124، لىباس 56، 57، 59، ئىئتىسام 16؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىيدەيىن 13 (884)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 256 (1159)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 387 (537)؛ نەسەئى، سۈنەن، ئىيدەيىن 29، (193/3).

② ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 252 (1149، 1150). بۇ تەكبىرلەرنىڭ سانى توغرىسىدا فىقھ ئالىملىرىنىڭ ئارىسىدا بەزى چۈشەنچە پەرقى بار. ئىمام نەۋەۋىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ پەرق مۇنداق: 1- ئىمام شافىئىينىڭ كۆزقارىشىچە بىرىنچى رەكئەتتە ئىفتىتاھ تەكبىرىدىن باشقا يەتتە تەكبىر بار. ئىككىنچى رەكئەتتە قىيام تەكبىرىدىن باشقا بەش تەكبىر بار. 2- مالىك ئىبنى ئەنەس، ئەھمەد ۋە ئەبۇ سەۋرلەرنىڭ كۆزقارىشىچە سان ئوخشاشتۇر، لېكىن بىرىنچى رەكئەتتىكى يەتتە تەكبىرنىڭ بىرى ئىفتىتاھ تەكبىرىدۇر. 3- ئەبۇ ھەنىفە ۋە سەۋرىنىڭ كۆزقارىشىچە بىرىنچى رەكئەتتە بەش، ئىككىنچى رەكئەتتە تۆت تەكبىر بار. ئىفتىتاھ ۋە قىيام تەكبىرلىرى بۇ تەكبىرلەرنىڭ ئىچىدىدۇر. مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ بۇ تەكبىرلەرنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى پەرقلىق چۈشەنچىلىرى كېيىنكى ئىزاھلاردا زىكىر قىلىنىدۇ.

كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن، دادىسى چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى[1]، «رەسۇلۇللاھ ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە قىرائەتتىن ئىلگىرى يەتتە تەكبىر، ئىككىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن ئىلگىرى بەش تەكبىر ئېيتاتتى»[2].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېيت نامىزى تەكبىرلىرى توغرىسىدا سوئال سورىغان بىر كىشىگە: «ئالدى بىلەن تۆت تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن قىرائەت

---

① كەسىرنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ، ئابدۇللانىڭ دادىسى ئەمر ئىبنى ئەۋفتۇر. كەسىرنىڭ چوڭ دادىسى ئەمر ئىبنى ئەۋف ئەلمۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

② تىرمىزى، سۇنەن، سالات 386 (536). تىرمىزى بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: بۇ بابتا ئائىشە، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرلەردىنمۇ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنىدۇ. كەسىرنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ھەدىسى ھەسەن ھەدىس بولۇپ بۇ بابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئەڭ ياخشى ھەدىستۇر. كەسىرنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئەمر ئىبنى ئەۋف ئەلمۇزەنىيدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان ۋە ئۇلاردىن بولمىغان ئەھلى ئىلىملەرنىڭ كۆزقارىشىدا ھېيت نامازلىرىنىڭ تەكبىرلىرىنى مۇشۇ ھەدىستىكى بويىچە ئېيتىش كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەدىنىدە ئىماملىق قىلغان زامانلاردا ھېيت نامازلىرىنى مۇشۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن شەكىلدە ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا مەدىنە ئەھلىنىڭ كۆزقارىشىدۇر. مالىك، شافىئىي، ئەھمەد ۋە ئىسھاقلار مۇشۇ بويىچە ھۆكۈم قىلغان. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىرىنچى رەكئەتتە توققۇز تەكبىر بار. بۇلارنىڭ بەشى قىرائەتتىن ئىلگىرىدۇر. ئىككىنچى رەكئەتتە ئالدى بىلەن قىرائەت قىلىنىدۇ. ئاندىن رۇكۇنىڭ تەكبىرى بىلەن قوشۇپ تۆت تەكبىر ئېيتىلىدۇ». بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىرقانچە ساھابىسىدىنمۇ نەقىل قىلىنىدۇ. بۇ كۇفە ئەھلىنىڭ كۆزقارىشىدۇر. سۇفيان سەۋرى مۇشۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ.

قىلىدۇ، ئاندىن تەكبىر كەلتۈرۈپ رۇكۇغا بارىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ قىرائەت قىلىدۇ، ئاندىن قىرائەتتىن كېيىن تۆت تەكبىر ئېيتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنى يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئېيتىشقا بولىدۇ[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۆۋەندە ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنى بىرىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن ئىلگىرى،

---

[1] ئابدۇررازىزاق ئەسسەنئانى، مۇسەننەف سالاتۇلئىيدەيىن 5687.

[2] فىقھە ئالىملىرىنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئىچىدىكى تەكبىرلەر توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك كۆزقارىشى بار: 1- بىرىنچى رەكئەتتە تەكبىر تەھرىمىدىن كېيىن ئۈچ تەكبىر ئېيتىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن كېيىن رۇكۇدىن ئىلگىرى ئۈچ تەكبىر ئېيتىدۇ. بۇ ھەنەفىيلەرنىڭ كۆزقارىشىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىلى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتتۇر. (ئىبنى ئابىدىننىڭ ھاشىيىسى 2- جىلد، 172). 2- بىرىنچى رەكئەتتە تەكبىر تەھرىمە بىلەن قوشۇپ يەتتە تەكبىر ئېيتىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن ئىلگىرى قىيام تەكبىرى بىلەن قوشۇپ ئالتە تەكبىر ئېيتىدۇ. بۇ مالىكي ۋە ھەنبەلىيلەرنىڭ  كۆزقارىشىدۇر. بۇ ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى قەييىم جەۋزىلەرنىڭمۇ كۆزقارىشىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىلى ئائىشە ۋە ئەمر ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردۇر. (ئەلمۇدەۋۋەنە 169/1؛ ئەلكافى 264/1؛ ئەلمۇغنى 271/3؛ مەجمۇئۇلفەتاۋا 365/20؛ زادۇلمەئاد 444/1). 3- بىرىنچى رەكئەتتە ئىفتىتاھ تەكبىرىدىن كېيىن يەتتە تەكبىر ئېيتىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە قىيام تەكبىرىدىن كېيىن بەش تەكبىر ئېيتىدۇ. بۇ شافىئىيلارنىڭ كۆزقارىشىدۇر. بۇلارنىڭ دەلىلى شۇدۇر: ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما)غا ئىقتىدا قىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇدى. ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ ھېيت نامىزىدا بىرىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن ئىلگىرى يەتتە تەكبىر، ئاخىرقى رەكئەتتە قىرائەتتىن ئىلگىرى ئالتە تەكبىر ئېيتتى. (ئەلئۇم 395/1). بۇ كۆزقاراشلارنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر. قايسىنى قىلسا جايىزدۇر، يەنى ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنى قايسى مەزھەپتىكى بويىچە قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ھەممىسىنىڭ ھەدىستىن دەلىلى بار.

ئىككىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن كېيىن دەپ زىكىر قىلىمىز. چۈنكى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك، ھېيت نامازلىرىنىڭ تەكبىرلىرىنى بۇ شەكىلدە ئوقۇشنىڭمۇ ھەدىستىن دەلىلى بار. دۇنيانىڭ نۇرغۇنلىغان جايلىرىدا ۋە بىزنىڭ دىيارىمىزدا ھېيت نامازلىرىنىڭ تەكبىرلىرى بۇ شەكىلدە ئېيتىلىدۇ. پەرقلىق رىۋايەتلەردىكى تەكبىر شەكىللىرىنى «تەبلىغ» قىلىپ «كونا مەھەللىگە يېڭى ئادەت» كەلتۈرۈشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق.

3. ھېيت نامازلىرىغا ئەزان-تەكبىر ئوقۇلمايدۇ. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئىككى ھېيت نامىزىنى بىرقانچە قېتىم، ئەزانسىز ۋە تەكبىرسىز ئوقۇدۇم»[①].

4. ھېيت نامازلىرى خۇتبىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدۇ. نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئىككى ھېيت نامىزىنى خۇتبىدىن ئىلگىرى ئوقۇيتتى»[②].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، ئىيدەين 7 (887)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 250 (1148)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 384 (532). ھېيت نامىزىغا جامائەت نامازگاھقا ئۆزلۈكىدىن يىغىلىدۇ. ئاندىن ئىمامنىڭ ياكى مەزىن (مۇئەززىن) نىڭ ۋە ياكى بىر مەسئۇل كىشىنىڭ: «ھازىر ناماز باشلىنىدۇ دېگەندەك» ئېلان قىلىشى بىلەن جامائەت ئورنىدىن تۇرۇپ سەپ بولىدۇ، شۇنداقلا ناماز ئوقۇلىدۇ.

② بۇخارى، سەھىھ، ئىيدەين 7، 8؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىيدەين 8 (888)؛ تىرمىزى، سۇنەن، سالات 383 (531)؛ نەسەئى، سۇنەن، ئىيدەين 9 (183/3).

### 3) ھېيت نامىزىنىڭ باشقا يەرلىرىنىڭ شەكلى

ھېيت نامىزىنىڭ قالغان يەرلىرى ئادەتتىكى نامازدىكىگە ئوخشاشتۇر. مەسىلەن:

1. ئىمام ۋە جامائەت ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ھېيت نامىزى ئوقۇش نىيىتى بولىدۇ. نىيەتنى ئاغزىدا سۆزلەش ياخشى ئەمەس، چۈنكى نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر.

2. ئالدى بىلەن ئىمام «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا شۇرۇئ قىلىدۇ (نامازغا باشلايدۇ)، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ، ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا شۇرۇئ قىلىدۇ.

3. ئىمام ۋە جامائەت ئىچىدە سانا ﴿**سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالَى جَدُّكَ وَلاَ إِلَهَ غَيْرُكَ**﴾نى ئوقۇيدۇ.

4. سانادىن كېيىن ئىمام ئۈچ قېتىم ئۇلىنىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. ئىمامنىڭ ھەر تەكبىر ئېيتىشىدا جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ.

5. ئاندىن ئىمام ئىچىدە «ئەئۇزۇ، بىسمىللا» ﴿**أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ. بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ**﴾نى ئوقۇغاندىن كېيىن، فاتىھە سۈرىسىنى ۋە باشقا بىر سۈرىنى (بۇ سۈرىنىڭ

ئەئلا سۈرىسى بولۇشى ياخشىدۇر[1]) ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. جامائەت جىم تۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

6. ئاندىن ئىمام «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا باردۇ، جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا باردۇ. ئاندىن ئىمام «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە باردۇ، جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە باردۇ. ھېيت نامازلىرىنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىدە ئوقۇلىدىغان زىكىر-تەسبىھلەر باشقا نامازلاردىكىگە ئوخشاشتۇر.

7. ئاندىن ئىمام «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككى سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ ئىككىنچى رەكئەتنى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدۇ، جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئورنىدىن تۇرۇشىدۇ.

8. ئىمام ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچىدە «بىسمىللاھ...»نى ئوقۇغاندىن كېيىن فاتىھە ۋە بىر سۈرىنى (بۇ سۈرىنىڭ غاشىيە سۈرىسى بولۇشى ياخشىدۇر) ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ، جامائەت جىم تۇرۇپ ئاڭلايدۇ.

9. ئىمام قىرائەتتىن كېيىن يەنى فاتىھەنى ۋە بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئۈنلۈك «ئاللاھۇ ئەكبەر»

① چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھېيت نامازلىرىدا بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇغانلىقى ۋە سۈرە قاف بىلەن سۈرە قەمەرنىمۇ ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ كۆرسىتىدۇكى، ھېيت نامازلىرىدا بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇش ئەۋزەل، باشقا سۈرىلەرنى ئوقۇش جايىز. - مۇسلىم، سەھىھ، ئىيدەين 14(891)، جۇمۇئە 62 (878)؛ مۇۋەتتا، ئىيدەين 8/ (180/1)، جۇمۇئە 19 (111/1)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات، 242 (1122، 1123)، 252 (1154)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 385 (533، 534)؛ نەسەئى ، ئىيدەين 12 (183/3-184)، 13 (184/3).

دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ، جامائەتمۇ ھەر تەكبىردە ئىمامغا ئەگىشىپ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ.

10. ئاندىن ئىمام قايتا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تۆتىنچى تەكبىرنى ئېيتىپ رۇكۇغا بارىدۇ، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇغا بارىدۇ.

11. ھېيت نامىزىنىڭ قالغان قىسمى ئادەتتىكى نامازغا ئوخشايدۇ، يەنى ئولتۇرۇش، ئەتتەھىيياتۇ... دۇرۇت ۋە دۇئالار باشقا نامازلاردا قانداق ئوقۇلسا، ھېيت نامىزىدىمۇ شۇنداق ئوقۇلۇپ، ناماز ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.

12. ئىمام نامازدىن سالام بەرگەندىن كېيىن جۈمە خۇتبىسىگە ئوخشاش ئىككى خۇتبە ئوقۇيدۇ، جامائەت جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلايدۇ. ئىككىنچى خۇتبىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ھېيت نامىزى ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا ھېيت نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى نامازغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامنىڭ بەرگەن تەلىمىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشىمىز ۋە دىققەت بىلەن ئوقۇشىمىز كېرەك.

## 4) ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىنىدىغان ئىشلار

1. ھېيت نامىزىدىن كېيىن بىر-بىرىمىزنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلەش ياخشىدۇر. مەسىلەن: جامەدىن چىقىپ ياكى نامازگاھتىن ئايرىلىپ، قېرىنداشلىرىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ «ئاللاھ قوبۇل قىلسۇن، ھېيتلىرىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن»

دېيىشىشىمىز ياخشى ئىشتۇر. چۈنكى ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ھېيت كۈنى بىرى-بىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىدا ئۆزئارا «ئاللاھ قوبۇل قىلسۇن» دېيىشىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ①.

2. ھېيت نامىزىدىن قايتىشتا، مۇمكىن بولسا ھېيت نامىزىغا بارغان يولىمىزدىن باشقا بىر يول بىلەن قايتىشىمىز ياخشىدۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «رەسۇلۇللاھ ھېيت نامىزىغا بېرىشتا بىر يولدىن باراتتى، قايتىشتا باشقا يولدىن قايتاتتى»②.

## 3ـ تەھەججۇد نامىزى

دىنىمىزدا تەھەججۇد نامىزى دەپ بىر ناماز بار. بۇ ناماز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەرز، ئۈممەتكە سۈننەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَكَ عَسَى أَنْ يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَحْمُودًا﴾**

﴿كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئويغىنىپ قۇرئان بىلەن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن، بۇ ناماز ساڭا ئارتۇقچە بىر ۋەزىپىدۇر. شۇنداق قىلساڭ رەببىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ماقامغا ئېرىشتۈرىشى مۇمكىن﴾③.

---

① ئىبنى ھەجەر، فەتھۇلبارى 2/446؛ ئىبنى قۇدامە، ئەلمۇغنى 2/256؛ ئىبنى تەيمىييە، فەتاۋا 24/253.

② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 254 (1156).

③ 17ـ سۈرە ئىسرا، 79ـ ئايەت.

بۇ ئايەت تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە پەرز ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا تەھەججۇدنى ئۈممەتكە پەرز قىلماستىن ئۈممەتنى تەھەججۇدقا تەشۋىق قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق:

﴿وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا﴾

﴿ئۇلار كېچىلىرىنى رەببىگە سەجدە قىلىپ ۋە قىيامدا تۇرۇپ ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەردۇر﴾[1].

﴿إِنَّمَا يُؤْمِنُ بِآيَاتِنَا الَّذِينَ إِذَا ذُكِّرُوا بِهَا خَرُّوا سُجَّدًا وَسَبَّحُوا بِحَمْدِ رَبِّهِمْ وَهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ ۞ تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ﴾

﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە شۇنداق كىشىلەر ئىمان ئېيتىدۇكى، ئۇلارغا ئۇ ئايەتلەر ئەسلىتىلسە دەرھال سەجدە قىلىدۇ، رەببىگە ھەمدە بىلەن تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە چوڭچىلىق قىلمايدۇ. ئۇلار تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كېچىدە ياتاقلىرىدىن تۇرىدۇ،...﴾[2].

﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ ۞ آخِذِينَ مَا آتَاهُمْ رَبُّهُمْ إِنَّهُمْ كَانُوا قَبْلَ ذَٰلِكَ مُحْسِنِينَ ۞ كَانُوا قَلِيلًا مِّنَ اللَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ ۞ وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ۞﴾

---

① 25ـ سۈرە فۇرقان، 64ـ ئايەت.

② 32ـ سۈرە سەجدە، 15~16ـ ئايەت.

﴿شۇبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە بۇلاقلارنىڭ باشلىرىدا بولىدۇ، رەببى بەرگەن مۇكاپاتلارنى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ياخشى كىشىلەر ئىدى، كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى، سەھەرلەردە مەغپىرەت تىلەيتتى﴾[1].

مانا بۇ ئايەتلەردە ئۇممەت تەھەججۇدقا تەشۋىق قىلىنغان، ئەمر قىلىنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇممەت تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئوقۇمىسا ساۋابتىن مەھرۇم قالىدۇ، لېكىن گۇناھكار بولمايدۇ.

**1) ھۆكمى**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿أَقِمِ الصَّلَاةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ وَقُرْآنَ الْفَجْرِ إِنَّ قُرْآنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُودًا ۞ وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَكَ عَسَى أَنْ يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَحْمُودًا﴾**

﴿ئى مۇھەممەد! نامازنى كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقانغا قەدەر ئوقۇغىن. بامداتنىڭ قۇرئانىنىمۇ[2] ئوقۇغىن، چۈنكى بامداتنىڭ قۇرئانى كۆرۈلگۈچىدۇر﴾[3].

ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى ئايەتنىڭ بىرىنچىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇپ، ئىككىنچى ئايەتتە ئۇنى كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا

① 51- سۈرە زارىيات، 15~18- ئايەت.
② بامدات نامىزىنى.
③ 17- سۈرە ئىسرا، 78~79- ئايەت.

بۇيرۇيــدۇ ۋە «نــافىلەتەن لەكە (ســاڭا ئــارتۇقچە بىــر ۋەزىـــپە بولغان)» دېگەن سۆزى بىلەن بىرىنچى ئـايەتتە بۇيرۇلغـان بەش ۋاقىـت نامازنىـڭ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگىمۇ پەرز ئىكەنلىكىنى، كېچە نـامىزى (تەھەججۇد)نىـڭ بولسـا، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامغىلا پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئەھـــۋال مۇشـــۇنداق بولغـــانلىقى ئۈچـــۈن پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام بـۇ نامازغـا تەرغىـب قىلىـش بىـلەن كۇپـايىلەنگەن. مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ھەدىسلەر مۇنداق:

1- سالىم ئىبنى ئابـدۇللاھ رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالام: «ئابــدۇللاھ كېچىســى تەھەججـۇد نـامىزى ئوقۇغـان بولسـا، نېمـدېگەن ياخشـى ئـادەم بولغان بولاتتى ـ ھە» دېدى.

سـالىم مۇنـداق دېـگەن: «ئابـدۇللاھ شـۇ سـۆزدىن كېـيىن كېچىسى ناھايىتى ئاز ئۇخلايدىغان بولغان»[1].

2- ئەبـــۇ ھـــۇرەيرە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېـگەن: «كىشـى ئۇخلىغـان چېغىـدا، شـەيتان ئۇنىـڭ گەجگىسـىگە ئـۈچ تۈگـۈن چىگىـــدۇ. ھەر تۈگـــۈننى چەگكەنـــدە: ‹ئـــۇخلاۋەرگىن، كـــېچە ئۇزۇن › دەيدۇ. كىشى ئويغىنىپ ئـاللاھ تائالاغـا زىكىـر ئېيتسا بىـر تۈگۈن يېشىلىدۇ. تاھارەت ئالسا يەنە بىر تۈگـۈن يېشـىلىدۇ. نامـاز ئوقۇسـا يەنە بىـر تۈگـۈن يېشـىلىدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن ئـۇ تېتىـك،

---

① بۇخـارى، سـەھىھ، جۇمـۇئە 1122، مەناقىـب 3739؛ مۇسـلىم، سـەھىھ، فەدائىلۇسساھابە 140 ـ (2479).

روھلۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، ئىپىزلەڭگۈ، ھۇرۇن بولۇپ قالىدۇ»[1].

3ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«ئى ئىنسانلار! سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، كىشىلەرگە تائام بېرىڭلار، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار جەننەتكە سالامەت كىرەلەيسىلەر»[2].

## 2) ۋاقتى

تەھەججۇد نامىزىنىڭ ۋاقتى خۇپتەندىن كېيىن باشلىنىپ تاكى تاڭ ئاقارغۇچە داۋاملىشىدۇ. لېكىن ئوقۇلغان نامازنىڭ ئادەتتىكى نەپلە ناماز بولماي تەھەججۇد نامىزى بولۇشى ئۈچۈن خۇپتەندىن كېيىن بىر مۇددەت ئۇخلاپ ئاندىن ئورنىدىن قايتا تۇرۇپ ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. تەھەججۇد كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرمۇ بۇنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە تۆۋەندە توختىلىمىز.

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1142، بەدئۇلخەلق 3269؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 207 ـ (776)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1306؛ نەسەئى، سۇنەن، قىيامۇل لەيل ۋە تەتەۋۋۇئۇننەھارى 1607.

② تىرمىزى، سۇنەن، بابۇ سىفەتىل قىيامە 2485؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، ئىقامەتۇسسالات 174، 1334.

تەھەججۇد نامىزىنىڭ ۋاقتىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن بىر كېچە-كۈندۈزنىڭ پۈتۈن ۋاقىتلىرىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ ۋاقىتلار مەڭگۈلۈك تەبىئىي سائەت بولغان قۇياش بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ الشَّمْسَ ضِيَاءً وَالْقَمَرَ نُورًا وَقَدَّرَهُ مَنَازِلَ لِتَعْلَمُوا عَدَدَ السِّنِينَ وَالْحِسَابَ مَا خَلَقَ اللَّهُ ذَلِكَ إِلَّا بِالْحَقِّ يُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾

﴿ئاللاھ شۇنداق زاتكى، كۈننى نۇر مەنبەسى، ئاينى نۇر ئەكس ئەتتۈرگۈچى قىلدى ۋە ئايغا مەنزىللەر بەلگىلىدى. ئاللاھ بۇنى يىللارنىڭ سانىنى ۋە ۋاقىتلارنىڭ ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن قىلدى. ئاللاھ بۇلارنى پەقەت ھەق بىلەنلا ياراتتى. ئاللاھ ئايەتلىرىنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ﴾[1].

ماۋزۇ تەھەججۇد نامىزىنىڭ ۋاقتى بولغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەندە كېچىنىڭ ۋاقىتلىرى زىكىر قىلىنىدىغان ئايەتلەر ئۈستىدىلا توختىلىمىز. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق:

﴿فَسُبْحَانَ اللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ﴾

﴿ئاخشامغا ئۇلاشقان ۋە ئاخشامدا بولغان، ئەتىگەنگە ئۇلاشقان ۋە ئەتىگەندە بولغان چاغلىرىڭلاردا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار﴾[2].

---

① 10- سۈرە يۇنۇس، 5- ئايەت.

② 30- سۈرە رۇم، 17- ئايەت.

﴿أَقِمِ الصَّلَاةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ ...﴾

﴿نامازنى كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقۇچىلىق بولغان ئارىلىقتا ئوقۇغىن...﴾[1].

بۇ ئايەتلەردە كېچە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: 1- «ئاخشام (مەسائ)»، 2-«قاراڭغۇلۇق (غەسەق)»، 3- «ئەتىگەن (ساباھ)». بىز بۇ ئۈچ ۋاقىتنى يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ (يۇنۇس سۈرىسىنىڭ 5- ئايىتىنىڭ) مەزمۇنى بويىچە قۇياشنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بەلگىلەشكە تىرىشىمىز:

كېچىنىڭ بىرىنچى ۋاقتى ئاخشام ۋاقتىدۇر، بۇ ۋاقىت قۇياش پاتقاندىن باشلاپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى باسقۇچىلىق ئارىلىقتا بولغان ۋاقىتتۇر. بۇ ۋاقىت پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا «ئاخشام» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا نامازشام بىلەن خۇپتەن نامىزى ئوقۇلىدۇ. دىققەت قىلىدىغان بولساق بۇ ئاخشام ۋاقتى كۈننىڭ ئالامىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە كۈننىڭ ئالامىتى بىلەن ئىككىگە ئايرىلىدۇ: بىرى كۈن پاتقاندىن كېيىن كۈن پېتىش تەرەپتىكى قىزىللىق يوق بولغۇچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ نامازشامنىڭ ۋاقتىدۇر. يەنە بىرى قىزىللىق يوق بولۇشى بىلەن باشلىنىدىغان ئاقلىق يوق بولغۇچىلىك بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىدۇر. بۇ ئىككى ۋاقىت رۇم سۈرىسىنىڭ 17- ئايىتىدە «ئاخشام (مەسائ)» دەپ ئاتىلىدۇ.

كېچىنىڭ «ئاخشام (مەسائ)» ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنى كۈن پېتىشتا كۈننىڭ ھېچبىر ئالامىتى قالمىغاندىن

---

[1] 17- سۈرە ئىسرا، 79- ئايەت.

كېيىن «كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى (غەسەقۇل لەيل)» باشلىنىدۇ. مانا بۇ ۋاقىت تاڭ ئاقارغۇچە داۋاملىشىدىغان ئۇزۇن بىر ۋاقىت بولۇپ تەھەججۇد ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ.

«كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى (غەسەقۇل لەيل)»دىن كېيىن تاڭ ئاقىرىدۇ. تاڭنىڭ ئاقىرىشى بىلەن روزا تۇتقۇچىنىڭ يېمەك-ئىچمەكتىن توختىشى لازىم بولىدۇ. بامدات نامازىنىڭ ۋاقتى مانا مۇشۇ تاڭ ئاقارغاندىن تارتىپ كۈن چىققۇچىلىك داۋاملىشىدۇ. مانا بۇ ۋاقىت رۇم سۈرىسىنىڭ 17- ئايىتىدە «ئەتىگەن (ساباھ)» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە» ئىككى ۋاقىت، «ئاخشام (مەسائ)» ۋاقتىدا ئىككى ۋاقىت ناماز ئوقۇشنىڭ، «ئەتىگەن (ساباھ)» ۋاقتىدا بىر ۋاقىت ناماز ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِنَ اللَّيْلِ ...﴾

﴿نامازنى كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن...﴾.[1]

ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايەتنىڭ ﴿زُلَفاً مِّنَ اللَّيْلِ (كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا)» دېگەن قىسمى ئۈستىدە توختىلىمىز:

ئايەتتە ئۆتكەن ﴿زُلَفاً مِّنَ اللَّيْلِ﴾ دىكى زۇلەف ﴿زُلَف﴾، زۇلفە «زُلْفَة»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. كۆپلۈك شەكىل (جەمئ)

[1] 11- سۈرە ھۇد، 114- ئايەت.

ئەرەبچىدە ئەڭ ئاز ئۈچنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ كەلىمە يېقىنلىق دېگەن مەنانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇڭا (زۇلەفەن مىنەللەيل) ﴿**زُلَفاً مِّنَ اللَّيْلِ**﴾نىڭ مەنىسى «كېچىدىن بولۇپ كۈندۈزگە يېقىن بولغان ئۈچ ۋاقىت» دېگەن بولىدۇ. كېچە- كۈن پاتقاندىن باشلاپ كۈن چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتتۇر. كېچىنىڭ بۇ ئۈچ ۋاقتى كۈننىڭ ئالامەتلىرى بىلەن بەلگىلىنىشى لازىم. بۇ مۇنداق بولىدۇ: كۈن پېتىپ، ئۇپۇقتىن تېخى ئارتۇق يىراقلاشمىغان ۋاقىت ئىچىدە كۈن پېتىش ئۇپۇقىدا بىر قىزىللىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ قىزىللىق ئەرەبچىدە «شەفەقى ئەھمەر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ئۈچ ۋاقتى»نىڭ بىرىنچىسىدۇر، شۇنداقلا نامازشامنىڭ ۋاقتىدۇر. كۈن پېتىپ ئۇپۇقتىن خېلى يىراقلاشقاندا، كۈن پېتىش ئۇپۇقىدىكى قىزىللىق يوق بولۇپ، ئورنىنى ئاقلىق ئالىدۇ. بۇ ئاقلىق ئەرەبچىدە «شەفەقى ئەبيەز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاقلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇددەت «كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ئۈچ ۋاقتى»نىڭ ئىككىنچىسىدۇر، شۇنداقلا خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىدۇر.

كۈن پېتىپ، ئۇپۇقتا ھېچبىر ئالامەتى قالمىغاندا «كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ﴿**غَسَقِ اللَّيْلِ**﴾» باشلىنىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىپ تەھەججۇد نامىزىنىڭ ۋاقتى باشلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە بىر كېچە-كۈندۈزنىڭ ۋاقىتلىرى كۈن بىلەن بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى كۈن بىلەن بەلگىلىگەن.

ھەدىسلەردىكى «ھەر نەرسىنىڭ سايىسى مۇنچىلىك بولغاندا پالانى نامازنىڭ ۋاقتى كىردۇ» دېگەندەك ئىپادىلەر بۇنى كۆرسىتىدۇ.

كېچە يۇقىرىدىكى شەكىلدە ئۈچكە بۆلۈنسە، بەزىلەر: بۇ ئوخشاش بولمىدى، ئۇنداق بەلگىلىگەندە كېچىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى ئۇزۇنراق بولۇپ قالمامدۇ؟ بىر نەرسىنى ئۈچكە بۆلۈش ئوخشاشتىن تەڭ ئۈچكە ئايرىش دېگەن بولمامدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇنىڭ جاۋابىنىمۇ بەرگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسان سۈرىسىنىڭ 26-ئايىتىدىكى:

﴿وَمِنَ اللَّيْلِ فَاسْجُدْ لَهُ وَسَبِّحْهُ لَيْلًا طَوِيلًا﴾

﴿كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كېچىنىڭ ئۇزۇن بىر قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت﴾ دېگەن سۆزى كېچىنىڭ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇلىدىغان قىسمىنىڭ پەرز ناماز ئوقۇلىدىغان قىسمىدىن ئۇزۇنراق بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

## 3) رەكئەت سانى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نامازنى، رامىزان كېچىلىرىدە بولسۇن، باشقا ئاينىڭ كېچىلىرىدە

بولسۇن 11 رەكئەتتىن ئارتۇق ئوقۇمىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نامازنى 7 رەكئەت، 9 رەكئەت، 11 رەكئەت ۋە 13 رەكئەت ئوقۇيدىغانلىقىنىمۇ رىۋايەت قىلىدۇ. لېكىن 13 رەكئەت ئوقۇغان چېغىدا بۇنىڭ ئىچىدە ۋىتىر ۋە بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنىڭمۇ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[2].

## 4) ئوقۇش ئۇسۇلى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېچىنىڭ نامىزى (يەنى تەھەججۇد نامىزى) ئىككى رەكئەتتىن، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇلىدۇ. تاڭ سۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلساڭ، بىر رەكئەت ئوقۇپ ئوقۇغان نامىزىڭنى تاق قىلىۋالغىن»[3].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ئون بىر رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا شۇنداق ئۇزۇن

---

① بۇخارى، سەھىھ، تەراۋىھ 1، تەھەججۇد 3؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىن 125؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 208؛ نەسەئى، سۈنەن، قىيامۇل لەيل 36؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، سالاتۇل لەيل 3؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 36/6، 73، 104.

② بۇخارى، سەھىھ، تەھەججۇد 10.

③ بۇخارى، سەھىھ، ۋىتىر 990؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىنە ۋە قەسرىھا 20، 145 (749).

سەجدە قىلاتتىكى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگۈچە بىرىڭلار قۇرئاندىن 50 ئايەت ئوقۇپ بولغۇدەك ۋاقىت ئۆتەتتى...[1].

ئەبۇ ئابدۇللاھ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كېچىسى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە بەقەرەنى باشلىدى. مەن يۈزىنچى ئايەتتە رۇكۇ قىلامدىكىن، دېسەم، توختىماي ئوقۇۋەردى. مەن بەقەرە سۈرىسىنىڭ ھەممىسىنى بىر رەكئەتتىلا ئوقۇيدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. قىرائىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ سۈرە نىسانى باشلىدى. ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سۈرە ئال ئىمراننى باشلىدى. بۇ ئايەتلەرنى ئاستا-ئاستا ئوقۇيتتى. تەسبىھ ئايەتلىرى ئۆتسە تەسبىھ ئوقۇيتتى. دۇئا ئايەتلىرى ئۆتسە دۇئا قىلاتتى ۋە پاناھ تىلەشكە ئائىت ئايەتلەر ئۆتسە پاناھ تىلەيتتى. ئاندىن رۇكۇ قىلىپ: «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىيم» دېدى. ئاندىن سەجدە قىلىپ: «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېدى. سەجدىدىمۇ قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش ئۇزۇن تۇردى[2].

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 994، 1123؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 121 (736)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1335، 1336؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 440؛ نەسەئى، سۈنەن، ئەزان 685، ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات 1358.

② مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 203 ـ (772)؛ نەسەئى، سۈنەن، قىيامۇل لەيل 1664.

ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــادىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام كېچىســى تەھەججــۇد نــامىزى ئۈچــۈن تۇرسا، ئالدى بىلەن يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاتتى[1].

## خۇلاسە

1- تەھەججــۇد نــامىزى پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالامغا پەرز، ئۈممىتىگە سۈننەتتۇر. رەكــئەت سانى ۋىتىــر بىــلەن بىــرلىكتە ئەڭ ئارتۇق بولغاندا 11 رەكئەتتۇر.

2- تەھەججۇدنىــــڭ ۋاقتــــى خۇپتەنــــدىن كېــيىن تــــاڭ سۈزۈلگۈچىلىك بولغــان ئــارىلىقتۇر. لــېكىن ئوقۇلغــان نامازنىــڭ «تەھەججۇد نــامىزى» بولۇشــى ئۈچــۈن ناماز خۇپتەنــدىن كېــيىن بىر مۇددەت ئۇخلاپ ئويغىنىپ ، ئانــدىن ئوقــۇش لازىــم. چــۈنكى بــۇ نامازنىــڭ «تەھەججــۇد» دېــگەن ئىســمى كېچىســى ئۇيقــۇدىن ئويغىنىــپ ئوقۇلــدىغان نامــاز دېــگەن بولــدۇ. ئۇنىــڭ ئۈســــتىگە ئــــاللاھ تائالانىــــڭ تەقــــۋادارلارنى مەدھىــــيەلىگەن تۆۋەندىكى سۆزلىرىمۇ بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ:

﴿تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ﴾

﴿ئــۇلار تەھەججــۇد نــامىزى ئوقــۇش ئۈچــۈن كېچىــدە ياتاقلىرىــدىن تۇرىــدۇ، قورقــۇنچ ۋە ئۈمىــد ئىچىــدە رەببىگە دۇئــا

[1] مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 197 - (767)، 200 - (770).

قىلىدۇ ۋە بىز ئاتا قىلغان رىزىقتىن ياخشى يولدا چىقىم قىلىدۇ﴾[1].

﴿...وَالْمُسْتَغْفِرِينَ بِالْأَسْحَارِ﴾

﴿ئۇلار سەھەرلەردە مەغپىرەت تىلىگۈچىلەردۇر﴾[2].

﴿وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾

﴿ئۇلار سەھەرلەردە مەغپىرەت تىلەيتتى﴾[3].

«ياتاقتىن تۇرۇش» ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېتىش لازىم. «سەھەرلەردە مەغپىرەت تىلەش» دېگەن ئىپادە ۋىتىردا ئوقۇلىدىغان قۇنۇت دۇئاسىغا ئىشارەت قىلىدۇ. قۇنۇت دۇئاسىنىڭ سەھەرلەردە قىلىنىشى ۋە بۇ دۇئا ئوقۇلىدىغان ۋىتىر نامىزىنىڭ تەھەججۇد نامىزىنىڭ ئاخىرىدىكى تاق رەكئەت ئىكەنلىكى، تەھەججۇد نامىزىنىڭ، قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى تاق رەكئىتىنىڭ كېچىنىڭ تاڭ يورۇشتىن بۇرۇنقى «سەھەر» قىسمىغا توغرا كېلىدىغان بىر ۋاقىتتا ئوقۇلىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى ئەرەبچىدە تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندىكى ۋاقىت سەھەر دەپ ئاتىلىدۇ[4]. تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ بۇنى كۆرسىتىدۇ:

---

① 32- سۈرە سەجدە، 16- ئايەت.

② 3- سۈرە ئال ئىمران، 17- ئايەت.

③ 51- سۈرە زارىيات، 18- ئايەت.

④ لىسانۇل ئەرەب، سىھاھ، ئەلقامۇسۇل مۇھىت، مۇئجەمۇ مەقايىسىل لۇغە.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇخلايتتى، ئاخىرىدا ناماز ئوقۇيتتى[1].

3. ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ، رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرى بولسۇن، باشقا ئايلارنىڭ كېچىلىرى بولسۇن ھەر كېچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋىتىر بىلەن قوشۇپ 7 رەكئەت ، 9 رەكئەت ، ئارتۇق بولغاندا 11 رەكئەت تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشى ئىنتايىن ياخشى ئىشتۇر.

## 4. ئىستىسقا نامىزى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَهُوَ الَّذِي يُرْسِلُ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ حَتَّى إِذَا أَقَلَّتْ سَحَابًا ثِقَالًا سُقْنَاهُ لِبَلَدٍ مَيِّتٍ فَأَنْزَلْنَا بِهِ الْمَاءَ فَأَخْرَجْنَا بِهِ مِنْ كُلِّ الثَّمَرَاتِ كَذَلِكَ نُخْرِجُ الْمَوْتَى لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾

﴿ئاللاھ شۇنداق زاتكى، شاماللارنى رەھمىتىنىڭ ئالدىدا خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ، تاكى ئۇ شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، بىز ئۇنى ئۆلۈك بىر يەرگە ھەيدەيمىز، ئاندىن ئۇ ئارقىلىق سۇنى چۈشۈرىمىز، ئاندىن ئۇ سۇ بىلەن بارلىق مېۋىلەردىن چىقىرىمىز. بىز ئۆلۈكلەرنى ئەنە شۇنداق چىقىرىمىز. نەسىھەت ئالغايسىلەر!﴾[2].

---

① بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1146؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 129 - (739)؛ نەسەئى، سۇنەن، قىيامۇل لەيل 1640، 1680.

② 7- سۈرە ئەئراف، 57- ئايەت.

﴿وَهُوَ الَّذِي أَرْسَلَ الرِّيَاحَ بُشْرًا بَيْنَ يَدَيْ رَحْمَتِهِ وَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً طَهُورًا ۝ لِنُحْيِيَ بِهِ بَلْدَةً مَيْتًا وَنُسْقِيَهُ مِمَّا خَلَقْنَا أَنْعَامًا وَأَنَاسِيَّ كَثِيرًا﴾

﴿ئاللاھ شۇنداق زاتكى، شاماللارنى رەھمىتىنىڭ ئالدىدا خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى قىلىپ ئەۋەتتى. بىز ئاسماندىن پاك سۇ چۈشۈردۇق. بۇنى ئۇ سۇ بىلەن ئۆلۈك يەرنى تىرىلدۈرۈش، مەخلۇقاتىمىزدىن نۇرغۇن تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى، نۇرغۇن ئىنسانلارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن قىلدۇق﴾[1].

بۇ ئىككى ئايەتتە يامغۇرنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بۇ رەھمەتكە ئىستىغپار ئېيتىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ:

﴿وَيَا قَوْمِ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَى قُوَّتِكُمْ وَلَا تَتَوَلَّوْا مُجْرِمِينَ﴾

﴿ھۇد مۇنداق دېدى: «ئى قەۋمىم! رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇ سىلەرگە يامغۇرنى مول ياغدۇرۇپ بېرىدۇ ۋە قۇۋۋىتىڭلارغا قۇۋۋەت قېتىپ سىلەرنى كۆپەيتىدۇ. گۇناھكارلار ھالىتىدە يۈز ئۆرۈمەڭلار»﴾[2].

---

① 25- فۇرقان، 48~49- ئايەت.

② 11- سۈرە ھۇد، 52- ئايەت.

﴿فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا ۝ يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا﴾

﴿نۇھ ئېيتتى: ‹دېدىمكى: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، چۈنكى ئۇ كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. شۇنداق قىلساڭلار، ئۇ سىلەرگە يامغۇرنى مول ياغدۇرۇپ بېرىدۇ›﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەردىكى «ئىستىغپار ئېيتىش»نى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ۋە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ قىلمىشىنى مۇنۇ ئايەت تەكىتلەيدۇ:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾

﴿ئى مۇئمىنلار! سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوتەش ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. شۈبھىسىزكى ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[2].

دېمەككى، ئىستىسقا نامىزى ۋە ئىستىسقا دۇئاسى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ دالالەت قىلىشى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پېئىلى بىلەن يولغا قويۇلغان.

---

① 71- سۈرە نۇھ، 10~11- ئايەت.

② 2- سۈرە بەقەرە، 153- ئايەت.

### 1) «ئىستىسقا»نىڭ مەنىسى

«ئىستىسقا» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ئۇسسۇلۇق تەلەپ قىلماق، دېگەن بولىدۇ. شەرئى مەنىسى بولسا، قۇرغاقچىلىق بولغاندا مەخسۇس بىر شەكىلدە ئاللاھدىن يامغۇر تەلەپ قىلماق، دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، «ئىستىسقا دۇئاسى»نىڭ مەنىسى، ئاللاھدىن يامغۇر تىلەپ ئوقۇلىدىغان دۇئا، «ئىستىسقا نامىزى»نىڭ مەنىسى بولسا، ئاللاھدىن يامغۇر تىلەپ ئوقۇلىدىغان ناماز دېگەن بولىدۇ[1].

### 2) ئىستىسقا نامىزىنىڭ ۋاقتى

ئىستىسقا نامىزى ھېيت نامازلىرى ئوقۇلىدىغان ۋاقىتتا يەنى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن باشلاپ، كۈن چۈش بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئوقۇلىدۇ. بۇ ئەۋزەل ۋاقىتدۇر. ئىستىسقا نامىزىنى، ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولمىغان باشقا ۋاقىتلاردا ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نامازنى ئەۋزەل ۋاقىتدا ئوقۇغان، لېكىن باشقا ۋاقىتلاردا ئوقۇشتىن توسمىغان.

ئىمامنىڭ ئىستىسقا نامىزى ئوقۇشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى بۇ نامازنىڭ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشى، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانلارنى ئۇ ۋاقىتقىچە گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىش، زىممىلىرىدىكى «قۇل ھەقلىرى»نى ئادا قىلىش، پېقىر - مىسكىن...لەرگە سەدىقە قىلىش ۋە بىر -

---

[1] لىسانۇل ئەرەب، ئەلقامۇسۇلمۇھىت، س ق ي ماددىسى؛ ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت، ئىستىسقا كەلىمىسى.

بىرىگە بولغان ئاداۋەتلەرنى يۇيۇۋېتىش... قاتارلىقلارغا دەۋەت قىلىشى ياخشىدۇر.

### 3) ئىستىسقا نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى

ئىمام ۋە جامائەتلەر نامازگاھقا يىغىلغاندىن كېيىن ئىمام ئالدىغا ئۆتۈپ، يامغۇر تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ (كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ) «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا باشلايدۇ. ئاندىن جامائەتمۇ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ (ئەگىشىپ) بۇ نامازنى ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا باشلايدۇ.

ئىمام بىرىنچى رەكئەتتە فاتىھە ۋە ئەئلا سۈرىلىرىنى (87 - سۈرە)، ئىككىنچى رەكئەتتە فاتىھە ۋە غاشىيە سۈرىلىرىنى (88 - سۈرە) ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. فاتىھەدىن كېيىن باشقا سۈرە ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى سۈرىلەرنى ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. ئەگەر ئىمام خالىسا بۇ نامازنىڭ ئىچىدە ئىككى ھېيت نامازلىرىدىكىگە ئوخشاش تەكبىرلەر ئوقۇيدۇ. جامائەت ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلايدۇ. نامازنىڭ قالغان يەرلىرىدىكى زىكىر ۋە دۇئالارنى باشقا نامازلاردىكىگە ئوخشاش ئىچىدە ئوقۇيدۇ.

ئىمام نامازدىن سالام بەرگەندىن كېيىن خۇتبە ئوقۇيدۇ . خۇتبىدە كۆپ ئىستىغپار ئېيتىدۇ ۋە دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن قىبلىگە قاراپ چاپىنىنى تەتۈر (ئەستىرىنى تېشىغا، تېشىنى ئىچىگە) قىلىپ كىيىدۇ، جامائەتمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئاندىن ئىمام قوللىرىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك دۇئا قىلىدۇ، جامەئەتمۇ قوللىرىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىمامنىڭ دۇئاسىغا

ئامىن دەيدۇ. ئىستىسقا نامىزى ۋە ئىستىسقا دۇئاسى مانا مۇشۇ شەكىلدە ئوقۇلىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر مۇنداق:

1- ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن چىقتى، قىبلىگە يۈز كەلتۈردى، رىداسىنى ئۆرۈپ كىيدى ۋە ئۈنلۈك قىرائەت قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى»[1]. بۇخارىنىڭ بىر رىۋايىتىدە «ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇمىدى» دېگەن ئىپادىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ[2].

2- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھقا يامغۇر ياغمىغانلىقى شىكايەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بىر مۇنبەر كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى، نامازگاھقا بىر مۇنبەر قويۇلدى. ئىنسانلارغا نامازگاھقا يىغىلىدىغان كۈننى بېكىتىپ بەردى. شۇ كۈنى كەلگەندە رەسۇلۇللاھ كۈننىڭ قىرغىقى چىقىشى بىلەن تاڭ ئۆيىدىن چىقىپ نامازگاھقا كەلدى ۋە مۇنبەرگە چىقتى. مۇنبەردە ئولتۇرۇپ تەكبىر ئېيتتى، ئاللاھقا ھەمد ئېيتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى:

«سىلەر يۇرتۇڭلارنىڭ قۇرغاقچىلىققا مۇپتىلا بولغانلىقىدىن، يامغۇرنىڭ يېغىش زامانىدىن كېچىككەنلىكىدىن شىكايەت قىلدىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىگە دۇئا قىلىشقا ئەمىر قىلدى ۋە دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىشنى ۋەدە قىلدى». رەسۇلۇللاھ سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

---

[1] بۇخارى، سەھىھ، دەئەۋات 24 (6343)؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلئىستىسقا 3 (894)؛

[2] بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1022- ھەدىس.

«ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن ئۇ چەكسىز ياخشىلىق ۋە كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر، جازا ۋە مۇكاپات كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئى ئاللاھ! سەن ئاللاھدۇرسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، سەن بايدۇرسەن، بىز پېقىردۇرمىز. بىزگە يامغۇرنى ياغدۇرۇپ بەرگىن، ياغدۇرغان يامغۇرۇڭنى بىزگە كۈچ-قۇۋۋەت قىلغىن، بىزگە يېتەرلىك قىلىپ بەرگىن».

رەسۇلۇللاھ بۇ دۇئانى قىلغاندىن كېيىن ئىككى قولىنى ئىككى قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگەنگە قەدەر كۆتۈردى. ئاندىن ئىنسانلارغا ئارقىسىنى قىلدى، رىداسىنى تەتۈر قىلدى. ئۇ بۇ ئەسنادا ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە ئىدى. ئاندىن ئىنسانلارغا ئالدىنى قىلدى، مۇنبەردىن چۈشتى ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بىر بۇلۇت پەيدا قىلدى، ھاۋا گۈلدۈرلىدى، چاقماق چاقتى ۋە ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن يامغۇر ياغدى. رەسۇلۇللاھ مەسجىدكە كېلىپ بولغۇچە سۇلار ئاقتى. رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئالدىراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى، تاكى ئېزىق چىشلىرى كۆرۈندى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى: ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇرمەن»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ يامغۇر تەلەپ قىلىپ چىقتى، ئەزان ۋە تەكبىرسىز ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن بىزگە خۇتبە ئوقۇدى، ئاللاھقا دۇئا قىلدى، ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا قىبلىگە

① ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 260 (1173).

يۈز كەلتۈردى، ئاندىن رىداسىنى تەتۈر قىلدى (ئوڭ تەرىپىنى سول تەرىپىگە، سول تەرىپىنى ئوڭ تەرىپىگە قىلدى)[1].

### 4) رەسۇلۇللاھ (ئە.س) ئوقۇغان ئىستىسقا دۇئالىرى:

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ !بىزگە جان قۇتقۇزغۇچى، مەمۇرچىلىق ئېلىپ كەلگۈچى، پايدىلىق بولغۇچى مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! بىزگە يامغۇر ئاتا قىلغىن، بىزنى ئۈمىدسىزلەردىن قىلمىغىن. ئى ئاللاھ! بىز دەردىمىزنى ساڭىلا ئېيتىمىز. ئى ئاللاھ !بىزدىن بۇ قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئى ئاللاھ! بىز ساڭا تەۋبە قىلدۇق، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. ئى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنى ۋە ھايۋانلىرىڭنى سۇغارغىن. ئى ئاللاھ! رەھمىتىڭنى يايغىن، ئۆلۈك شەھىرىڭنى تىرىلدۈرگىن»[2].

## 5ـ كۇسۇف نامىزى

كۇسۇف نامىزى كۈن تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان نامازدۇر. كۈن تۇتۇلغاندا زىكىر-تەسبىھ، دۇئا-تەكبىر، تەۋبە-ئىستىغپار ۋە خەير-ئېھسان قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش، كۈننىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ناماز ئوقۇش ياخشىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات 153 (1268)؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 73/14؛ بەيھەقى، ئەسسۇنەنۇسسۇغرا، سالاتۇل ئىستىسقا 7 (6401).

[2] ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1169؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالات 154 (1270)؛ بەيھەقى، مەئرىفەتۇسسۇنەن ۋەلئاسار، ئىستىسقا 3 (7210)؛ ئىبنى ئەبى شەيبە، مۇسەننەف، فەزائىل 1 (31771).

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ لَا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾

﴿كېچە، كۈندۈز، كۈن ۋە ئاي ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىندۇر. شۇڭا كۈنگىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار. ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار. ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار﴾[1].

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈن بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ئىككى ئايەتتۇر. ئۇلار بىر كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ياكى بىر كىشىنىڭ تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلار، ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار، تەكبىر ئېيتىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار ۋە ناماز ئوقۇڭلار»[2].

كۇسۇف نامىزىنىڭ شەكلى توغرىسىدىكى ھەدىس مۇنداق:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە كۈن تۇتۇلغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنسانلارغا ئىمام بولۇپ، ناماز ئوقۇدى. نامازنىڭ قىرائىتىنى ئۇزۇن قىلدى، ئاندىن رۇكۇ قىلدى،

---

① 41- سۈرە فۇسسىلەت، 37- ئايەت.

② بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1040، 1041، 1042، 1044، 1046، 1047، 1052، 1058، 1063، بەدئۇلخەلق، 3201، 3202، 3203، نىكاھ 5197؛ مۇسلىم، سەھىھ، كۇسۇف 3 (901)، 9 (904)، 28 (914)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1191؛ نەسەئى، سۈنەن، كۇسۇف 3 (1461)، 11 (1472)، 1474، 1478، 1491، 1493.

رۇكۇنى ئۇزۇن قىلدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى، ئۇزۇن قىرائەت قىلدى، بۇ قىرائەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرىنچى قىرائەتنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن تۆۋەنرەك ئىدى، ئاندىن رۇكۇ قىلدى، رۇكۇنى ئۇزۇن قىلدى، بۇ رۇكۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرىنچى رۇكۇنىڭ ئۇزۇنلىقىدىن تۆۋەنرەك ئىدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى، ئاندىن ئىككى سەجدە قىلدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككىنچى رەكئەتتە بىرىنچى رەكئەتتە قىلغانلىرىنىڭ ئوخشىشىنى قىلدى. ئاندىن سالام بەردى. بۇ ۋاقىتتا كۈن ئېچىلغان ئىدى. ئاندىن خۇتبە ئوقۇدى، خۇتبىدە مۇنداق دېدى:

«كۈن بىلەن ئاي بىر كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ياكى بىر كىشىنىڭ تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. لېكىن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ئىككى ئايەتتۇركى، ئاللاھ ئۇلارنى ئىنسانلارغا كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلار، نامازغا ئىلتىجا قىلىڭلار»[1].

## 6- خۇسۇف نامىزى

خۇسۇف نامىزى ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەتلىك بىر نامازدۇر. بۇ ناماز جامائەت بىلەن ئوقۇلمايدۇ. بۇ نامازنى ھەر كىشى ئۆيىدە ياكى مەسجىدتە ئادەتتىكى نەپلە

[1] بۇخارى، سەھىھ، كۇسۇف 2، 4، 5، 13، 19، ئەلئەمەلۇ فىسسالات، 11، بەدئۇلخەلق، 4، تەپسىر، مائىدە 13؛ مۇسلىم، سەھىھ، كۇسۇف 1، 8، (901، 902، 903)؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، كۇسۇف 1 (186/1)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 2261، 263، 264، 165، (1177، 1178، 1180، 1187، 1188، 1190، 1191)؛ تىرمىزى، سۈنەن، سالات 396، (561، 563)؛ نەسەئى، سۈنەن، كۇسۇف 6، 7، 10، 11، (3، 127، 128، 129، 130).

نامازلارنى ئوقۇغاندەك يالغۇز ئوقۇيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نامازنى كۇسۇف نامىزىنى ئوقۇغاندەك جامائەت بىلەن ئوقۇغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

خۇسۇف نامىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىس پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «كۈن بىلەن ئاي بىر كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ياكى بىر كىشىنىڭ تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. لېكىن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ئىككى ئايەتتۇركى، ئاللاھ ئۇلارنى ئىنسانلارغا كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەڭلار، نامازغا ئىلتىجا قىلىڭلار» دېگەن سۆزىدۇر[1].

① بۇ ھەدىس «كۇسۇف نامىزى»دا تەپسىلىي زىكىر قىلىندى.

# بەشىنچى بۆلۈم
# ناماز ئوقۇشقا ئاسانلىقلار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿...إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا﴾

﴿...شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلارغا ۋاقتلىرى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر﴾[1].

بۇ ئايەتكە ئاساسەن ناماز بەلگىلەنگەن ۋاقتىنىڭ ئىچىدە ئادا قىلىنىشى پەرز بولغان ئىبادەتتۇر. بىر ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتنى كېيىنكە قايتۇرۇپ ئەكېلىش مۇمكىن بولمىغاندەك، ئۇ ۋاقىتنىڭ نامىزىنىمۇ ئۇ ۋاقىتنىڭ سىرتىدا ئوقۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا بەش ۋاقىت نامازنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتى ئىچىدە ئوقۇشنى پەرز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نامازلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىنىشىغا ھەر تۈرلۈك ئاسانلىقلارنى يولغا قويۇپ بەرگەن.

مەسىلەن: تاھارەت ئېلىشقا قادىر بولالمىغانلارغا تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇشنى، قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالمىغانلارغا ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشنى، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئادەتتىكىدەك قىلىپ ناماز ئوقۇيالمايدىغانلارغا باش ئىشارىتى بىلەن ناماز ئوقۇشنى يولغا قويۇپ بەرگەن.

شۇنىڭدەك، بىر يەردە مۇقىم تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالمايدىغانلارغا مېڭىۋېتىپ ياكى ئۇلاغ (قاتناش ۋاسىتىلىرى) ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ناماز ئوقۇشنى، ئۆرە تۇرۇپ

---

[1] 4- سۈرە نىسا، 103- ئايەت.

ئوقۇيالمايدىغانلارغا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى، ئولتۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغانلارغا يېتىپ ناماز ئوقۇشنى، بەزى زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا پېشىن بىلەن نامازدىگەرنى، نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشنى يولغا قويۇپ بەرگەن.

## 1- تەيەممۇم رۇخستى

سۇ تاپالمىغانلىقى ياكى يېنىدىكى سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا قادىر بولالمىغانلىقى ۋە ياكى يېقىنىدىكى سۇغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سۇ بىلەن تاھارەت ئالالمىغان ياكى غۇسۇل قىلالمىغانلارغا تەيەممۇم قىلىش رۇخستى بېرىلگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾**

﴿ئەگەر كېسەل بولساڭلار ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى تاھارەت سۇندۇرغان بولساڭلار ۋە ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر يەردە بولساڭلار، ئاندىن سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار: پاك تۇپراق بىلەن يۈزۈڭلارغا ۋە قولۇڭلارنى سىلاڭلار. ئاللاھ سىلەرگە قىيىنلاشتۇرۇشنى ئىرادە قىلمايدۇ، لېكىن سىلەرنى پاك قىلىشنى ۋە سىلەرگە نېمىتىنى تاماملاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شۈكۈر قىلغايسىلەر!﴾[1].

[1] 5- سۈرە مائىدە، 6- ئايەت.

4- سۈرە نىسانىڭ 43- ئايىتىمۇ بۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2- ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈش رۇخستى

دىنىمىزدا نامازنى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئوقۇش پەرز قىلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿قَدْ نَرَى تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي السَّمَاءِ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضَاهَا فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنْتُمْ فَوَلُّوا وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ وَإِنَّ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ لَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّهِمْ وَمَا اللَّهُ بِغَافِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ﴾**

﴿ئى مۇھەممەد! كۆرۈۋاتىمىزكى، سەن بۇيرۇقىمىزنى كۈتۈپ پات-پات ئاسمانغا قاراۋاتىسەن. بىز سېنى چوقۇم سەن مەمنۇن بولىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. بۇنىڭدىن ئېتىبارەن نامىزىڭدا يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. ئى مۇئمىنلار! سىلەرمۇ قەيەردە بولساڭلار نامىزىڭلاردا يۈزۈڭلارنى ئۇنىڭ تەرىپىگە قىلىڭلار. كىتاب بېرىلگەنلەر ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇكى، قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئۆزلىرىنىڭ رەببىدىن كەلگەن ھەق ھۆكۈمدۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس﴾[1].

لېكىن تۆۋەندىكى كىشىلەرنىڭ بۇ پەرزگە رىئايە قىلىشلىرى كېرەك ئەمەس. يەنى ئۇلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ ئوقۇشلىرىغا رۇخسەت بېرىلگەن:

---

[1] 2- سۈرە بەقەرە، 144- ئايەت.

### ① كېسەل كىشى

بىر كىشى كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن نامىزىنى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئوقۇيالمىسا ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئوقۇسا بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُم﴾

﴿ئاللاھ تائالاغا كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[1].

﴿لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْساً إِلا وُسْعَهَا﴾

﴿ئاللاھ ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇ ئىشنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار»[3].

### ② قورققان كىشى

دۈشمەن، يىرتقۇچ ھايۋان، سۇ ئاپىتى، يەر تەۋرەش، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش، قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ساقلاپ تۇرماسلىقى ياكى چوڭ يولغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن

① 64- سۈرە تەغابۇن، 16- ئايەت.

② 2- سۈرە بەقەرە، 286- ئايەت.

③ بۇخارى، سەھىھ، ئەلئىئتىسام بىلكىتابى ۋەسسۇننەتى 7288؛ مۇسلىم، سەھىھ، ھەج 412 - (1337)، فەدائىل 130 - (1337)؛ نەسەئى، سۇنەن، مەناسىك 2619.

ئۆزى ھەيدەپ مېڭىۋاتقان قاتناش ۋاستىسىنى توختىتالماسلىقى قاتارلىقلارنىڭ بىرىدىن قورققان كىشى نامىزىنى پىيادە مېڭىۋېتىپ ياكى ئۇلاغ (قاتناش ۋاستىسى) ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئوقۇسا بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

**﴿حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلَاةِ الْوُسْطَى وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ ۞ فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا فَإِذَا أَمِنْتُمْ فَاذْكُرُوا اللَّهَ كَمَا عَلَّمَكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ﴾**

﴿نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار. ئەگەر قورقساڭلار، نامىزىڭلارنى پىيادە مېڭىۋېتىپ ياكى ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقۇڭلار. بىخەتەرلىككە ئېرىشكەن چېغىڭلاردا بولسا، ئاللاھنى سىلەرگە بىلمىگىنىڭلارنى ئۆگەتكىنى بويىچە زىكىر قىلىڭلار﴾[1].

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى ﴿**فَإِنْ خِفْتُمْ** (ئەگەر قورقساڭلار)﴾ دېگەن سۆزىدىكى قورقۇش ئومۇمىي بولۇپ بارلىق قورقۇنچلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى خىفتۇم ﴿**خِفْتُمْ**﴾ پېئىلىنىڭ مەفئۇلى (ھەرىكەت ئوبيېكتى)نىڭ زىكىر قىلىنماسلىقى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

① 2- سۈرە بەقەرە، 238~239- ئايەت.

## 3ـ نامازنى ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ئوقۇش رۇخستى

نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قادىر بولمىغانلارغا ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇش رۇخستى بېرىلگەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِذَا قَضَيْتُمُ الصَّلاَةَ فَاذْكُرُواْ اللّهَ قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلَى جُنُوبِكُمْ فَإِذَا اطْمَأْنَنتُمْ فَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ إِنَّ الصَّلاَةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَاباً مَّوْقُوتاً﴾

﴿نامازنى ئادا قىلغان چېغىڭلاردا، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللاھقا زىكىر ئېيتىڭلار. خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى تولۇق ئۆتەڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلارغا ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر﴾[1].

﴿لاَ يُكَلِّفُ اللّهُ نَفْساً إِلاَّ وُسْعَهَا﴾

﴿ئاللاھ ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن كېسەل ئادەممەن، نامازنى قانداق ئوقۇيمەن؟ دەپ سورىغان بىر ساھابىسىگە: «ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن، بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ يېتىپ ئوقۇغىن» دەپ جاۋاب بەرگەن[3].

---

① 4ـ سۈرە نىسا، 103ـ ئايەت.

② 2ـ سۈرە بەقەرە، 286ـ ئايەت.

③ بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1112؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 952؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەبۋابۇسسالات 372؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالاتى ۋەسسۇننەتى فىيھا 139، 1223.

## 4. نامازلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش رۇخستى

قۇرئـان كەرىمــدە بەش ۋاخ نامــاز ئۈچـۈن بەلگىلەنــگەن بەش ۋاقتىنىڭ ئىچىدە ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى بايـان قىلىنىـدۇ. بـۇ ۋاقـتلار كىتابىمىزنىـڭ «بەش ۋاخ نامازنىـڭ ۋاقتلىـرى» دېـگەن بۆلۈمىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

مۇناســۋەتلىك ئـايەتلەردە پېشــىنىنىڭ ئــاۋۋالقى ۋاقتــى، نامازدىگەرنىـڭ ئـاخىرقى ۋاقتـى، نامازشـامنىڭ ئـاۋۋالقى ۋاقتـى ۋە خۇپتەنىنـىڭ ئـاخىرقى ۋاقتـى بايـان قىلىنىـدۇ. لـېكىن پېشـىنىنىڭ ئـاخىرقى ۋاقتـى، نامازدىگەرنىـڭ ئـاۋۋالقى ۋاقتـى، نامازشـامنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى ۋە خۇپتەنىنـىڭ ئـاۋۋالقى ۋاقتـى بايـان قىلىنمايـدۇ. بۇ كۈن قايرىلغاندىن تارتـىپ كـۈن پـاتقۇچە بولغـان ئـارىلىقتىكى ۋاقتىنىـــڭ پېشـــىن بىـــلەن نامازدىگەرنىـــڭ ئورتـــاق ۋاقتـــى ئىكەنلىكىـگە، كـۈن پاتقانـدىن باشـلاپ كېچىنىـڭ قـاراڭغۇلۇقى باسـقۇچىلىق بولغـان ئـارىلىقتىكى ۋاقتىنىـڭ نامازشـام بىـلەن خۇپتەنىڭ ئورتاق ۋاقتى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ پېشـــىن بىـــلەن نامـازدىگەرنى، نامازشـام بىـلەن خـۇپتەننى بىرلەشـتۈرۈپ بەزىـدە ئالـدىغا تارتـىپ (جەمئىـي تەقـدىم قىلىـپ)، بەزىـدە كېچىكتـۈرۈپ (جەمئىـــي تەخىـــر قىلىـــپ) ئوقۇشـــىمۇ بـــۇنى تەكىتلەيـــدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئىككى ھەدىس:

1. ئىبنـــى ئاببـــاس ۋە مۇئـــاز ئىبنـــى جەبەل رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇمـالار مۇنـداق دېـگەن: «پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام تەبـۇك

غەزۋىسىدىكى سەپىرىدە پېشىن بىلەن نامازدىگەرنى، نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغان»[1].

2ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورقۇنچمۇ يوق، سەپەر ئۈستىدىمۇ بولمىغان ئەھۋالدا پېشىن بىلەن نامازدىگەرنى، نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغان». پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئۈممىتىگە ئاسانلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان[2].

## 5ـ نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇش رۇخستى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي الْأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَقْصُرُوا مِنَ الصَّلَاةِ إِنْ خِفْتُمْ أَنْ يَفْتِنَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا إِنَّ الْكَافِرِينَ كَانُوا لَكُمْ عَدُوًّا مُبِينًا﴾**

﴿ئى مۇئمىنلار! سەپەرگە چىققان چېغىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقساڭلار، نامازنى قىسقارتىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. شۈبھىسىزكى، كاپىرلار سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾[3].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 51 ـ (705)، 52 ـ (706)

② مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا، 49 ـ (705) 54 ـ (705).

③ 4ـ سۈرە نىسا، 101~ ئايەت.

بۇ ئايەتتە ئۆتكەن ۋە ناماز دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە ئەسسەلات ﴿الصَّلَاة﴾ دۇر. بۇ كەلىمە بېشىدىكى ئەلىف لام بىلەن ئېنىق ئىسىم بولۇپ، بىلىنگەن نامازنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئادەتتە سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان ناماز ئىككى رەكئەت. بۇنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەت سەپەر ئۈستىدە بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ «سەپەر ئۈستىدە بولۇش»لىرىغا «كاپىرلارنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقۇش»لىرى قوشۇلسا، سەپەر ئۈستىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىككى رەكئەت نامازلىرىنى قىسقارتىپ بىر رەكئەت قىلىپ ئوقۇشلىرىغا رۇخسەت بېرىشتىن ئىبارەت ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئىككى ھەدىس تۆۋەندىكىچە:

1- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ناماز مۇقىملىقتا ۋە سەپەردە ئىككى رەكئەت - ئىككى رەكئەت پەرز قىلىندى. كېيىن مۇقىملىقتىكى نامازغا ئىككى رەكئەت زىيادە قىلىندى، سەپەردىكى ناماز ئۆز پېتى قويۇلدى»①.

2- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ نامازنى پەيغەمبىرىڭلارنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇقىملىقتا تۆت رەكئەت، سەپەردە ئىككى رەكئەت، قورقۇنچتا بىر رەكئەت قىلىپ پەرز قىلدى»②.

---

① بۇخارى، سەھىھ، سالات 350؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 1 - (685)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1198؛ نەسەئى، سۇنەن، سالات 454، 455.

② مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىھا 5 - (687)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1247؛ نەسەئى، سۇنەن، سالات 456، تەقسىيرۇسسالاتى فىسسەفەرى 1442، سالاتۇلخەۋف 1532.

# ئالتىنچى بۆلۈم

# مېيىت نامىزى

دۇنياغا كەلگەن ھەر ئىنسان ئۆلىدۇ[1]. ئۆلۈم ئەسناسىدا روھنى ئۆلۈم پەرىشتىسى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئېلىپ[2]، ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ. ئاللاھ روھنى ئۆزى خالىغان جايدا قويۇپ قىيامەتكە قەدەر ساقلايدۇ[3]. جەسەت بولسا زېمىنغا دەپنە قىلىنىدۇ (كۆمۈلىدۇ)[4]. ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشنى بىر قاغا ئەۋەتىپ ئۆگەتكەن[5]. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش بەزى ئازغۇن قەۋملەرنىڭ پەرقلىق ئادىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تارىخ بويىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن[6]. ئاللاھ تائالا ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا ۋە ئىستىغفار ماھىيىتىدە بىر نامااز ئوقۇشقا بۇيرۇغان[7]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئۆگەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿وَلاَ تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا وَلاَ تَقُمْ عَلَىَ قَبْرِهِ إِنَّهُمْ كَفَرُواْ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ وَمَاتُواْ وَهُمْ فَاسِقُونَ﴾**

---

[1] 3- سۈرە ئال ئىمران، 185- ئايەت، 4- سۈرە نىسا، 78- ئايەت، 29- سۈرە ئەنكەبۇت، 57- ئايەت، 56- سۈرە ۋاقىئە، 60- ئايەت.

[2] 4- سۈرە نىسا، 97- ئايەت، 6- سۈرە ئەنئام ، 93- ئايەت، 7- سۈرە ئەئراف، 37- ئايەت، 8- سۈرە ئەنفال، 50- ئايەت، 16- سۈرە نەھل، 28- ئايەتتىن 32- ئايەتكىچە، 32- سۈرە سەجدە، 11- ئايەت.

[3] 7- سۈرە ئەئراف، 40- ئايەت، 39- سۈرە زۇمەر، 42- ئايەت.

[4] 7- سۈرە ئەئراف، 25- ئايەت، 20- سۈرە تاھا، 55- ئايەت، 77- سۈرە مۇرسەلات، 25- ۋە 26- ئايەتلەر، 80- سۈرە ئەبەسە، 21- ئايەت.

[5] 5- سۈرە مائىدە، 31- ئايەت

[6] جەسەتنى كۆمۈشنى ئەڭ باشتا ئاللاھ تائالا ئۆگەتكەن بولسىمۇ، بەزى ئازغۇن كىشلەر جەسەتنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سورۇۋېتىدۇ ياكى بىر قۇتىغا ئېلىپ ساقلايدۇ، لېكىن ئومۇمەن ئىنسانلار ئۆلۈكلىرىنى دەپنە قىلىدۇ.

[7] 9- سۈرە تەۋبەنىڭ 80- ۋە 84- ئايەتلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

﴿ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلاردىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە كاپىر بولدى ھەمدە فاسىق[1] ھالىتى بىلەن ئۆلدى﴾[2].

بۇ ئايەت كاپىر ھالەتتە ئۆلگەنلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ۋە ھەرقانداق مەقسەتتە (دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ۋە قەبرىنى زىيارەت قىلىش) ئۇلارنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلاردىن ۋاپات بولغانلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ۋە قەبرىسى ئۈستىدە تۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

## 1- «مېيىتقا ناماز ئوقۇش»نىڭ مەنىسى

مېيىتقا ناماز ئوقۇش دېگەنلىك مېيىت ئۈچۈن دۇئا قىلىش، مېيىت ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنى، مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئۆلگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆمەر

① فاسىقۇن سۆزى ف س ق سۆز تومۇرىدىن تۈرلەنگەن كۆپلۈك ئېنىق سۈپەتداش بولۇپ، مەنىسى ئەقىل ۋە پىترەتكە خىلاپلىق قىلغۇچىلار، ئاسىيلىق قىلغۇچىلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تەرك ئەتكۈچىلەر، ھەق يولدىن چىققۇچىلار، گۇناھ قىلغۇچىلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار، شەرىئەت چەكلىگەن ئىشنى قىلغۇچىلار دېگەن بولىدۇ.— مۇفرەداتۇ ئەلفازىل قۇرئان، لىسانۇل ئەرەب، مۇئجەمۇ مەقايىسۇللۇغە، ئەلقامۇسۇلمۇھىت، ئەسسىھاھ فىللۇغە، ف س ق ماددىسى.

② 9- سۈرە تەۋبە، 84- ئايەت.

ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەردىن[1] چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، سالات ۋە ئۇنىڭدىن تۈرلەنگەن كەلىمىلەرنىڭ «**على** (غا، قا، گە، كە)» دېگەن قوشۇمچە بىلەن بىللە كېلىشىمۇ يۇقىرىقى مەنىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

---

① بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ۋاپات بولغاندا، ئوغلى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ دادىسىنى كېپەنلەش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن كۆينىكىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كۆينىكىنى بەرگەن. ئۇ يەنە رەسۇلۇللاھتىن دادىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشنى سورىغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ) نامىزىنى چۈشۈرەي، دەپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ پېشىنى تۇتۇپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟ ھالبۇكى، رەببىڭ سېنى ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن توسقان تۇرسا!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بۇ ئىشنى مېنىڭ ئىختىيارلىقىمغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: ‹ئى مۇھەممەد! مۇناپىقلار ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما بەرىبىر ئوخشاشتۇر، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ...› (9- سۈرە تەۋبە، 80- ئايەت). مەن يەتمىش قېتىمدىن ئاشۇرۇپ مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ باقىمەن» دېگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ مۇناپىق تۇرسا» دېگەن. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىۋەرگەن. كەينىدىنلا ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: «ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلاردىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن..» — (بۇخارى، سەھىھ، تەفسىرۇلقۇرئان، سۈرە بەرائە 12). مانا بۇ رىۋايەتتىن مېيىتقا ناماز ئوقۇش دېگەنلىك مېيىتقا دۇئا-ئىستىغپار ئېيتىش، دېگەنلىك بولىدىغانلىقى چىقىدۇ. يەنە ئۇ رىۋايەتتىن مېيىت نامىزىنىڭ تەۋبە سۈرىسىنىڭ 84- ئايىتى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى يولغا قويۇلغانلىقىمۇ چىقىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندىمۇ مېيىت نامىزى چۈشۈرۈشنىڭ مېيىتقا دۇئا-ئىستىغپار ئېيتىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۆۋەنـدە «**على** (غـا، قـا، گە، كە)» ھەرپـى بـىلـەن كەلـگەن سالات ۋە ئۇنىڭدىن تۈرلەنگەن كەلىمىلەرنىـڭ مەنىلىرىنـى ئـايەت ھەدىسلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويىمىز:

**مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر:**

**1. ﴿أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِنْ رَبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ...﴾**

﴿ئەنە شۇلارغا رەببىنىڭ ياردەملىرى ۋە رەھمىتى ياغىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتتىكى «سەلەۋات» كەلىمىسـى «**علـــى** (غـا)» بـىلـەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن «ياردەملەر» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.

**2. ﴿...وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلَاتَكَ سَكَنٌ...﴾**

﴿ئۇلارغـا دۇئـا قىلغىـن. چـۈنكى سـېنىڭ دۇئايـىڭ ئۇلارغـا ھوزۇر بېغىشلايدۇ﴾[2].

بـۇ ئـايەتتىكى «سـەللى» دېـگەن بـۇيرۇق پېئىلـى «**علـــى** (غا)» بىلەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن «دۇئا قىلغىـن» دېـگەن مەنىنـى ئىپادىلىگەن.

**3. ﴿إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ﴾**

﴿ئـاللاھ ۋە ئاللاھنىـڭ پەرىشـتىلىرى بـۇ نەبىـگە يـاردەم بەرمەكتىــدۇر. ئــى مــۇئمىنلار! ســىلەرمۇ ئــۇ نەبىــگە يــاردەم بېرىڭلار﴾[1].

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 157- ئايەت.

② 3- سۈرە تەۋبە، 103- ئايەت.

## 4. ﴿هُوَ الَّذِي يُصَلِّي عَلَيْكُمْ وَمَلَائِكَتُهُ...﴾[1]

﴿ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىمۇ ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ...﴾[2].

مانا بۇ ئىككى ئايەتتىكى «يۇسەللۇنە»، «سەللۇ»، «يۇسەللى» پېئىللىرى «على (گە)» بىلەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن «ياردەم بېرىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.

**مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەدىسلەر:**

1. «ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە ياردەم بەرگىن. خۇددى ئىبراھىم ۋە ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە ياردەم بەرگىنىڭدەك. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن»[3].

2. «روزا تۇتقۇچىلار سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلاردا ئىپتار قىلدى، تاماقىڭلارنى ياخشىلار يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغپىرەت تەلەپ قىلدى»[4].

3. «روزىدارنىڭ يېنىدا تاماق يېيىلسە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ»[5].

---

① 33- سۈرە ئەھزاب، 56- ئايەت.

② 33- سۈرە ئەھزاب، 43- ئايەت.

③ بۇخارى، سەھىھ، ئەنبىيا 10.

④ ئىبنى ماجە، سۈنەن، سىيام 45؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 138/3؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەتئىمە 54.

⑤ ئىبنى ماجە، سۈنەن، سىيام 46؛ تىرمىزى، سەۋم 3؛ دارىمى، سەۋم 32.

مانا بۇ ئۈچ ھەدىستە «سالات» مەسدىرىدىن تۈرلەنگەن پېئىللەر «**على** (غا، قا، گە، كە» بىلەن كەلگەنلىكى ئۈچۈن «ياردەم بېرىش، مەغپىرەت تەلەپ قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن.

بەزى ھاللاردا «سەلات» كەلىمىسى «**على**» ھەرپى بىلەن بىرگە كەلمىسىمۇ «دۇئا» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ: «...پەيغەمبەرنىڭ دۇئالىرى...»[1] دېگەن ئايىتىدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسىدە كەلگەندەك:

«كىمكى تاماققا چاقىرىلىدىكەن، ئۇ بارسۇن. ئەگەر روزىدار بولسا چاقىرغۇچى ھەققىدە دۇئا قىلسۇن»[2].

«كىمكى تاماققا چاقىرىلىدىكەن ئۇ بارسۇن، ئەگەر ئېغىزى ئوچۇق بولسا تاماقنى يەۋەرسۇن، روزىدار بولسا چاقىرغۇچى ھەققىدە دۇئا قىلسۇن»[3].

بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿**وَلاَ تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا**﴾

---

① 9- سۈرە تەۋبە، 99- ئايەت.

② تىرمىزى، سۈنەن، سەۋم 64.

③ مۇسلىم، سەھىھ، نىكاھ 106؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 392/3؛ ئەش-شەرھۇس سۈننەھ 375/6. نەۋەۋىي ئېيتىدۇ: كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ قارىشىچە «فەلیۇسەللى» دېگەن سۆز ساھىبخانغا مەغپىرەت، بەرىكەت ۋە... بىلەن «دۇئا قىلسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. «سالات» نىڭ ئەسلى مەنىسى دۇئا دېگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَصَلِّ عَلَيْهِمْ﴾ ﴿ئۇلارغا دۇئا قىل﴾ (9- سۈرە تەۋبە 103- ئايەت) دېگەن سۆزىمۇ شۇ مەنىدە كەلگەن. نەۋەۋىي شەرھلىگەن سەھىھ مۇسلىم 236/5، نىكاھ 16.

﴿ئـى مـۇھەممەد! سـەن ئـۇلاردىن ئـۆلگەن ھېچبىـر ئادەمنىـڭ نـامىزىنى چۈشـۈرمىگىن﴾[1] دېـگەن سـۆزىدىكى ۋە پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ: «كىمىكـى بىـر مېيىتقـا نامـاز ئوقۇسـا»، «قەبرىندىشـلارغا نامـاز ئوقـۇغلار»، «نەجاشـىغا نامـاز ئوقۇغلار»[2] دېگەن سۆزلىرىدىكى «سالات (ناماز)» سۆزى «**علـى** (غـا، قـا)» بىـلەن بىـرگە كەلگەچـكە، مەزكـۇر ئـايەت ۋە ھەدىسلەردىكى «سـالات (نامـاز ئوقـۇش)»نىـڭ مەنىسـى «دۇئـا قىلىـش، رەھـمەت ۋە مەغپىـرەت تەلەپ قىلىـش» دېگەنلىـك بولىدۇ.

## 2ـ مېيىتقا ئالاقىدار ئىشلار

بىر كىشى ئۆلـۈپ قالغانـدىن كېيىن قىلىنىـدىغان ئىشلار، ئۇنىڭغـا دۇئـا ۋە ئىسـتىغپار ماھىيىتىـدە نامـاز ئوقـۇش بىلەنـلا تۈگىمەيـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن تۆۋەنـدە مېيىتقـا ئالاقـدار مەسىلىلەرنى، بىرقانچە باسقۇچقا بۆلـۈپ مۇناسـىۋەتلىك ئـايەت ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل قىلغان ئاساستا بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

### 1) سەكراتتىن نامازغىچە

1ـ سـەكراتتىكى كىشـىگە (ئۆلـۈم ئالدىـدا شـاھادەت ئېيتىۋېلىشـى ئۈچـۈن) شـاھادەت كەلىمىسـىنى تەلقىـن قىلىـش كېـرەك. يەنـى ئۆلـۈم ئالدىـدا تۇرۇۋاتقـان كىشـىگە كەلىـمە

[1] 9ـ سۈرە تەۋبە، 84ـ ئايەت.
[2] بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 56.

شاھادەتنى ئۆگىتىش، ئوقۇيالمىسا ئۇنىڭ يېنىدا ئۇ ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ئوقۇش، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ شاھادەت كەلىمىسى ئوقۇش بولۇشىنى تەمىن قىلىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئادىمىڭلار[1]غا ‹لائىلاھە ئىللەللاھ›، دېگەن سۆزنى تەلقىن قىلىپ بېرىڭلار»[2]؛ «ئاخىرقى سۆزى ‹لائىلاھە ئىللەللاھ› بولغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن[3].

2. سەكراتتىكى كىشى جان ئۈزگەن ھامانلا كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىش كېرەك. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ قالغانىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ: «روھ ئېلىنسا، كۆز روھقا ئەگىشىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مېيىت ئەھلى ئۈن سېلىپ يىغلىشىپ كېتىشۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۆزۈڭلارغا پەقەت ياخشىلىقنىلا تىلەڭلار، چۈنكى سىلەر نېمە دېسەڭلار پەرىشتىلەر ‹ئامىن›، دەيدۇ» دېدى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! ئەبۇ سەلەمەنى مەغپىرەت قىلغىن، دەرىجىسىنى ھىدايەت تاپقانلار ئارىسىدا يۇقىرى قىلغىن، ئارقىسىدا قالغانلارغا پاناھ بولۇپ بەرگىن، ئى

---

① سەكراتتىكى مۇسۇلمانغا.

② مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز1،2؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، جەنائىز3؛ نەسەئىي، سۈنەن، جەنائىز 4؛ تىرمىزىي، سۈنەن، جەنائىز 7؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 20.

③ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 20؛ تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 7.

ئاللەرنىڭ رەببى! بىزنى ۋە ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ قەبرىسىنى كەڭ ۋە نۇرلۇق قىلغىن» دېدى[1].

3- ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇپ سەۋر قىلىش، ﴿**إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ**﴾ ﴿بىز چوقۇم ئاللاھنىڭدۇرمىز، بىز چوقۇم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتقۇچى كىشىلەرمىز﴾[2] دېيىش ۋە دۇئا قىلىش كېرەك.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن ھەر قانداق بەندە: ‹بىز چوقۇم ئاللاھنىڭدۇرمىز، بىز چوقۇم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتقۇچى كىشىلەرمىز. ئى ئاللاھ! مۇسىبىتىمدە ماڭا ساۋاب ئاتا قىلغىن، ماڭا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئاتا قىلغىن›، دېسە، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە مۇسىبىتىدە ساۋاب ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە يوقاتقان نەرسىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى بېرىدۇ»[3].

4- مېيىتنىڭ قەرزى بولسا ئۇنى ئادا قىلىپ قويۇش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۆلگەن) مۇئمىننىڭ روھى تاكى ئۇنىڭ قەرزى ئادا قىلىنغانغا قەدەر (يۇقىرى ئورۇنغا يېتىشتىن) ئېسىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن[4]. بۇ ھەقتە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىممىسىدىكى قەرزنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن

---

[1] - مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز7؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، جەنائىز6؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 21.

[2] 2- سۈرە بەقەرە، 156- ئايەت.

[3] بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز42؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 4؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 22.

[4] تىرمىزى، سۇنەن، جەنائىز 77؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 508/2.

ئادەمنىڭ نامىزىنى ئوقۇشتىن ئۆزىنى تارتاتتى» دېگەن ھەدىسمۇ بار[1].

5- مېيىتنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا تېز تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى مېيىت ئەھلى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، دوست-بۇرادەر ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ۋاقتىدا يەتكۈزۈش كېرەك. چۈنكى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجاشى ۋاپات بولغان كۈنى، ئۇنىڭ ۋاپات تاپقانلىق خەۋىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ، نامازگاھقا چىقىپ تۆت تەكبىر ئوقۇغان»[2].

باشقا بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاغرىپ قالغاندا، ئۇنى يوقلاپ بېرىپ: «مەن تەلھەنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، ئۇ قازا قىلغان ھامان ماڭا خەۋەر قىلىڭلار ۋە ئۇنى دەپنە قىلىشقا ئالدىراڭلار، مۇسۇلماننىڭ جەسىتىنىڭ ئۆز ئەھلى ئارىسىدا تۇرۇپ قېلىشى توغرا بولمايدۇ» دېگەن[3].

6- قولۇم-قوشنا ۋە يېقىنلىرى مېيىت ئەھلىگە تاماق ھازىرلىشى كېرەك. چۈنكى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: جەئفەرنىڭ ۋاپات تاپقانلىق خەۋىرى

---

① بۇخارى، سەھىھ، كاپالەت 803/2؛ مۇسلىم، سەھىھ، فەرائىز 3؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جىھاد 143؛ تىرمىزى، سۇنەن، جەنائىز 70؛ نەسەئى، سۇنەن، جەنائىز 67.

② بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 4، 54، 60، 64؛ مەناقىبۇل ئەنسار 48؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 62، 63، 64؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، جەنائىز 14؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 62؛ تىرمىزى، سۇنەن، جەنائىز 37؛ نەسەئى، سۇنەن، جەنائىز 76.

③ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 38؛ نەيلۇل ئەۋتار 52/4.

رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە ئۇ: «جەئفەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا تاماق ھازىرلاڭلار، چۈنكى ئۇلارغا ئۆز ئىشىدىن مەشغۇل قىلىدىغان ۋەقە ياكى ئىش كېلىپ قالدى» دېگەن[1].

7- مېيىتنى يۇيۇش كېرەك. ئۇممە ئەتىييەتۇل ئەنسارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : رەسۇلۇللاھ، قىزى ۋاپات بولغاندا يېنىمىزغا كىرىپ: «ئۇنى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم سۇ ۋە سىدىر بىلەن يۇيۇڭلار، ئەڭ ئاخىرقى يۇيۇشتا كافۇر ئىشلىتىڭلار، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىڭلار» دېدى. بىز يۇيۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھقا خەۋەر قىلدۇق، ئۇ كىرىپ بىزگە تاشقى كىيىمنى بەردى ۋە: «قىزىمغا بۇنى ئىچ كىيىم قىلىڭلار» دېدى[2].

8- مېيىتنى بىر كىيىم بىلەن بولسىمۇ، جەستىنى يۆگىگۈدەك شەكىلدە كېپەنلەش كېرەك. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەردىن مېيىتنى بىر، ئىككى ۋە ياكى ئۈچ تال كىيىمدە كېپەنلەشكە بولىدىغانلىقى چىقىدۇ[3].

---

① ئىبنى ماجە، سۈنەن، جەنائىز 59؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 60؛ مۇسنەد ئەھمەد 205/2.

② بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 8؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 36. تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 15؛ نەسەئى، سۈنەن، جەنائىز 28؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، جەنائىز 8؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 33؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، جەنائىز 1.

③ بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 18، 19، 20، 21؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 44، 45، 46، 47؛ تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 18، 19، 20؛ نەسەئى، سۈنەن، جەنائىز 37، 38، 39، 40؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، جەنائىز 11، 12؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 34؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، جەنائىز2.

## 2) ناماز

### ① ھۆكمى

بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ قالسا باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۆلۈپ قالغان مۇسۇلمانغا مېيىت نامىزى ئوقۇش تەۋبە سۈرىسىنىڭ 84 – ئايىتىنىڭ دالالەت قىلىشى بىلەن يولغا قويۇلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىدا ۋاپات بولغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مېيىت نامىزى ئوقۇغان ۋە مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا بەش تۈرلۈك ھەققى بولىدۇ: سالامنى ئىلىك ئېلىش، كېسەلنى يوقلاش، ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىش، چاقىرغان يەرگە بېرىش ۋە چۈشكۈرگەن كىشى ئەلھەمدۇ لىللاھ (ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن) دېسە، يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ تائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېيىش»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَلاَ تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا﴾

﴿ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلاردىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن﴾[2] دېگەن سۆزىدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇشىنى «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندىكى ھەقلىرى»دىن سانىشىدىن

---

① بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 2؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالام 3، 4؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ئەدەپ 90؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، جەنائىز1. بۇ ھەدىسنىڭ باشقا شەكىللىرىدە بۇ ھەق ئالتە بولۇپ، يەنە بىرى «نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا، سەمىمي نەسىھەت قىلىپ قويۇش»تىن ئىبارەت.

② 9- سۈرە تەۋبە، 84- ئايەت.

مۇسۇلمانلاردىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى چىقىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىممىسىدىكى قەرزىنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ نامىزىنى ئوقۇشتىن ئۆزىنى تارتىشى»دىن[1] ۋە بەزى مېيىت نامىزى ئوقۇشقا بۇيرۇق ئەمەس، تەشەببۇس قىلغانلىقىدىن ئۇ پەرزنىڭ (مېيىت نامىزى ئوقۇشنىڭ) پەرزى كۇپايە يەنى قاتنىشالمىغانلار گۇناھكار بولمايدىغان بىر پەرز ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

② **پەزىلىتى**

ماتەم مۇراسىمىغا، مېيىتقا نامىاز ئوقۇلۇپ بولغۇچە قاتناشقان كىشى بىر قىيرات ساۋابقا، دەپنە قىلىشقىمۇ قاتناشقان كىشى ئىككى قىيرات ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ماتەم مۇراسىمىغا، مېيىتقا نامىاز ئوقۇلغۇچە قاتناشسا، ئۇنىڭغا بىر قىيرات ساۋاب بولىدۇ، دەپنە قىلىشقىمۇ قاتناشسا، ئىككى قىيرات ساۋاب بولىدۇ». ئۇ «ئىككى قىيرات دېگەن قانچىلىك كېلىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، «ئىككى چوڭ تاغدەك كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

---

① بۇخارى، سەھىھ، كاپالەت 803/2؛ مۇسلىم، سەھىھ، فەرائىز 3؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جىھاد 143؛ تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 70؛ نەسەئى، سۈنەن، جەنائىز 67.

② بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 59؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز57؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 45؛ نەسەئى، سۈنەن، جەنائىز 54، 59، ؛ تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 49؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، جەنائىز 34.

### ③ ئەركانى

1- نىيەت قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەر كىشىگە نىيەت قىلغىنى بولىدۇ» دېگەن[1].

2- قىيامدا تۇرۇش. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: كەئبىنىڭ ئانىسى تۇغۇتتىن كېيىن ۋاپات بولغاندا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە قاتناشقانىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان[2].

دېمەككى جىنازا نامىزى ئولتۇرۇپ ئەمەس، باشتىن ئاخىر ئۆرە تۇرۇپ رۇكۇ، سەجدىسىز ئوقۇلىدىغان نامازدۇر.

3- تۆت تەكبىر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجاشى ۋاپات بولغان كۈنى كىشىلەرگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، نامازگاھقا جامائەت بىلەن چىقىپ، تۆت تەكبىر ئېيتقان[3]. بۇ تەكبىرنىڭ بىرىنچىسى ناماز باشلاش تەكبىرى[4] بولۇپ، مېيىت نامىزى ئوقۇغۇچى بۇ تەكبىر بىلەن تەڭ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ پەسكە

---

① بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇل ۋەھيى، 1، مەناقىبۇل ئەنسار 45، نىكاھ 5، ئەيمان 23، ھىيەل 1؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 155؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، تالاق 11؛ تىرمىزى، سۇنەن، فەزائىلۇل جىھاد 16؛ نەسەئى، سۇنەن، تاھارەت 60.

② بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 62، 63؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 87؛ نەسەئى، سۇنەن، جەنائىز 73.

③ بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 4، 54، 60، 64؛ مەناقىبۇل ئەنسار 48؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 62، 63، 64؛ مالىك ئىبنى ئەنەس، مۇۋەتتا، جەنائىز 14؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 62؛ تىرمىزى، سۇنەن، جەنائىز 37؛ نەسەئى، سۇنەن، جەنائىز 76.

④ بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 56.

تاشلىغاندىن كېيىن ئوڭ قولىنى سول قولى ئۈستىگە قويۇپ تۇرىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مېيىت نامىزىدا تەكبىر ئېيتىپ بىرىنچى تەكبىردە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى»[①].

4- مېيىتقا دۇئا قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىرەر مېيىتقا جىنازا نامىزى ئوقۇساڭلار، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن دۇئا قىلىڭلار» دېگەن[②].

تۆۋەندىكى دۇئالاردىن بىرىنى ئوقۇسا بولىدۇ:

① «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنى ئامان-ئېسەن قىلغىن[③]، ئۇنى ئەپۇ قىلغىن، ئاخىرەتتىكى جايىنى ئېسىل قىلغىن[④]، قەبرىسىنى كەڭ قىلغىن، گۇناھلىرىنى سۇ، قار ۋە مۆلدۈرلەر بىلەن يۇغىن، ئۇنى خاتالىقلىرىدىن ئاق كىيىمنى كىردىن پاكلىغىنىڭدەك پاكلىغىن، ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيىدىن ياخشى ئۆي، ئۆز ئەھلىدىن ياخشى ئەھل، ئۆز جۈپتىدىن ياخشى جۈپ ئاتا قىلغىن، ئۇنى جەننەتكە داخىل قىلغىن، ئۇنى قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».

---

① تىرمىزىي، سۈنەن، جەنائىز 76.

② ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 60؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، جەنائىز 23.

③ ئۇنى قىيىنچىلىقلاردىن ساقلىغىن.

④ يەنى جەننەتتىكى نېسىۋىسىنى ئېسىل قىل. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلًا﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ﴾ — 18- سۈرە كەھف، 107- ئايەت.

ئەۋف، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بىر مېيىت ئۈچۈن بۇ دۇئالارنى ئوقۇغانلىقى ئاڭلاپ: «كاشكى، ئاشۇ مېيىت مەن بولۇپ قالسامچۇ؟!» دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم، دەيدۇ. ئەۋف يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن يۇقىرىقى دۇئالارنى رەسۇلۇللاھنىڭ بىر مېيىتقا ئوقۇغان دۇئالىرى ئىچىدىن يادلىۋالغان ئىدىم[1].

② «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئۆلۈك ۋە تىرىكلىرىمىزگە، چوڭ ۋە كىچىكلىرىمىزگە، ئەر ۋە ئاياللىرىمىزغا، بۇ يەرگە ھازىر بولغانلىرىمىز ۋە ھازىر بولمىغانلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزدىن كىمنى تىرىك قالدۇرساڭ، ئۇنى ئىسلام بىلەن تىرىك قالدۇرغىن، كىمنى ۋاپات قىلدۇرساڭ، ئۇنى ئىمان بىلەن ۋاپات قىلدۇرغىن»[2].

③ «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئۆلۈك ۋە تىرىكلىرىمىزگە، چوڭ ۋە كىچىكلىرىمىزگە، ئەر ۋە ئاياللىرىمىزغا، بۇ يەرگە ھازىر بولغانلىرىمىز ۋە ھازىر بولمىغانلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزدىن كىمنى تىرىك قالدۇرساڭ، ئۇنى ئىمان بىلەن تىرىك قالدۇرغىن، كىمنى ۋاپات قىلدۇرساڭ، ئۇنى ئىسلام بىلەن ۋاپات قىلدۇرغىن. بىزنى ئۇنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قويمىغىن. بىزنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئازدۇرۇۋەتمىگىن»[3].

④ «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنى مۆلدۈرلەر (راھەت بېغىشلايدىغان رەھمەتلىرىڭ)

---

① مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 85؛ تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 38؛ نەسەئى، سۈنەن، جەنائىز 77.

② تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 37.

③ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 60.

بىلەن يۇغىن، ئۇنى كىيىم يۇيۇلۇپ پاكىزلانغاندەك يۇيۇپ پاكىزلىغىن»[1].

⑤ «ئى ئاللاھ! پالانچىنىڭ بالىسى پالانچى سېنىڭ ئامانلىقىڭدا ۋە سېنىڭ پاناھىڭدىدۇر، ئۇنى قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن، سەن ۋاپالىقسەن، مەدھىيەگە لايىقسەن. ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن، چۈنكى سەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مېھرىبان زاتتۇرسەن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېيىت نامىزىنىڭ دۇئاسىنى مېيىت نامىزى ئىچىدە قانداق يەردە ئوقۇش توغرىلىق ھېچبىر مەلۇمات كەلمىگەن. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىت نامىزى دۇئاسى ئۈچۈن مېيىت نامىزى ئىچىدىن مۇقىم ئورۇن بەلگىلەپ بەرمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شەۋكانى (ر.ھ) مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ دۇئالارنىڭ مۇقىم ئورنى توغرىسىدا بىر مەلۇمات يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مېيىت نامىزى ئوقۇغان ئادەم خالىسا ئۇ دۇئالارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئوقۇيدۇ، خالىسا تەكبىرلەردىن كېيىن ئوقۇيدۇ، خالىسا بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن، ياكى ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن، ياكى ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن ئوقۇيدۇ. خالىسا تەكبىرلەرنىڭ ئارىسىدا بۆلۈپ ئوقۇيدۇ، خالىسا ھەر ئىككى تەكبىرنىڭ ئارىسىدا بىر دۇئا ئوقۇيدۇ. بۇنداق ئوقۇغاندا بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن

① تىرمىزى، سۇنەن، جەنائىز 38.
② ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 60؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، جەنائىز22.

رىـۋايەت قىلىنغـان ھەدىسـلەرگە تولـۇقى بىـلەن ئەمەل قىلغـان بولىدۇ»[1].

5. نامازدىن چىقىش ئۈچۈن سالام بېرىش. يەنـى مېيىـت نامىزى ئوقۇغان كىشى ئـادەتتىكى نامـازلاردىكىگە ئوخشاشـلا ئـوڭ تەرەپتىن بىر، سول تەرەپتىن بىـر، جەمئىي ئىككـى سـالام بېرىـپ مېيىـت نامىزىـدىن چىقىـدۇ. بـۇ ھەقتە ئابـدۇللاھ ئىبنـى مەسئۇد رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: «ھـــازىرقى كىشـــلەر قىلمايۋاتقان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغـان ئـۈچ خىـل ياخشـى ئىـش بـار بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ بىـرى: مېيىـت نامىزىـدا ئادەتتىكى نامازلاردىكى سالامغا ئوخشاش سالام بېرىشتۇر»[2].

مۇناسـىۋەتلىك ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئـادەتتىكى نامـازلاردا ئىككـى يانغـا سـالام بېرىـدىغانلىقى ئېنىـق بايـان قىلىنغـان[3]. ئۇنـداقتا «ئـادەتتىكى نامـازلاردىكى سـالامغا ئوخشاش سالام بېرىش»نىـڭ مەنىسـى، مېيىـت نامىزىـدىكى سـالام ئـادەتتىكى نامـازلاردىكى سـالامغا ئوخشـاش ئىككـى يانغـا سـالام بېرىشتۇر، دېمەكتۇر.

مېيىــت نــامىزىنى بىــر يــانغىلا ســالام بېرىــپ تۈگەتىــشمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئەبـۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىـۋايەت قىلىـپ

---

① مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ شەۋكانى (ۋاپاتى: 1250 ھ)، نەيلۇل ئەۋتار، 74/7.

② ئەلبانى ئېيتىدۇ: بۇ ھەدىسنى بەيھەقى (34/4) ھەسەن سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان. نەۋەۋي (239/5) ئېيتىدۇ: بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ئەھسەن. «مەجمەئۇز زاۋائىد» (34/3) دېگەن كىتابتا: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «كەبىر» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىلىرى ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر، دېيىلگەن.

③ مۇسلىم، سەھىھ، مەساجىد ۋە مەۋازىئۇسسالات 119. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 394/1. نەسەئى، سۇنەن، سەھۋ 70.

ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مېيىت نامىزىنى تۆت تەكبىر ئېيتىپ، بىر سالام بېرىپ ئوقۇغان»[1].

### ④ شەكلى

مېيىت يۇيۇلۇپ، كېپەنلەنگەندىن كېيىن جىنازىغا قويۇلۇپ نامازگاھقا كەلتۈرۈلىدۇ ۋە قىبلە تەرەپتە قويۇلىدۇ. ئىمام جىنازا بىلەن جامائەتنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرىدۇ، جامائەت ئىمامنىڭ ئارقىسىدا سەپ بولۇپ تۇرىدۇ[2].

ئىمام ئاندىن شۇ مېيىتقا دۇئا ۋە ئىستىغپار ماھىيىتىدە بىر ناماز ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ (نىيەت قىلىپ) ئۈنلۈك «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا شۇرۇئ قىلىدۇ (باشلايدۇ). جامائەتمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا شۇرۇئ قىلىدۇ. ئىمام بۇ تەكبىرنى ئېيتىپ بىر مۇددەتتىن

---

① ئەلبانى ئېيتىدۇ: بۇ ھەدىسنى دارۇلقۇتنى (191) رىۋايەت قىلغان، ھاكىم رىۋايەت قىلغان (360/1). ھاكىمدىن بەيھەقى (43/4) رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ھەسەندۇر. مەن بۇنى «ئەتتەئلىقاتۇل جىياد»ناملىق كىتابتا بايان قىلدىم.

② بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇ ھەدىستۇر: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىنداشلار نەجاشى ۋاپات بولدى. تۇرۇڭلار ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈڭلار» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىزنى مېيىت نامىزىدا، نورمال نامازدا سەپكە تۇرغۇزغاندەك سەپكە تۇرغۇزۇپ نەجاشىنىڭ نامىنىڭ چۈشۈردى دېگەن. بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەبەشىستانلىق سالىھ بىر كىشى ۋاپات بولدى» دېگەن ۋە دەرھال نامىزىنى چۈشۈرگەن. رىۋايەت قىلغۇچى ئېيتىدۇ: بىز شۇ ۋاقىتتا سەپ باغلاپ تۇردۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. - بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 54؛ مۇسلىم، سەھىھ، جەنائىز 87، 88؛ نەسەئى، سۇنەن، جەنائىز 72؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 57؛ تىرمىزى، سۇنەن، جەنائىز 45؛ ئىبنى ماجە، سۇنەن، جەنائىز 21.

كېيىن ئـۈچ قېتىم ئۈنلـۈك تەكبىـر ئېيتىـدۇ، تەكبىرلەرنىـڭ ئارىسـىدا بىرئـاز ۋاقىـت ئۆتـىدۇ. جامـائەتمۇ ئىمامغـا ئەگىشـىپ ئىچىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ.

ئىمـام ۋە جامـائەت بـۇ تەكبىرلەرنىـڭ ئارىسـىدا مېيىـت ئۈچـۈن يۇقىرىـدىكى دۇئـالارنى ئوقۇيـدۇ. چـۈنكى بـۇ دۇئالارنىـڭ ئـورنى توغرىسـىدا يۇقىرىـدا بايـان قىلىنغىنىمـىزدەك، ئالاھىـدە بىـر بەلگىلىمە يوق.

ئىمـام ۋە جامـائەت بىرىنچـى تەكبىـردىن كېيىـن فـاتىھە سۈرىسـىنى، ئىككىنچـى تەكبىـردىن كېيىـن دۇرۇت، ئـۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن مېيىت ئۈچۈن دۇئا ئوقۇسىمۇ بولىـدۇ. چـۈنكى تۆۋەندىكى رىـۋايەت بۇنىڭغـا دالالەت قىلىـدۇ: ئەبـۇ ئۇمـامە ئىبنـى سـەھل مۇنـداق دەيـدۇ: ماڭـا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ سـاھابىلىرىدىن بىـر كىشـى مۇنـداق دەپ بەردى: جىنـازا نامىزىدىكى سۈننەت (قائىـدە) شـۇكى، ئىمـام بىرىنچـى تەكبىرنـى ئېيتىپ ئىچىدە فاتىھە سۈرىسـىنى ئوقۇيـدۇ. ئانـدىن رەسـۇلۇللاھقا دۇرۇت ئېيتىـدۇ، قالغـان تەكبىـرلەردىن كېيىـن مېيىـت ئۈچـۈن چىـن قەلبىـدىن دۇئـا قىلىـدۇ ۋە بـۇ تەكبىـرلەردىن كېيىـن قۇرئاندىن بىر نەرسە ئوقۇمايدۇ. ئاندىن ئىچىدە سالام بېرىدۇ[1].

ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىـر جىنـازا نـامىزى ئوقۇدى ۋە نامازدا فـاتىھە سۈرىسـىنى ئوقـۇدى. بـۇ توغرىـدا ئىبنـى ئاباسـتىن سـوئال سـورالغان ئىـدى، ئـۇ: «فـاتىھە ئوقۇشـنىڭ

---

① شەۋكانى، نەيلۇل ئەۋتـار 69/4؛ بەيھەقـى، ئەسسـۇنەنۇل كـۇبرا 39/4؛ مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى (1420 ھ )، ئەھكامۇلجەنائىز 155.

سۈننەتلىكنى (يولغا قويۇلغانلىقنى) بىلىۋالسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

**خۇلاسە:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېيىت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ بەرمەسلىكى، مېيىت نامىزىدا ئۆزىنىڭ فاتىھە ۋە دۇرۇت ئوقۇغانلىقى، ياكى بۇنى ئەمر قىلغانلىقى توغرىسىدا بىر مەلۇماتنىڭ يوقلۇقى، ئىبنى ئابباس ئوقۇغان مېيىت نامىزىغا ھازىر بولغانلارنىڭ ئىچىدىن مېيىت نامىزىدا فاتىھە سۈرىسى ئوقۇشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدىن ئىبنى ئابباستىن باشقىلارنىڭ خەۋەردار ئەمەسلىكى، مېيىت نامىزىدا فاتىھە سۈرىسى ۋە دۇرۇت ئوقۇشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى ئەبۇ ئۇمامە ئىبنى سەھلگە خەۋەر قىلغان كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ نامەلۇملۇقى قاتارلىقلار دالالەت قىلىدۇكى:

1- مېيىت نامىزى ئوقۇش ناھايىتى ئاساندۇر. يەنى مېيىت نامىزىنى تۆت تەكبىر كەلتۈرۈپ، بۇ تەكبىرلەرنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان دۇئالارنى ئوقۇپ ئوقۇشىقىمۇ بولىدۇ. بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن فاتىھە، ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن دۇرۇت، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى تەكبىرلەردىن كېيىن مېيىت ئۈچۈن دۇئا ئوقۇپ تاماملاشقىمۇ بولىدۇ.

2- مېيىت نامىزىدا فاتىھە ئوقۇش ئۇنچە مۇھىم ئىش ئەمەس. ئەگەر مۇھىم بولسا ئىدى، بۇنى پەيغەمبىرىمىز ئىشنىڭ بېشىدىلا ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن بولاتتى، بۇلاردىن بارلىق

① بۇخارى، سەھىھ، جەنائىز 65؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 59؛ نەسەئى، سۈنەن، جەنائىز 77؛ تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 39.

ساھابىلەر خەۋەردار بولغان بولاتتى، شۇنداقلا ئىبنى ئابباس مېيىت نامىزىدا فاتىھە سۈرىسى ئوقۇغاندا ھېچكىم ھەيران قالمىغان بولاتتى.

### 3) نامازدىن دەپنىگىچە

مېيىتقا ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى دەپنە قىلىش (تۇپراق ئاستىغا كۆمۈش) كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى قابىلغا بىر قاغا ئەۋەتىپ ئۆگەتكەن. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

﴿فَبَعَثَ اللَّهُ غُرَابًا يَبْحَثُ فِي الْأَرْضِ لِيُرِيَهُ كَيْفَ يُوَارِي سَوْءَةَ أَخِيهِ قَالَ يَا وَيْلَتَا أَعَجَزْتُ أَنْ أَكُونَ مِثْلَ هَذَا الْغُرَابِ فَأُوَارِيَ سَوْءَةَ أَخِي فَأَصْبَحَ مِنَ النَّادِمِينَ﴾

﴿ئۇ ئەسنادا ئاللاھ بىر قاغا ئەۋەتتى، قاغا يەرنى چوقۇيتتى. بۇ ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ: «ۋاي ئىسىت! مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇپ، قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمەلمەپتىمەن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى﴾[1].

تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ:

﴿مِنْهَا خَلَقْنَاكُمْ وَفِيهَا نُعِيدُكُمْ وَمِنْهَا نُخْرِجُكُمْ تَارَةً أُخْرَى﴾

---

① 5- سۈرە مائىدە، 31- ئايەت.

﴿سىلەرنى زېمىندىن ياراتتۇق، سىلەرنى زېمىننىڭ ئىچىگە قايتۇرىمىز، سىلەرنى يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز﴾[1].

**﴿أَلَمْ نَجْعَلِ الْأَرْضَ كِفَاتًا ۞ أَحْيَاءً وَأَمْوَاتًا﴾**

﴿بىز زېمىننى تىرىكلەرنى ۋە ئۆلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قىلمىدۇقمۇ؟﴾[2].

**﴿ثُمَّ أَمَاتَهُ فَأَقْبَرَهُ﴾**

﴿ئاندىن ئۇنى ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈپ قەبرىگە قويىدۇ﴾[3].

يۇقىرىقى ئايەتلەر مېيىتنى نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ دەپنە قىلىشنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ. تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەردىن نامازگاھتىن مېيىت دەپنە قىلىنىدىغان يەرگىچە قىلىنىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز:

1ـ مېيىتقا ناماز ئوقۇلۇپ بولغان ھامان جىنازا دەرھال قەبرىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىنازىنى تېز ئېلىپ مېڭىڭلار، ئەگەر مېيىت ياخشى بەندە بولسا، ئۇنى ياخشى ئەمىلىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشكە تېز ئېلىپ ماڭغان بولىسىلەر، ئەگەر ئۇ يامان بەندە بولسا،

---

①20ـ سۈرە تاھا، 55ـ ئايەت.

② 77ـ سۈرە مۇرسەلات، 25~26ـ ئايەت.

③ 80ـ سۈرە ئەبەسە، 21ـ ئايەت.

مـــۇرەڭلەردىن يامـــان ئـــادەمنى تېـــزرەك چۈشـــۈرۈۋەتكەن بولىسىلەر»①.

2. مېيىـــت قەبـــرىگە ئـــايىغى تۇرىـــدىغان تەرەپـــتىن كىرگۈزۈلـــىدۇ. ئەبـــۇ ئىســـھاق رىـــۋايەت قىلىـــپ مۇنـــداق دەيـــدۇ: ھـارىس «مەن ئۆلـۈپ قالسـام نـامىزىمنى ئابـدۇللاھ ئىبنـى يەزىـد چۈشۈرسـۇن» دەپ ۋەسـىيەت قالـدۇرغان ئـىدى. ھـارىس ئۆلـۈپ قالغانـدا نـامىزىنى ئابـدۇللاھ ئىبنـى يەزىـد چۈشـۈردى، قەبـرىگە ئىككـى پـۇتى تۇرىـدىغان تەرەپـتىن كىرگـۈزدى: ۋە «مانـا بـۇ، سـۈننەت»②. مانـــا بـــۇ، ئەۋزەل» دېـــدى. بـــۇ، ئىشـــنىڭ ئەۋزەل تەرىپىدۇر، لېكىن مېيىتنـى مۇمكىن بولغـان شـەكىلدە يەرلىكـدە قويۇۋېتىشمۇ بولىدۇ.

3. مېيىتنى قەبرىگە ئېلىـپ كىـرگەن كىشـى: «ئاللاھنـىڭ نامى بىـلەن ۋە رەسـۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بـويىچە» دەيـدۇ. ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىـۋايەت قىلىـپ شـۇنداق ئېتـىدۇ: پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مېيىتنـى قەبـرىگە قويسـا «ئاللاھنـىڭ نامى بىلەن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە» دەيتتى③.

4. مېيىـت قەبرىسـىدە ئـوڭ يېنىنـى باسـتۇرۇپ، قىـبلىگە يۈزىنى قىلـدۇرۇپ ياتقۇزۇلـىدۇ. بـۇ توغرىـدا مۇنـداق بىـر رىـۋايەت

---

① بۇخـارى، سـەھىھ، جەنـائىز 51؛ مۇسـلىم، سـەھىھ، جەنـائىز 50، 51؛ تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 30؛ ئەبـۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنـائىز 50؛ ئىبنـى مـاجە، سۈنەن، جەنائىز 15؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 240/2.

② ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، جەنائىز 67.

③ تىرمـىزى، سـۈنەن، جەنـائىز 54؛ ئەبـۇ داۋۇد، سـۈنەن، جەنـائىز 69؛ ئەھـمەد ئىبنـى ھەنـبەل، مۇسـنەد 27/2، 59، 69، 127؛ ئىبنـى مـاجە، سـۈنەن، جەنـائىز 38. ھەدىسـنىڭ بـۇ لەۋزى سـۈنەنى ئەبـى داۋۇددىـن ئېلىنـدى. تىرمىزىنىڭ بىر رىۋايىتىدە «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن، ئاللاھ بىـلەن ۋە رەسـۇلۇللاھ يولى بويىچە» دېگەن دەپمۇ زىكىر قىلىنىدۇ.

بار: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «چوڭ گۇناھلار قايسىلار؟» دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «توققۇز» دەپ بىر-بىرلەپ ساناپ كېلىپ ...«بەيتۇللاھنى ھالال ساناش. ئۇ، مەيلى ئۆلۈك مەيلى تىرىك بولۇڭلار سىلەرنىڭ قىبلەڭلاردۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

بۇ ھەدىستىن بەيتۇللاھنىڭ، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قىبلىمىز ئىكەنلىكى ئوچۇق بىلىنىدۇ. مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندا يۈزى قىبلىگە قارىتىپ قويۇلسا بەيتۇللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىبلە بولغان بولىدۇ.

## 4) دەپنىدىن كېيىن

1- تۇپراق بېسىدىكىلەر مېيىتنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى ۋە سوئال-سوراقتا توغرا جاۋاب بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. چۈنكى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مېيىت قەبرىسىدە سوئال-سوراققا تارتىلىۋاتقان بولىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، قەبرە يېنىدا بىر ئاز تۇراتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:

«قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ (سوئال-سوراق) ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىنى تىلەڭلار، چۈنكى ئۇ ھازىر سوئال-سوراق قىلىنىۋاتىدۇ»[2].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، ۋەسايا 10.
[2] ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، جەنائىز 73.

2. مېيت ئەھلىگە دەپنىدىن بۇرۇن تەزىيە بىلدۈرگەنگە ئوخشاش دەپنىدىن كېيىنمۇ ئۇلارغا تەزىيە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قېرىندىشىنىڭ مۇسىبىتىگە تەزىيە بىلدۈرگەن[1] مۇئمىنغا ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئېسىل تونلاردىن كىيدۈرىدۇ»[2].

3. مېيىتنىڭ ئائىلىسىگە تاماق تەييارلاپ ئەكېلىپ بېرىش ياخشى ئىشتۇر. بۇنى ئۇلارنىڭ يېقىندىكى تۇغقانلىرى، قولۇم-قوشنىلىرى ۋە دوست-بۇرادەرلىرى قىلىشى لازىم. چۈنكى مېيت چىققان ئۆي ئەھلى ئىچ پۇشۇقى ۋە ئۆز مەشغۇلىيىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ قورسىقى ئاچ قېلىشى، شۇنداقلا بۇنى ھېس قىلماي ئاجىزلاپ كېتىشى، ھەتتا كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن دىنىمىز مۇسۇلمانلارنى ئاشۇنداق كۈنلەردە بىر-بىرىنى يالغۇز قويماسلىققا تەشۋىق قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: جەئفەرنىڭ ۋاپات تاپقانلىق خەۋىرى رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە ئۇ: «جەئفەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا تاماق

---

① تەزىيە بىلدۈرۈش مۇسىبەتلىك كىشىگە تەسەللىي بېرىش، ئۇنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەش ۋە ئۇنىڭدىن ھال سوراش دېمەكتۇر.

② ئىبنى ماجە، سۈنەن، جەنائىز 56؛ تىرمىزى، سۈنەن، جەنائىز 72، 75؛ نەسەئى، سۈنەن، جەنائىز 120.

تەييارلاڭلار، چۈنكى ئۇلارغا ئۆز ئىشىدىن مەشغۇل قىلىدىغان ھادىسە كېلىپ قالدى» دېگەن[1].

مېيىت چىققان ئۆيدە مېيىتنىڭ ئائىلىسىدىن ھېسابلانمايدىغان كىشىلەرنىڭ تاماق يېيىشى تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىدىن خالىي بولمايدۇ:

1ـ مېيىت چىققان ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۆي ئەھلىنى تاماق تەييارلاشقا ۋە داستىخان سېلىشقا زورلاش. بۇ ئۇلارنىڭ مۇسىبىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ.

2ـ تەقسىم قىلىنمىغان مىراستىن ئەتكەن تاماقلارنى يېيىش. ئەگەر ۋارىسلارنىڭ ئىچىدە يېتىم بولسا، بۇ تاماقتىن ۋارىسلاردىن باشقىلارنىڭ يېيىشى ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ تاماقنىڭ ئىچىدە يېتىمنىڭ ھەققى بار.

3ـ مېيىت ئەھلىگە قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ تەييارلاپ ئەكەلگەن تاماقلىرىنى يېيىشىپ بېرىش. بۇمۇ بىر ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ، ھەتتا مېيىت ئەھلىنىڭ ھەققىنى يېگەنلىك بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مېيىت چىققان ئۆيدىن بىر نەرسە يەپ-ئىچىش ياخشى ئىش ھېسابلانمايدۇ.

---

① ئىبنى ماجە، جەنائىز 59؛ ئەبۇ داۋۇد، جەنائىز 60؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 205/2.

# يەتتىنچى بۆلۈم
# سوئال-جاۋابلار

## بالاغەتكە يېتىش يېشى قانچە؟

سوئال: ناماز قانچە ياشتا پەرز بولىدۇ؟

جاۋاب: دىنىمىزدا ئىبادەت مەسئۇلىيىتى بالاغەتكە يېتىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن قەلەم (مەسئۇلىيەت) كۆتۈرۈلىدۇ (يەنى ئۇلارغا گۇناھ ياكى ساۋاب يېزىلمايدۇ): ئۇخلىغان كىشىدىن تاكى ئۇ ئويغانغۇچىلىك، نارەسىدە بالىدىن تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكۈچىلىك، ئەقلى يوقالغان كىشىدىن تاكى ئۇ ئەقلىگە كەلگۈچىلىك»[1].

نامازمۇ باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى جايىدا بولغان ئەر-ئايال ھەممە مۇسۇلمانغا پەرز بولىدۇ. باللارنىڭ بالاغەتكە يېتىش يېشىغا كەلسەك، ئوغۇللار ئىھتىلام بولۇشقا باشلىغان چېغىدا، قىزلار ئادەت كۆرۈشكە باشلىغان چېغىدا بالاغەتكە يەتكەن بولىدۇ. بالاغەتكە يېتىشنىڭ باشلىنىشى قىزلار ئۈچۈن توققۇز، ئوغۇللار ئۈچۈن ئون ئىككى ياش ئەتراپىدىدۇر.

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كۆز قارىشىچە، ئوغۇللار ئون سەككىز، قىزلار ئون يەتتە يېشىنى توشقۇزغاندا، باشقا كۆپچىلىك فىقھ ئۆلىمالىرىنىڭ كۆز قارىشىچە، قىز بولسۇن،

---

① تىرمىزى، سۈنەن، ھۇدۇد 1. بۇ مەنىدىكى ھەدىس ئۈچۈن قاراڭ: بۇخارى، سەھىھ، تالاق 11، ھۇدۇد 22؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، ھۇدۇد 17؛ نەسەئى، سۈنەن، تالاق 21؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، تالاق 15؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 1/116، 118.

ئوغـۇل بولسـۇن بـالىلار ئـون بەش ياشـنى توشـقۇزغان چاغـدا بالاغەتكە يەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ[1].

بـۇ ياشـقا كىرگـۈچە ئـادەت كـۆرمىگەن قىـز ۋە ئىھـتىلام بولمىغـان ئوغـۇل بـالاغەتكە يەتـكەن بولىـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئۇلارنىـڭ بـۇ ياشتا نامـاز ئوقۇشـى پەرز بولىـدۇ. لېكىن 15 ياشـقا كىرىشـتىن بـۇرۇن ئـادەت كـۆرگەن قىـز، 15 ياشـقا كىرىشـتىن بـۇرۇن ئىھـتىلام بولغـان ئوغـۇل شـۇ چاغـدا بـالاغەتكە يەتـكەن بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشى پەرز بولىدۇ.

## نامازغا قانداق نىيەت قىلىنىدۇ؟

سوئال: نامازدا نىيەت قانـداق بولۇشـى كېـرەك؟ مەسـىلەن: پەرز نامـاز ئوقۇمـاقچى بولسـا «نـىيەت قىلـدىم ئـۆتەرمەن، پـالانى نامازنىڭ مـانچە رەكـئەت پەرزىنـى...»، سۈننەت نامـاز ئوقۇمـاقچى بولسـا «نـىيەت قىلـدىم ئـۆتەرمەن، پۈسـتانى نامازنىـڭ سۈننىتىنى...» دەپ نىيەت قىلىش كېرەكمۇ؟

جاۋاب: كىتابىمىزنىـڭ «نامازنىـڭ شـەرتلىرى» بۆلۈمىنىـڭ «نـىيەت» قىسـمىدا ئوتتۇرىغـا قـويغىنىمىزدەك، نامـازدا نـىيەت قايىسـى نامـازنى ئوقۇمـاقچى بولغـانلىقىنى كۆڭـۈلگە پۈكمەكتـۇر. نامازنىـڭ نىيىتىنىـڭ ئەرەبچە، پارسچە ۋە يـاكى باشـقا بىـر تىلـدا تەلەپپۇز قىلىنىشى شـەرت ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبىرىمىـز نامازغا تۇرغانـدا «نـىيەت قىلـدىم، ئـۆتەرمەن، پـالانى نامازنىـڭ مـانچە رەكـئەت پەرزىنـى، يـاكى پۈسـتانى نامازنىـڭ مـۇنچە رەكـئەت سۈننىتىنى...» دېـگەن شـەكىلدە نـىيەت قىلمىغـان. ساھابىلەرمۇ

[1] ئەلى بـارداق ئوغلـۇ، «بۇلـۇغ»، ديـانەت ئىسـلام ئېنسىكلوپېدىيەسـى، ئىستانبۇل، 1992، 6ـ جىلد، 414ـ بەت.

بۇ شەكىلدە نىيەت قىلمىغان. يەنە كېلىپ نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر، ئەسلا تىل ئەمەستۇر. تىل بىلەن نىيەت قىلىنمايدۇ، سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز نىيەت ھەققىدە «ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىق» دېگەن[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نامازنى ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ ئۇ نامازنى باشلاش ئەسناسىدا شۇ نامازنى ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈشى ئۇنىڭ نىيەت قىلىشىدۇر. يەنى ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشىنىڭ قايسى نامازنى ئوقۇسا ئوقۇسۇن «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن، پالانى نامازنىڭ مانچە رەكئەت پەرزىنى ياكى سۈننىتىنى...» دېگەن شەكىلدە نىيەت قىلىش شەرت ئەمەس.

## بىر تاھارەت بىلەن قانچە ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ؟

سوئال: بىر تاھارەت بىلەن ئەڭ كۆپ بولغاندا قانچە ۋاخ ناماز ئوقۇغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: تاھارەت نامازنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بىر تاھارەت سۇنۇپ كەتمىگەنلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن قىلىنىدىغان ناماز ھەققىدە ھېچقانداق سان چەكلىمىسى يوق. بىر تاھارەت بىلەن خالىغىنىڭىزچە ناماز ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ھەدىس مۇنداق:

سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر

---

① بۇخارى، سەھىھ، بەدئۇلۋەھيى 1، ئىمان 41؛ مۇسلىم، سەھىھ، ئىمارەت 155 (1907)

ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان كۈنى پۈتۈن نامازلارنى بىر تاھارەت بىلەن ئوقۇدى ۋە ئاياغ كىيىمىنىڭ ئۈستىگە مەسىھ قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: يا رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن بۈگۈن ھازىرغىچە قىلمىغان بىر ئىشنى قىلدىڭ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەن بۇنى قەستەن قىلدىم، يا ئۆمەر!» دېدى[1].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ «مەن بۇنى قەستەن قىلدىم» دېيىشى بىر تاھارەت بىلەن بىردىن ئارتۇق نامازنى ئوقۇشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

بۇخارىدىمۇ ھەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ، ھەم ساھابە كىرامنىڭ سۈنۈپ كەتمىگەن مۇددەت ئىچىدە بىر تاھارەت بىلەن بىرقانچە ۋاخ نامازنى ئوقۇغانلىقى زىكىر قىلىندۇ[2].

## مەككە دەۋرىدە ناماز تاھارەتسىز ئوقۇلغانمۇ؟

سوئال: ناماز ھىجرەتتىن ئىلگىرى پەرز قىلىنغانلىقىغا ۋە تاھارەت ئايىتىنىڭ مەدىنىدە نازىل قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا مەككىدە نامازلار تاھارەتسىز ئادا قىلىنغانمىدى؟

جاۋاب: تاھارەت بىلەن ناماز پەقەت بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۈنىڭ ئۈممىتىگىلا ئەمەس، ئەكسىچە ھەر پەيغەمبەرگە ۋە ھەر ئۈممەتكە پەرز قىلىنغان. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى:

---

① مۇسلىم، سەھىھ، تاھارەت 86 (277).

② بۇخارى، سەھىھ، ۋۇدۇئ 54.

رەسۇلۇللاھ سۇ كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى ۋە تاھارەت ئەزالىرىنى بىرەر قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالدى، ئاندىن: «بۇ بىر تاھارەتكى، بۇنى ئالمىغان كىشىنىڭ نامىزىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى. ئاندىن ئىككى قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالدى ۋە: «بۇ بىر تاھارەتكى، بۇنى ئالغان كىشىگە ئاللاھ ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالدى ۋە: «بۇ مېنىڭ تاھارىتىمدۇر ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ تاھارىتىدۇر» دېدى①.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «بۇ مېنىڭ تاھارىتىمدۇر ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ تاھارىتىدۇر» دېگەنلىكىدىن قارىغاندا مەككىلىكلەر تاھارەتنى ۋە نامازنىڭ تاھارەت بىلەن ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى ئىدى.

زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىم ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن چېغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاھارەتنى ۋە نامازنى ئۆگەتكەن②.

پۈتۈن مۇسۇلمان ئۆلىمالار تاھارەت مەككىدە ناماز بىلەن بىرلىكتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگىتىشى ئارقىلىق پەرز

---

① ئىبنى ماجە، سۇنەن، تاھارەت 47؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 98/2.

② ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد 161/4.

قىلىنغان، تاھارەت ئايىتى (مائىدە سۈرىسىنىڭ 6- ئايىتى) نازىل بولۇپ مەۋجۇت ھۆكۈمنى تەكىتلىگەن دەپ قارايدۇ[1].

## مۇقەددىمە-ئاخىر ئوقۇپ سالسا قانداق بولىدۇ؟

سوئال: نامازدا فاتىھەدىن كېيىن، كېيىنكى سۈرىنى ئاۋۋالقى رەكئەتتە، ئىلگىرىكى سۈرىنى كېيىنكى رەكئەتتە ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: نامازدا فاتىھەدىن كېيىنكى قىرائەتنى (قۇرئان ئوقۇشنى) قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىگە رىئايە قىلىپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئايەتلەرنىڭ ۋە سۈرىلەرنىڭ ئارىسىدا مۇناسىۋەتلەر بار. قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىگە رىئايە قىلىنمىغاندا ئۇ مۇناسىۋەتلەرگە دەخلى يېتىدۇ.

نامازدا فاتىھەدىن كېيىن قۇرئاننىڭ قانداقلا بىر يېرىدىن ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ جائىز تەرىپىدۇر. يەنى فاتىھەدىن كېيىن قۇرئان كەرىمنىڭ تەرتىپىگە رىئايە قىلماي خالىغانچە سۈرە ئوقۇسىمۇ نامازغا دەخلىسى بولمايدۇ. ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ھەدىس كىتابىنىڭ «كىتابۇل ئەزان» بۆلۈمىدىكى 106- بابتا ئابدۇللاھ ئىبنى سائىبدىن مۇنداق زىكىر قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىدا «مۇئمىنۇن» سۈرىسىنى ئوقۇدى. ئۇ، ئوقۇپ تا

[1] ئابدۇلقادىر شەنەر، «ئابدېست (تاھارەت)»، تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 1- جىلد، 69- بەت.

مۇسا ۋە ھارۇننىڭ ياكى ئىيسانىڭ قىسسىسىگە كەلگەندە يۆتەل تۇتتى ۋە رۇكۇغا كەتتى»[1].

ئۆمەر بىرىنچى رەكئەتتە سۈرە بەقەرەدىن 120 ئايەت، ئىككىنچى رەكئەتتە مەسانىيدىن[2] بىر سۈرە ئوقۇدى.

ئەھنەف بىرىنچى رەكئەتتە كەھف سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە يۇنۇس سۈرىسىنى ياكى يۇسۇف سۈرىسىنى ئوقۇدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆمەر بىلەن بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇپ بامدات نامىزى ئوقۇغانلىقىنى زىكىر قىلدى.

ئىبنى مەسئۇد بىرىنچى رەكئەتتە ئەنفال سۈرىسىدىن 40 ئايەت، ئىككىنچى رەكئەتتە مۇفەسسەلدىن بىر سۈرە ئوقۇدى[3].

قەتادە ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سۈرىنى ئوقۇغان، ياكى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سۈرىنى تەكرارلىغان كىشى توغرىسىدا: «ھەممىسى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر» دېگەن.

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (سابىتتىن، سابىت ئەنەستىن رىۋايەت قىلىپ) مۇنداق دەيدۇ:

ئەنسارلاردىن بىر كىشى قۇبا مەسجىدىدە ئۇلارغا (ئەنسارلارغا) ئىماملىق قىلاتتى. ئۇ كىشى نامازدا قايسى سۈرىنى ئوقۇماقچى بولسا، ئالدى بىلەن «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى

---

① دېمەككى، بامدات نامىزىنىڭ قىرائىتى ئۇزۇنلۇق قىلىنىدۇ.

② مەسانىي ھەققىدە پەرقلىق كۆز قاراشلار بار: بەزىلەر: مەسانىي، ئايەتلىرى 100 گە يەتمەيدىغان سۈرىلەر، دەيدۇ؛ بەزىلەر: مەسانىي، ئايەتلىرى 100گە يېتىدىغان سۈرىلەر، دەيدۇ؛ بەزىلەر: مەسانىي، ئۇزۇن يەتتە سۈرەدىن باشقا مۇفەسسەلگىچە بولغان سۈرىلەر، دەيدۇ.

③ مۇفەسسەل قۇرئان كەرىمنىڭ قاف سۈرىسىدىن باشلاپ تا ئاخىرغىچە بولغان سۈرىلىرىدۇر.

ئوقۇۋېتىپ ئاندىن ئۇ سۈرىنى ئوقۇيتتى ۋە بۇنى ھەر رەكئەتتە قىلاتتى. بۇ ھەقتە جامائەتلىرى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن بۇ سۈرە بىلەن باشلايسەن، ئاندىن بۇ يەتمىگەندەك باشقا بىر سۈرە ئوقۇيسەن. بۇنىڭدىن كېيىن يا بۇنى ئوقۇيسەن ياكى بۇنى تەرك ئېتىپ باشقىسىنى ئوقۇيسەن». بۇ كىشى ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «مەن بۇ سۈرىنى تەرك ئەتمەيمەن. خالىساڭلار سىلەرگە بۇ شەكىلدە ئىماملىق قىلىمەن، خالىمىساڭلار سىلەرنى تەرك ئېتىمەن». جامائەت بۇ كىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى دەپ بىلەتتى. ئۆزلىرىگە باشقا بىر كىشىنىڭ ئىماملىق قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئى پالانى! نېمىشقا جامائىتىڭ بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ھەر رەكئەتتە بۇ سۈرىنى ئوقۇدۇڭ؟» دېدى. ئۇ كىشى: «مەن ئۇ سۈرىنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ئۇ سۈرىنى ياخشى كۆرۈشۈڭ، سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېدى.

ئىمام بۇخارىنىڭ بۇ بابتا ئوتتۇرىغا قويغان رىۋايەتلىرى، نامازدا فاتىھەدىن كېيىن قۇرئان كەرىمنىڭ قانداق يېرىدىن ئوقۇسا، جايىز بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى رىۋايەت بولسا، فاتىھە بىلەن سۈرىنىڭ ئارىسىدا ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ جايىزلىقىغىمۇ دالالەت قىلىدۇ.

## قاتناش ۋاستىلىرىدا ناماز قانداق ئوقۇلىدۇ؟

سوئال: پويىزدا ناماز ئوقۇسام بولامدۇ؟ ئوقۇسام قانداق ئوقۇيمەن؟

جاۋاب: پويىزدا، ئايروپىلاندا ياكى باشقا بىر قاتناش ۋاستىسىدە كېتىۋېتىپمۇ نامازلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ھەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش ئۈچۈن قولدىن كەلگەننى قىلىش لازىم. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ قاتناش ۋاستىسىنى توختىتىش مۇمكىن بولماي، ناماز ۋاقتىنىڭ چىقىپ كېتىش خەۋپى بولسا، بۇ تەقدىردە نامازنى قاتناش ۋاستىسىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقۇش كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿...فَإِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالًا أَوْ رُكْبَانًا فَإِذَا أَمِنْتُمْ فَاذْكُرُوا اللَّهَ كَمَا عَلَّمَكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ﴾

﴿... ئەگەر قورقساڭلار، نامىزىڭلارنى پىيادە مېڭىۋېتىپ ياكى ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقۇڭلار. بىخەتەرلىككە ئېرىشكەن چېغىڭلاردا بولسا، ئاللاھنى سىلەرگە بىلمىگىنىڭلارنى ئۆگەتكىنى بويىچە زىكىر قىلىڭلار﴾[1].

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى «**فَإِنْ خِفْتُمْ** (ئەگەر قورقساڭلار)» دېگەن سۆزىدىكى قورقۇش ئومۇمىي بولۇپ بارلىق قورقۇنچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى خىفتۇم «**خِفْتُمْ**» پېئلىنىڭ مەفئۇلى (ھەرىكەت ئوبيېكتى)نىڭ زىكىر قىلىنماسلىقى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 239- ئايەت.

دۈشـــمەن، يىرتقــۇچ هــايۋان، ســۇ ئــاپىتى، يەر تەۋرەش، ھەمـــراھلاردىن ئايرىلـــىپ قىلـــىش، قاتنـــاش ۋاســـىتىلىرىنىڭ توختىماسلىقى ياكى چوڭ يولغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى باشـــقۇرىدىغان قاتنـــاش ۋاسىتىســـىنى توختىتالماســـلىقى قاتارلىقلارنىــڭ بىرىــدىن قورققــان كىشــى نــامىزىنى پىيــادە مېڭىۋېتىـــپ يـــاكى ئـــۇلاغ (قاتنـــاش ۋاسىتىســـى) ئۈســـتىدە كېتىۋېتىپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئوقۇسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لاَ يُكَلِّفُ اللّهُ نَفْساً إِلاَّ وُسْعَهَا﴾

﴿ئـاللاھ ھېچكىمنـى تـاقىتى يەتمەيـدىغان ئىشقا تەكلىـپ قىلمايدۇ﴾[1].

﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُم﴾

﴿ئاللاھقـــا كۈچۈڭلارنىـــڭ يېتىشـــىچە تەقۋادارلىـــق قىلىڭلار﴾[2]

يىغىـپ ئېيتقانـدا ئـايروپىلان، پـويىز، ئـاپتوبۇس قاتـارلىق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىچىدە نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالسا، ئۇ نامازنى شۇ قاتنـاش ۋاسىتىسىنىڭ ئۈسـتىدە كېتىۋېتىـپ ئوقـۇش لازىـم. تاھـارەت ئالالمىسـا تەيەممـۇم قىلىـپ، قىـبلىگە يـۈز كەلتۈرەلمىسە ئۇدۇل كەلـگەن تەرەپـكە قـاراپ، رۇكـۇ ۋە سـەجدىنى ئادەتتىكىدەك قىلالمىسا ئىشارەت بىلەن قىلىپ ئوقۇش كېرەك.

---

① 2- سۈرە بەقەرە، 286- ئايەت.

② 64- سۈرە تەغابۇن، 16- ئايەت.

## تەسبىھ نامىزى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

سوئال: دىنىمىزدا تەسبىھ نامىزى دەپ بىر ناماز بارمۇ؟ بولسا ئۇ نامازنى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: تەسبىھ نامىزى ئوقۇش توغرىلىق ھەدىسلەر بار. لېكىن بۇ ھەدىسلەر ھەققىدە ھەدىس ئالىملىرى ئۈچكە بۆلۈندۇ: «سەھىھ» دېگەنلەر، «زەئىپ» دېگەنلەر ۋە «ئويدۇرما» دېگەنلەر. بۇلاردىن «زەئىپ» دېگەنلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ دەلىللىرى باشقىلىرىنىڭ دەلىللىرىدىن كۈچلۈكتۇر. مەسىلەن:

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (ر.ھ) تەسبىھ نامىزى ۋە رىۋايەتلىرى ھەققىدە «بۇلارنى ياقتۇرمايمەن» دەيدۇ، سەۋەبىنى سورىغانلارغا «چۈنكى بۇ توغرىدا سەھىھ بىر نەرسە يوق» دېگەن ۋە بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرنى رەت قىلغان[1].

يەنە ھەدىس ئالىملىرىدىن ئەجلۇنىي، ئۇقەيل، مالىكىي ئالىملاردىن ئەبۇ بەكر ئىبنۇل ئەرەبى تەسبىھ نامىزى ھەققىدە بىرمۇ سەھىھ ھەدىس يوق دەپ ئېيتىدۇ[2].

---

① مۇۋەپپەقۇددىن ئەبى مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد، ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسى، شەمسۇددىن ئەبۇلفەرەج ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبى ئۆمەر مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد، ئەلمۇغنى ۋە شەرھۇلكەبىر ئەلا مەتنىل مۇقنىئ، دارۇلفىكر، بېيرۇت، 1984، 1-جىلد، 778- بەت.

② ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەجلۇنىي، كەشفۇلخەفا، 3- باسمىسى، بېيرۇت، 1988، 2- جىلد، 421- بەت، خاتىمە بۆلۈمى، بابۇ سالاتىتتەسبىھ؛ موللا مۇناۋى، فەيزۇلقەدىر شەرھۇ جامىئىسسەغىر، دارۇلمەرىفە، بېيرۇت، 1972، 6- جىلد، 263- بەت، 8952- ھەدىس.

تىرمىزي[1]، ئىبنۇل جەۋزى[2]، ئىبنى تەيمىيە[3] (ر.ھ)لەرمۇ تەسبىھ نامىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسنى زەئىپ دەپ قارايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇفتىسى شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى باز (ر.ھ) باشچىلىقىدىكى ئىلمىي تەتقىقات، دىنى پەتىۋا ۋە تەشۋىقات كومىتېتى تەسبىھ نامىزى ھەدىسىنى «مۇنكەر ھەدىس، بەزى ئالىملار ئۇ ھەدىسنى ئويدۇرما ھەدىسلەر قاتارىدا زىكىر قىلغان» دەپ تەسبىھ نامىزى ئوقۇشنىڭ بىدئەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[4].

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا تەسبىھ نامىزى ئوقۇش بىدئەتتۇر. چۈنكى ئۇ ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك «ھەدىس»لەر بىرىنچىدىن سەنەد (ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى ئاساس) ئېتىبارى بىلەن زەئىپتۇر، ھەتتا ئويدۇرمىدۇر، ئىككىنچىدىن مەزمۇن جەھەتتە قۇرئان كەرىمگە ۋە سەھىھ ھەدىسلەرگە خىلاپتۇر.

قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىسلەردە ئىنساننىڭ ھاياتى بويىچە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى، بۇ ئىشنىڭ مەلۇم بىر شەكىلدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ قويۇش بىلەن «ھەل» بولمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

① تىرمىزى، سۈنەن، ئەبۋابۇل ۋىتر، بابۇ ماجائە فى سالاتىتتەسبىھ.
② ئەجلۇنى، مەزۇئات 146/2، سالات.
③ ئىبنى تەيمىيە، مەجمۇئۇل فەتاۋا، 344/5. بابۇ سالاتىت تەتەۋۋۇئى،
④ ھەيئەتى كىبارىل ئۇلەما، فەتاۋا 1 ـ جىلد، 197ـ بەت.

ئەگەر مەلۇم شەكىلدە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ قويۇش بىلەن پۈتكۈل گۇناھلار مەغپىرەت بولۇپ كېتىدىغان، ھەتتا «گۇناھى باياۋاندىكى قۇملارنىڭ سانىچىلىك بولسىمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ»غان ئىش بولسا، قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتكۈل ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭچۇ؟

## ھامىلدار ئايال قانداق ناماز ئوقۇيدۇ؟

سوئال: مەن بەش ئايلىق ھامىلدار بىر ئايالمەن. ئۈچ ياشلىق بىر ئوغلۇم بار. بەش ۋاخ نامىزىمنى ئۆز ۋاقتىدا كامىل ئوقۇشقا غەيرەت قىلىۋاتىمەن. ئەمما بارغانسېرى بۇ ئىبادەت مەن ئۈچۈن قىيىنلىششقا باشلىدى. ئولتۇرۇپ ئوقۇيمەن، لېكىن ۋىجدانىم كۆتۈرمەيۋاتىدۇ. بۇ توغرىدا بىر ئاسانلىق بارمۇ؟

جاۋاب: ئىسلام دىنىدا ھېچكىم تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشنى قىلىشقا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**لاَ يُكَلِّفُ اللّهُ نَفْساً إِلاَّ وُسْعَهَا**﴾

﴿ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ﴾[1].

﴿**فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ**﴾

---

[1] 2- سۈرە بەقەرە، 286- ئايەت.

﴿ئاللاھقا كۆچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن كېسەل ئادەممەن، نامازنى قانداق ئوقۇيمەن؟ دەپ سورىغان بىر ساھابىسىگە: «نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن، بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ يېتىپ ئوقۇغىن» دەپ جاۋاب بەرگەن[2]. شۇنىڭ ئۈچۈن نامازلىرىڭىزنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشتا قىينىلىپ قالسىڭىز ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى سىز كۈچىڭىزنىڭ يەتكىنىدىن سورىلىسىز.

## نامازنى قەسر قىلىپ ئوقۇشنىڭ شەرتى بارمۇ؟

سوئال: سەپەر ئۈستىدە نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇش كاپىرلارنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقۇشىمىزغا باغلىقمۇ؟ ئوچۇقراق ئېيتسام كۈنىمىزدىكى سەپەرلەردە نامازلىرىمىزنى تولۇق ئوقۇشىمىز كېرەكمۇ؟

جاۋاب: سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەتلىك ناماز قەسىر قىلىپ ئوقۇلغان ناماز ئەمەس، تولۇق ئوقۇلغان نامازدۇر. قەسىر قىلىپ ئوقۇلغان ناماز بولسا، سەپەر ئۈستىدە دۈشمەننىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورققان مۇسۇلمانلار قەسىر قىلىپ (ئىككى رەكئەتتىن بىر رەكئەتكە قىسقارتىپ) ئوقۇغان بىر رەكئەت نامازدۇر.

---

① 64- سۈرە تەغابۇن، 16- ئايەت.

② بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە 1112؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 952؛ تىرمىزى، سۈنەن، ئەبۋابۇسسالات 372؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالاتى ۋەسسۈننەتى فىيها 139، 1223.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي الْأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَقْصُرُوا مِنَ الصَّلَاةِ إِنْ خِفْتُمْ أَنْ يَفْتِنَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا إِنَّ الْكَافِرِينَ كَانُوا لَكُمْ عَدُوًّا مُبِينًا ﴿١٠١﴾﴾

﴿ئى مۆئمىنلار! سەپەرگە چىققان چېغىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقساڭلار، نامازنى قىسقارتىشىڭلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوق. شۈبھىسىزكى، كاپىرلار سىلەرگە ئوچۇق-ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾.[1]

بۇ ئايەتلەردىكى «ناماز» دەپ تەرجىمە قىلىنغان كەلىمە ئەسسەلات «**الصَّلَاة**» بولۇپ، بۇ كەلىمە بېشىدىكى «ئەلىف، لام» بىلەن ئېنىق ئىسىم بولۇپ، مۆئمىنلار تەرىپىدىن بىلىنگەن نامازنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئادەتتە سەپەر ئۈستىدە ئوقۇلىدىغان ناماز ئىككى رەكئەت، بۇنى بىلىسىلەر. سەپەردە كاپىرلارنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقساڭلار ئۇنى قەسىر قىلىپ (قىسقارتىپ) ئوقۇساڭلار بولىدۇ.

بۇ ئايەت سەپەر ئۈستىدە بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ «سەپەر ئۈستىدە بولۇش»لىرىغا «كاپىرلارنىڭ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن قورقۇش»لىرى قوشۇلسا، سەپەر ئۈستىدە ئوقۇپ كەلگەن ئىككى رەكئەت نامازلىرىنى قىسقارتىپ بىر رەكئەت قىلىپ ئوقۇشلىرىغا رۇخسەت بېرىشتىن ئىبارەت يېڭى ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەرمۇ تەكىتلەيدۇ:

---

[1] 4- سۈرە نىسا، 101 ـ ئايەت.

1- ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا مۇنــداق دەيــدۇ: «نامــاز مۇقىملىقتــا ۋە ســەپەردە ئىككــى رەكــئەت ، ئىككــى رەكــئەت پەرز قىلىنــدى. كېيىــن مــۇقىملىقتىكى نامازغــا ئىككــى رەكــئەت زىيــادە قىلىندى، سەپەردىكى ناماز ئۆز پېتى قويۇلدى»[1].

2- ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــاللاھ نامــازنى پەيغەمبىرىڭلارنىــڭ تىلــى ئــارقىلىق مۇقىملىقتــا تۆت رەكئەت ، سەپەردە ئىككــى رەكــئەت ، قورقۇنچتــا بىــر رەكــئەت قىلىپ پەرز قىلدى»[2].

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككــى: «سۈرە نىسانىــڭ 101- ئــايىتىگە قــاراپلا ئــاللاھ تائــالا نامــازنى قەســر قىلىــپ ئوقۇشنى كاپىرلارنىڭ زىيــان-زەخــمەت يەتكۈزۈشــىدىن قورقۇشــقا بــاغلىق قىلغــان، هــازىر ئۇنــداق قورقــۇنچ يــوق، شــۇڭا ســەپەردە نامــازلارنى قەســر قىلمــاي تولــۇق ئوقــۇش لازىــم» دېــگەن كــۆز قــاراش تــوغرا ئەمەس. چــۈنكى 101- ئايەتنىــڭ ئىجــرا قىلىــنىش شەكلىنى 102- ئايەت ئوتتۇرىغا قويىــدۇ. ئىككــى ئــايەت بىــرلىكتە چۈشىنىلسە مۇنداق هۆكۈم چىقىدۇ:

ســەپەر ئۈســتىدە نامازشــامدىن باشــقا نامــازلار ئىككــى رەكئەتلىكتــۇر. ئەگەر ســەپەر ئۈســتىدە دۈشــمەننىڭ زىيــان يەتكۈزۈشــىدىن قورقــۇش مەۋجــۇت بولســا، ئــۇ ئىككــى رەكــئەت نامازنى قىسقارتىپ بىر رەكئەت ئوقۇشقا بولىدۇ.

---

① بۇخارى، سەھىھ، سالات 350؛ مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىينە ۋە قەسرىها 1 - (685)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1198؛ نەسەئى، سۈنەن، سالات 454، 455.

② مۇســلىم، ســەھىھ، سالاتۇلمۇســافىرىينە ۋە قەســرىها 5 - (687)؛ ئەبــۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1247؛ نەسەئى، سۈنەن، سالات 456، تەفسىيرۇسسالاتى فىسسەفەرى 1442، سالاتۇل خەۋف 1532.

ئـايەتتە بۇنـىڭ گۇنـاھ ئەمەسـلىكى بايـان قىلىنغـانلىقى ئۈچۈن پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام سـەپەردە ئوقۇلـىدىغان ئىككـى رەكئەتنـى قىسـقارتماي تولۇق ئىككـى رەكـئەت ، ئىككـى پـىرقىغە ئايرىلغـان مۇسـۇلمانلارنىڭ ھەر پىرقىسـى ئـۇ ئىككـى رەكئەتنـى قىسـقارتىپ بىـر رەكئەتـتىن ئوقۇغـان. دېـمەك، نىسا سۈرىسـىنىڭ 102- ئـايىتى 101- ئـايەتتىكى ھۆكۈمنىـڭ ئىجـرا قىلىـنىش شەكلىنى بايان قىلىنىدۇ.

## قانداق ئىمامغا ئىقتىدا قىلغىلى بولىدۇ؟

سوئال: زادى قانداق ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ كەينىـدە نامـاز ئوقۇشقا بولىدۇ؟

جـاۋاب: سـىز ئوقۇمـاقچى بولغـان نامـازنى ئوقۇيـدىغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، كەينىدە نامـاز ئوقۇسـىڭىز بولىـدۇ. چۈنكى ھەر كىشى ئۆزىنىڭ نامىزىنى ئۆزى ئوقۇيدۇ.

سىز نامازنىـڭ شـەرتلىرىنى تولـۇق ھازىرلىغانـدىن سـىرت، نىيىتىڭىزنـــى خـــالىس قىلغـــان ھالـــدا ئوقۇمـــاقچى بولغـــان نـامىزىڭىزنى، شـۇ نامـازنى ئوقۇمـاقچى بولغـان كىشـىگە ئىقتىـدا قىلىـپ ئوقۇسـىڭىز، ئىمـام بولغـان كىشـىنىڭ بىـر كەمچىلىكـى تۈپەيلىـدىن نـامىزى نامـاز بولمىسـا، سـىزنىڭ نامىزىڭىزغـا ھـېچ دەخلى يەتمەيدۇ. مەسىلەن:

بىر ئىمام تاھارىتى يوقلۇقى ئېسىدە يـوق بىـر نامازغـا ئىمـام بولغـان بولسـا، تاھارىتىنىـڭ يوقلـۇقى سـالام بەرگەنـدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن بولسـا، بـۇ ئىمـام تاھـارەت ئېلىـپ نـامىزىنى قايتـا ئوقۇيدۇ، لېكىن جامائەت نامىزىنى قايتا ئوقۇمايدۇ. بـۇ، ئىمامنىـڭ

نامىزىنىڭ ئايرىم، جامائەتنىڭ نامىزىنىڭ ئايرىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدەك، نامازنىڭ مەلۇم بىرىگە كەلگەندە ئىمامنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كېتىپ قالسا، ئىمام ئارقىسىدىكى كىشىلەردىن بىرىنى ئورنىغا ئىماملىققا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇ كىشى ئىمام بولۇپ نامازنى كەلگەن يەردىن داۋاملاشتۇرىدۇ. بىرىنچى ئىمام تاھارەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئىككىنچى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ نامىزىنى كەلگەن يەردىن ئوقۇيدۇ. نامازنىڭ ئارىلىقتىكى ئوقۇلۇپ بولغان قىسمىنى سالامدىن كېيىن ئوقۇۋالىدۇ.

نامازدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش دېمەك، نامازنى ئىمام بولغان كىشىگە ئەگىشىپ ئوقۇش دېگەن بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھەممە ئىشنى ئىمامغا يۈكلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىكار تۇرۇش دېگەن بولمايدۇ.

شۇڭا ئىمام قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلسا، ئارقىسىدىكىلەر ئاڭلايدۇ، ئايرىم قىرائەت قىلمايدۇ. ئىمام قىرائەتنى ئىچىدە قىلسا جامائەتمۇ ئىچىدە قىرائەت قىلىدۇ ۋە ھەر ئىككى ئەھۋالدا نامازدا ئىچىدە ئوقۇلىدىغان پۈتكۈل زىكىر-دۇئالارنى جامائەتمۇ ئىچىدە ئوقۇيدۇ.

ئىسلام كۆرۈنۈشكە قاراپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئېتىراپ قىلىۋاتقان، شۇنداقلا ناماز ئوقۇۋاتقان بىر مۇسۇلماننى ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق باھانە بىلەن «كاپىر» دېيىش ھەققى ۋە ھوقۇقى يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىم بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇسا، بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرسە ۋە بىز بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن يېسە، ئۇ كىشى مۇسۇلماندۇر...»[1].

## مەن مۇساپىرمۇ؟

سوئال: مېنىڭ مۇقىم تۇرۇۋاتقان ئورنۇم يۇرتۇمدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتا. بەزىدە ئايدا بىر قېتىم، بەزىدە ھەپتىدە بىر قېتىم قايتىپ، ئاتا-ئانامنى يوقلايمەن. قانچىلىك يىراق سەپەرگە چىققاندا نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇلىدۇ؟

جاۋاب: قۇرئان كەرىمدە سەپەرنىڭ مۇساپىسى توغرىلىق بەلگىلىمە يوق. بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەر پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

شۇئبە يەھيا ئىبنى يەزىد ئەلھۇنائىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نامازنى قەسىر قىلىش توغرىلىق سورىغان ئىدىم. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ مىل ياكى ئۈچ فەرسەخ كېلىدىغان بىر مۇساپىگە سەپەرگە چىقسا نامازنى قەسىر قىلىپ، تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇيتتى. شۇئبە يەھيانىڭ بۇ ئىككىنىڭ (ئۈچ مىل ياكى ئۈچ فەرسەخنىڭ) قايسىسىنى دېگەنلىكىنى ئېنىق ئەسلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق «ئۈچ مىل ياكى ئۈچ فەرسەخ» دەيدۇ. بولمىسا

[1] بۇخارى، سەھىھ، سالات 391، 393؛ نەسەئى، سۇنەن، تەھرىمۇددەم 3968، ئەلئىمان ۋە شەرائىئۇھۇ 4997.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى مۇساپىنىڭ بىرىگە چىقسا نامازنى قەسر قىلىپ ئوقۇيدىغانلىقى ئېنىق[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ مىل كېلىدىغان بىر مۇساپىگە چىققانلىقىنى ئاساس قىلساق، ئۈچ مىل بەش كىلومېتىر بىلەن بەش يېرىم كىلومېتىر ئارىسىدا بىر مۇساپىدۇر. چۈنكى مىل جايلارغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر مىل بەزى جايلاردا 1609 مېتىرغا تەڭ كەلسە، بەزى جايلاردا 1848 مېتىرغا تەڭ كېلىدۇ. بۇنى ئۈچكە كۆپەيتسەك ئۈچ مىلنىڭ يۇقىرىدىكى «بەش كىلومېتىر بىلەن بەش يېرىم كىلومېتىر ئارىسىدا بىر مۇساپە» ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ فەرسەخ كېلىدىغان مۇساپىگە چىققانلىقىنى ئاساس قىلساق، ئۈچ فەرسەخ ئون بەش كىلومېتىر بىلەن ئون ئالتە يېرىم كىلومېتىر ئارىسىدا بىر مۇساپىدۇر. چۈنكى بىر فەرسەخ ئۈچ مىلغا تەڭ كېلىدۇ. ئۈچ مىل بەش كىلومېتىر بىلەن بەش يېرىم كىلومېتىر ئارىسىدا بىر مۇساپە بولسا، بۇنى ئۈچكە كۆپەيتسەك، ئۈچ فەرسەخنىڭ «ئون بەش كىلومېتىر بىلەن ئون ئالتە يېرىم كىلومېتىر ئارىسىدا بىر مۇساپە» ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇكتا 20 كۈن تۇرغانلىقى ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە نامازنى قەسر قىلىپ ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[1].

---

① مۇسلىم، سەھىھ، سالاتۇلمۇسافىرىنە ۋەقەسرىھا 12 - (691)؛ ئەبۇ داۋۇد، سۇنەن، سالات 1201. ھافىز ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى فەتھۇلبارى ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەدىسنى مۇشۇ توغرىدىكى ئەڭ سەھىھ ھەدىس دەپ يازىدۇ.- (فەتھۇلبارى 2، 567).

ئۆمەر ۋە ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۈچ مىل كېلىدىغان مۇساپىگە سەپەرگە چىقسا نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[②].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مەككە فەتھى بولغان يىلى مەككىدە 15 كۈن تۇرغان ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغان[③].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شامدا ئىككى ئاي تۇرغانلىقى ۋە بۇ زامان ئىچىدە نامىزنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغانلىقى، بەزى ساھابىلەرنىڭ ئەزەربەيجاندا ئالتە ئاي قالغانلىقى ۋە بۇ زامان ئىچىدە نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[④].

يۇقىرىدا ئۈچ مىل كېلىدىغان بىر مۇساپىگە چىقسا، نامىزنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ 16 فەرسەخ كېلىدىغان بىر مۇساپىگە چىقسا نامازنى قەسىر ئوقۇيدىغانلىقى ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتمايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ[⑤].

يىغىپ ئېيتقاندا قۇرئان كەرىمدە ناماز قەسىر قىلىپ ئوقۇلىدىغان سەپەرنىڭ مۇساپىسى توغرىلىق بىر بەلگىلىمە يوق. بۇ توغرىدىكى ئەڭ سەھىھ ھەدىس، رەسۇلۇللاھ ئۈچ مىل ياكى

---

① ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن، سالات 1235.

② ئەلبانىي، ئىرۋائۇلغەلىل 18/2؛ ئەسسىلسىلەتۇسسەھىھەتۇ 310/1.

③ ئەبۇداۋۇد، سۈنەن، سالات 1231؛ ئىبنى ماجە، سۈنەن، ئىقامەتۇسسالاتى ۋەسسۈننەتى فىيھا 76، 1076.

④ ئىبنۇلمۇلەققىن، شەرھۇلبۇخارى 432/8.

⑤ بۇخارى، سەھىھ، جۇمۇئە، بابۇن فىي كەم يەقسۇرۇسسالاتە.

ئۈچ فەرسەخ كېلىدىغان بىر مۇساپىگە سەپەرگە چىقسا نامازنى قەسىر قىلىپ تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇيدىغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەدىستۇر.

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە بىر بەلگىلىمە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغىنى بەلگىلىمە ماھىيىتىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلەرنىڭ بۇ توغرىدىكى تەتبىقاتى پەرقلىقتۇر. بۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق مەزھەپ ئالىملىرى سەپەر مۇساپىسىنى تۆگە مېڭىشىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈزلۈك يول دەپ بەلگىلەيدۇ. بەزى ئالىملار بۇ مۇساپىنى 85 كىلومېتىر دېسە، بەزىلىرى 88، بەزىلىرى 90، بەزىلىرى 96 كىلومېتىر دەپ بەلگىلەيدۇ. ئۇلار بۇ بەلگىلەشتە نە ئايەتكە، نە ھەدىسكە ئاساسلانمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئېنىق بەلگىلىمە قويۇلمىغان بىر مەسىلىدە بەلگىلىمە قويۇش، ئاللاھنىڭ كەڭ يولىنى تارلاشتۇرغانلىق بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار مەزھەپكە ئەمەس قۇرئانغا بويسۇنۇشقا، مەزھەپ ئالىملىرىغا ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن مەسىلىنى بىۋاستە قۇرئان-ھەدىستىن چۈشىنىشى، شۇنداقلا ئەمەل قىلىشى كېرەك.

ناماز قەسىر قىلىنىپ ئوقۇلىدىغان سەپەر مۇساپىسى ۋە بىر جايدا قانچە كۈن تۇرسا مۇساپىر ھېسابلىنىپ، قانچە كۈن تۇرسا مۇساپىر ھېسابلانماسلىقى، ئۆرپ-ئادەتكە قويۇلغان. يەنى ئادەتتە بىر كىشى قانچىلىق يىراقلىقتىكى يەرگە بارماقچى بولۇپ يولغا چىقسا مۇساپىر ھېسابلىنىدۇ، قانچىلىك يولغا چىقسا مۇساپىر ھېسابلانمايدۇ، بىر جايدا قانچىلىك تۇرسا مۇساپىرلىقى

داۋام قىلىدۇ، قانچىلىك تۇرسا مۇساپىرلىقى مۇقىملىققا ئۆزگىرىدۇ؟ بۇنى شۇ كىشى ياشاۋاتقان جاينىڭ ئادىتى بەلگىلەيدۇ. كۆنىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، بىر كىشى ھازىرقى قاتناش ۋاستىلىرىدىن بىرى بىلەن بەش كىلومېتىرلىق يولنى بىرقانچە مىنۇتتا مېڭىپ بولىدۇ ۋە ھەرگىزمۇ سەپەرگە چىقتىم دەپ ئويلىمايدۇ. ھەتتا كۆنىمىزدە بەزى چوڭ شەھەرلەردە سائەتتە 150~200 كىلومېتىر يول ماڭىدىغان شەھەر پويىزلىرى بار. ئىنسانلار ئەتىگىنى ئۇ پويىزلارغا ئولتۇرۇپ 40، 50 ھەتتا 100، 150 كىلومېتىرلىق يىراقلىقتىكى فابرىكىغا بېرىپ ئىشلەپ، ئاخشىمى ئىشتىن چۈشۈپ بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆيىگە كېلىپ بولىدۇ. بۇ ئىشچىلار ئەتىگىنى بولسۇن، ئاخشىمى بولسۇن سەپەرگە چىقتۇق دەپ ئويلاشمايدۇ. بۇ، ئۇ شەھەرنىڭ ئادىتىدىمۇ يولۇچىلىق (سەپەر) ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مۇسۇلمان، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇش كېرەك بولغان سەپەرنىڭ قانچىلىق يىراقلىقتا بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى ۋە بىر جايدا قانچىلىك تۇرسا مۇساپىرلىقى مۇقىملىققا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزى ياشاۋاتقان رايوننىڭ ئادىتىگە قاراپ بەلگىلىۋالسا بولىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

مەن بۇ كىتابنىڭ ھەر ماۋزۇسىدا مۇناسىۋەتلىك ئايەت-ھەدىسلەرنى بىر پۈتۈن ھالدا دەلىل قىلىشتا كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم. لېكىن بۇ كىتابتا بىر قىسىم خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر. چۈنكى ھازىرغىچە ناماز ئىبادىتى قۇرئان-سۈننەت پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا يېزىلغان بىر كىتاب بولمىغانلىقى، بار بولسىمۇ مەن ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەر مەسىلىنى يېزىشتا ئىشنى باشتىن باشلاشقا توغرا كەلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب بۇ توغرىدا تېخىمۇ ئەتراپلىق بىر تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولغانلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئېلىپ بېرىلغان چوڭقۇر تەتقىقاتلار سايىسىدا يۇقىرىدا چالا قالغان مەسىلىلەر تولۇقلىنىدۇ، خاتا كەتكەن يەرلىرىم بولسا تۈزىتىلىدۇ. نەتىجىدە دىنىمىزنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرىدىن بىرى بولغان ناماز قۇرئان-سۈننەت نۇرى ئاستىدا ناھايىتى ئەتراپلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاخىرقى سۆزىمىز شۇدۇر: ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن.

تىرىشچانلىق بەندىدىن، مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇر.

## پايدىلانغان كىتابلار

1. قۇرئان كەرىم

2. ئەنەس ئالىم، قۇرئان كەرىم ئىزاھلىق تەرجىمىسى، 2017- يىلى، 1- نەشرى، 1- باسمىسى.

3. يەھيا شەنول-ئەنەس ئالىم، ئو نامـاز (تۈركچە)، 2016- يىلى، 3- باسمىسى.

4. مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى، ئەلمۇئجەمۇل مۇفەھرەس لىئەلفازىل قۇرئانىل كەرىم، ئىستانبۇل، 1982.

5. ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئەلئەجلۇنى، كەشفۇلخەفا، 3- باسمىسى، بېيرۇت، 1988.

6. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، دارۇلفكر.

7. تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى.

8. ئەبۇ بەكر ئەھمەد ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئەلبەيھەقى، كىتابۇس سۇنەنىل كۇبرا، دارۇلمەرىفە، بېيرۇت، 1992.

9. ئۆمەر ناسۇھى بىلمەن، بۈيۈك ئىسلام ئىلمىھالى، ئىستانبۇل، 1986؛ ھوقۇقى ئىسلامىييە ۋە ئىستىلاھاتى فىقھىييە قامۇسى، 1967.

10. ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلبۇخارى، ئەلجامىئۇسسەھىھ، ئەلمەكتەبەتۇس سەلەفىييە، قاھىرە، 1980.

11. ئیبراهیم جانان، هەدیس ئینسکلوپیدیەسی کووتووبی سیتتە، ئاقچاغ، ئیستانبوول.

12. ئەبوولبەرەکات ئەهمەد ئیبنی موهەممەد ئیبنی ئەهمەد، ئەششەرهوسسەغیر ئەلا ئەقرەبیل مەسالیك ئیلا مەزهەبیل ئیمام مالیك، دارولمەریفە، بیرووت.

13. سوولەیمان ئیبنی ئەشئەس سیجستانی، سوونەنوو ئەبی داوود، مووئەسسەسەتوو کووتووبیس سیتتە، بیرووت، 1988.

14. ئیمامی ئەزەم ئەبوو هەنیفە ئیمامی ئەزەمینیڭ بەش ئەسەری، تەرجەمە: مووستەفا ئۆز، ئینفاق نەشریاتی، ئیستانبوول، 2008.

15. ئەبوو سوولەیمان هەمەد ئیبنی مووهەممەد ئەلخەتتابی، مەئالیمووس سوونەن (سوونەنی ئەبی داوود بیلەن بیرلیکتە)، تەخریج: ئیززەت ئوبەید ئەددەئئاس، ئادی ئەسسەیید، دارولهەدیس، هیمس، 1973.

16. ئەلی ئیبنی ئەبی بەکیر، مەجمەئووز زەوائید، دارول کووتووبیل ئیلمییە، بیرووت، 1988.

17. مووهەممەد ئەمین ئیبنی ئۆمەر ئیبنی ئابدیلئەزیز ئابیدین، هاشیەتوو رەددیل مووختار ئەلەددووررلمووختار، قەهرەمان نەشریاتی، ئیستانبوول، 1984.

18. ئەبوولهووسەین ئەهمەد ئیبنی فاریس ئیبنی زەکەرییا، مووئجەمول مەقاییس فیللووغە، تەهقیق: شیهابوددین ئەبوو ئەمر، دارولفیکر، بیرووت.

19. شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەجەر ئىبنى ئەھمەد ئەلئەسقەلانى، فەتھۇلبارى بىشەرھى سەھىھىل بۇخارى، تەئلىق: ئابدۇررەئۇف سەئد ۋە باشقىلار، مەكتەبەتۇل كۇللىياتىل ئەزھەرىيە، 1978.

20. ئەبۇلفىدا ئىمامۇددىن ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر، تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم، تەھقىق: سەييىد مۇھەممەد سەييىد، دارۇل ھەدىس، قاھىرە، 2005، 3- جىلد، 587- بەت.

21. ئىبنى قۇدامە، مۇۋەپپەقۇددىن ئەبى مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد، ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدىسى، شەمسۇددىن ئەبۇلفەرەج ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى ئۆمەر مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد، ئەلمۇغنى ۋە شەرھۇلكەبىر ئەلا مەتنىل مۇقنىئ، دارۇلفىكر، بېيرۇت، 1984.

22. مۇھەممەد ئىبنى مۇكەررەم ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇلئەرەب، دارۇ سەدر بېيرۇت 1990.

23. راغىب ئەل ئىسفەھانى: مۇفرەدات ئەلفازىل قۇرئان (سەفۋان ئەدنان داۋۇدىنىڭ تەھقىقى بىلەن)، دەمەشىق، بېيرۇت 1412/1992.

24. ئەلائۇددىن ئەبۇ بەكىر ئىبنى مەسئۇد ئەلكاسانىي، بەدائىئۇسسەنائىئ فىتەرتىبىششەرائىئ، دارۇلھەدىس، قاھىرە 2005.

25. مالىك ئىبنى ئەنەس، ئەلمۇۋەتتا، تەھقىق: مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى، دارۇلھەدىس.

26. ئەھمەد نەئىم، سەھىھ بۇخارى مۇختەسەرى تەجرىدى سەرىھ تەرجىمىسى، تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقانلىقى نەشرىياتى، 6- باسمىسى، ئەنقەرە، 1980.

27. موللا مۇناۋى، فەيزۇلقەدىر شەرھۇ جامىئىسسەغىر، دارۇلمەرىفە، بېيرۇت، 1972.

28. ئەبۇل ھۈسەيىن مۇسلىم ئىبنى ھەججاج ئەلقۇشەيرى ئەننەيسابۇرى، سەھىھۇل مۇسلىم. تەھقىق: مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى، دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، بېيرۇت، 1991.

29. ئەبۇ ئابدۇراھمان ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب ئەننەسەئى: ئەسسۈنەن، مەكتەبۇ تەھقىقىت تۇراسىل ئىسلامى، 2- باسمىسى، دارۇلمەرىفە، بېيرۇت، 1992.

30. ئەبۇ زەكەرىييا مۇھيىددىن يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋى، سەھىھۇ مۇسلىم بىشەرھىن نەۋەۋى، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت.

31. سەييىد سابىق، فىقھۇسسۈننە، 12- باسمىسى، 1996، قاھىرە-بېيرۇت.

32. خەلىل ئەھمەد ئەسسەھارەنفورى، بەزلۇلمەجھۇد فى ھەللى ئەبى داۋۇد، تەھقىق: مۇھەممەد زەكەرىييا ئىبنى يەھيا ئەلكاندەھلىۋى، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت.

33. سۇبهى ئەسسالىه، هەدىس ئىلىملىرى ۋە هەدىس ئىستىلاھلىرى، تەرجىمە، م. ياشار قاندىمىر، 4-باسمىسى، ئەنقەرە 1986.

34. مەهمۇد مۇھەممەد خەتتاب ئەسسۇبكىي، ئەلمەنهەلۇل ئەزبىل مەۋرۇد شەرھۇ سۇنەنى ئەبى داۋۇد، ئەلمەكتۇبەتۇل ئىسلامىييە، رىياد.

35. ئەبۇ داۋۇد سۇلەيمان ئىبنى ئەشئەس ئەسسىجىستانى ئەلئەزدى، سۇنەن.

36. ئەبۇ ئىيسا مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا ئەسسۇلەمى ئەتتىرمىزى، سۇنەن. تەھقىق: ئەهمەد مۇھەممەد شاكىر، دارۇلفىكر، بېيرۇت.

37. ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرى، جامىئۇل بەيان فى تەئۋىلىل قۇرئان، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىييە، بېيرۇت 1992/1412.

38. ئەبۇ جەئفەر ئەتتاھاۋى، شەرھۇ مەئانىلئاسار، تەھقىق: مۇھەممەد سەييىد جادۇلهەق، مۇھەممەد زۇھرى ئەننەججار، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىيە، 2-باسمىسى، بېيرۇت، 1987.

39. دوكتۇر ۋەهبەتۇز زۇھەيلى، ئەل فىقهۇل ئىسلامىي ۋە ئەدىللەتۇھۇ، دارۇلفىكر، 3- باسمىسى، دەمەشق، 1989.

40. ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئىبنى ماجە، سۇنەن.

41. ئەبۇ ئابدۇراهمان ئەهمەد ئىبنى شۇئەيب ئىبنى ئەلى ئەلخۇراسى، ئەننەسەئى، سۈنەن.

42. ئەلماللى مۇهەممەد هەمدى يازىر، هەق دىنى قۇرئان دىلى، مەتبەئەئىي ئەبۇززىيا، ئىستانبۇل، 1936.

مۇھەررىرى: مېھرىنىسا ئەنەس ئالىم

كوررېكتورى: لۇتفىيە ئەمىن

مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى: راسىم شاكىر ئوغلى

# قۇرئان-سۈننەتتە ناماز

## ئاپتورى: ئەنەس ئالىم

نەشر قىلغۇچى: سۈلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى

ئادرېسى: Süleymaniye, Hoca Gıyasettin Mah. Şifahane Sok. No:14 34134 Fatih / İstanbul

تېلېفون: 02125130093، فاكس: 02125112169.

ئېلخەت ئادرېسى: info@suleymaniyevakfi.com

تور ئادرېسى: www.musulmanlar.com ، www.suleymaniyevakfi.com

نەشرى: 2018- يىلى، 04- ئاي، 1- نەشرى.

باسمىسى: 2018- يىلى 04- ئاي، 1- بېسىلىشى.

نەشر نومۇرى: 60

باسقۇچى: ماتىسىز باسما زاۋۇتى (Matsiz Matbaa Sistemleri)

Tevfikbey Mahallesi. Dr. Ali Demir Caddesi. NO: 51 34290 Sefaköy/İstanbul. Tel: 0212 6242111

ساتقۇچى: سۈلەيمانىيە ۋەقفى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-975-2423-17-6

بۇ ئەسەرنىڭ نەشر ھوقۇقى سۈلەيمانىيە ۋەقفى نەشرىياتىغا ئائىتتۇر. نەشرىياتنىڭ رۇخسىتىسىز بېسىپ تارقىتىشقا بولمايدۇ.

Yayın No: 60
Süleymaniye Vakfı Yayınları

# KUR'ÂN SÜNNETTE NAMAZ

**Enes Alimoğlu**

**Tasarım:** Rasim Şakiroğlu

**Birinci Baskı:** Nisan, 2018

**ISBN:** 978-975-2423-17-6

**SÜLEYMANİYE VAKFI YAYINLARI**
Süleymaniye, Hoca Gıyaseddin Mh.
Şifahane Cd. No: 14 / 34134 Fatih / İstanbul
**Tel:** 0 (212) 513 00 93 • **Fax:** 0 (212) 511 21 69
Yayıncı Sertifika No: 12628
www.suleymaniyevakfi.com
info@suleymaniyevakfi.com

**Baskı ve Cilt:**
Matsis Matbaa Sistemleri
Tevfikbey Mahallesi Dr. Ali Demir Caddesi No: 51
34290 Sefaköy/İstanbul Tel: 0 (212) 624 21 11

**Genel Dağıtım:**
Süleymaniye Vakfı Yayınları
Tel: 0 (212) 513 00 93 Fax: 0 (212) 511 21 69
www.suleymaniyevakfi.com
info@suleymaniyevakfi.com

**Copyright© Süleymaniye Vakfı Yayınları 2018**
*Bu eserin tüm hakları Süleymaniye Vakfı Yayınları'na aittir.*
*Yayıncının izni olmaksızın tümüyle veya kısmen yayınlanamaz,*
*kısmen de olsa fotokopi, film vb. tekniklerle*
*çoğaltılamaz ve elektronik ortamlarda yayınlanamaz.*

﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِنَ اللَّيْلِ إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ذَلِكَ ذِكْرَى لِلذَّاكِرِينَ﴾

«نامازنى كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى يوقىتىدۇ. بۇ نەسىھەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئەسلىتىشتۇر». 11- سۈرە ھۇد، 114- ئايەت.

9 789752 423176 >
www.suleymaniyevakfi.com

THG
0259677
LCG

Süleymaniye Vakfı
YAYINLARI